# پەرھات تۇرسۇن ئەسەرلىرى



شەرقىي تۈركىستان ھۆررىيەت نەشرىياتى

# جىنسىيەت، روھىي ساغلاملىق ۋە مەدەنىيەت

## مۇقەددىمە

نۆۋەتتە دۇنيادا كېسەللىكلەر شىددەت بىلەن يامراپ ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىغا قورقۇنچلۇق سايە تاشلاپ تۇرماقتا. ئەيدىز كېسىلى بىر نەچچە يىللار ئىلگىرى بىز ئاندا - ساندا گېزىت - ژورناللاردىن ئاڭلاپ قالىدىغان، خۇددى قورقۇنچلۇق رىۋايەتتەك ئاڭلىغاندا كىشىنى قورقۇنچقا سالىدىغان، بىراق ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن دەرھاللا ئۇنتۇلۇپ كېتىلىدىغان، بىزدىن ناھايىتى يىراق بىلىنىدىغان خەۋەرلەر ئىدى. ئاشۇ چاغلاردا بىز ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارغىمۇ تارقىلىپ، بىر نەچچە يىلدىن كېيىنلا ئۇيغۇر جەمىيىتىدىكى قورقۇنچلۇق بىر ئاپەتكە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغانىدۇق. مانا بۈگۈنكى كۈندە ئۇ بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدىكى رىياللىققا ئايلىنىپ قالدى. ئۆزىنىڭ گۈزەللىكى بىلەن باشقىلارنى ھەيران قالدۇرغان ئۇيغۇر قىزلىرىنى باشقىلار ئېچىشقا تېگىشلىك غايەت زور بايلىق ئىكەن دەپ بايقاپ ئۇلارنى زور مەبلەغ ئاجرىتىپ ئېچىۋاتقاندا ئاشۇ ئۇيغۇر قىزلىرى بۇنى ئۆزلىرىگە كەلگەن زور ئامەت بىلىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئۆزىنى ئاتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇلار قورقۇنچلۇق داۋاسىز ۋابا كېسىلىگە ئۆزىنى ئېتىۋاتىدۇ. پۈتۈن ئىنسانىيەت بۇ قورقۇنچلۇق ۋابانىڭ ئالدىدا قاتتىق ۋەھىمىگە چۆمۈپ، ئىنسانىيەتنىڭ بۇزۇقچىلىقى ۋە روھىي خارابچىلىققا تەڭرىنىڭ بەرگەن ئاشۇ گۇمران قىلىش خاراكتېرلىك جازاسىدىن نالە - پەريات قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە سىز نەنمىنىدىن دۇڭ كۆۋرۈككىچە گۇگۇم چۈشكەن چاغلاردا پىيادە مېڭىپ بېقىڭ، يول بويىدا يولدىن ئۆتكەنلەرگە كىشىنى يىرگەندۈرىدىغان مەينەت نەزەر بىلەن قارىشىپ تۇرغان توپ - توپ ئۇيغۇر قىزلىرى ۋە ئاياللىرىغا قاراپ بېقىڭ. ئۇلار نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ ئۇلار

قىلىدىغان ئىش يوق بىكارچىلىقتا يول بويىغا چىقىۋېلىپ ئۆتكەن ـ كەچكەنلەرنى تاماشا قىلىۋاتامدۇ؟ ھەر قايسى ئىدارىلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان، كوچىلاردا تىجارەت قىلىۋاتقان، ئېتىزلاردا ئەمگەك قىلىۋاتقان ئۇيغۇر ياشلىرى ئۆمرىدە زادىلا قەدەم باسالمايدىغان ئاشۇ ئالىي رېستورانلاردا غۇۋا چىراق يورۇقىدا تاماكىسىنى يانتۇ چىشلەپ، رېستورانغا كىرگەن، چېھرى بەختىيار كۈلكىلەر بىلەن تولغان مېھمانلارغا مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرغان ھەددى ھېسابسىز ئۇيغۇر قىزلىرى زادى نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ ئۇيغۇر يىگىتلىرىچۇ؟ سىز ئەگەر بىر ئېپپەتلىك قىز بولسىڭىز ياكى ئايال بولسىڭىز دۆڭكۆۋرۈكتىن ياكى سەنشىخاڭزىدىن گۇگۇم چۈشكەندە زادى پىيادە ئۆتمەڭ. پىيادە ئۆتسىڭىزمۇ ئالدى ـ كەينىڭىزگە قاراپ ماڭىڭ. بولمىسا بىراۋ سىزگە گەپ قىلماي قالمايدۇ. ئۇيغۇر قىزلىرى ئۆزىنىڭ ئەمدىلا سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن غايەت زور بايلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغاچقا، رېستورانلاردا ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ناھايىتى بايۋەچچە ياشاپ كۆنۈپ قېلىپ ياراتماسلىقى تۈپەيلىدىن يېشى خېلى بىر يەرگە بارغىچىمۇ توي قىلالماي يۈرگەن ئۇيغۇر يىگىتلىرى ئازمۇ؟ ئۇلار ئالدىڭىزنى توسۇپ ياكى كەينىڭىزدىن يېتىشىپ كېلىپ سىزگە گەپ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلسىڭىز سىزگە ھۆكۈرەپ ئېتىلىدۇ. (ھەممىسى بۆرە ئەۋلادى ئەمەسمۇ؟ بۇ ئۇلارغا ئۆزىنىڭ بۆرە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىشىدىكى تارىختىن بېرىقى بىردىنبىر پۇرسەت ـ ھەم ھاياجانلىق ھەم بىخەتەر) مانا ئاشۇنداق قىلىپ بىزنىڭ خەلقىمىز پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىغا تەھدىت بولۇۋاتقان، ئەسىر ئاخىرىدىكى ساقايماس ۋاباغا قانماس ئاچكۆزلۈك بىلەن ئۆزىنى ئېتىۋاتىدۇ.

جەمىيەتتە مەلۇم دەرىجىدە جىنايەت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى بولۇدۇ. ئاشۇ زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىلەر ئەگەر زەھەرلىك چېكىملىك بولمىغان بولسا باشقا جىنايەتلەرنى سادىر قىلغان بولاتتى، نەچچە يىللار ئىلگىرى زەھەرلىك چېكىملىك

چەككۈچىلەر كۆپىيىپ كەتكەندە كىشىلەر «مىللىتىمىز زەھەرلىك چېكىملىك بىلەن تۈگىشىدىغان بولدى» دەپ قاخشاپ كېتىشكەندى. بىراق ئەمدىچۇ؟ ئەمدى ئەيدىز كېسىلى شىددەت بىلەن تارقالغاندا مىللەتنىڭ كەلگۈسىدىن قايغۇرىدىغان ئاشۇ كىشىلەر نەگە كەتتى؟ ئۇلار نېمىشقا قايىنمايدۇ، نېمىشقا داۋراڭ سالمايدۇ؟! ئەلبەتتە بۇنىڭدا سەۋەب بار. بىز ئىككى خىل ئىجتىمائىي ئاپەتنى سېلىشتۇرۇپ باقسىلا بولىدۇ. سوتسىئولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا جەمئىيەتتىكى مەلۇم بىرخىل جىنايەت ئۆتكۈزۈش ھادىسىسىنى جىنايەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى مەلۇم ماددىي ئۇبيېكت ۋە جىنايەتچىنى ئازدۇرغان نەرسىدىن كۆرسەك بولمايدۇ. بۇ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى، قىممەت قارىشى ۋە كىشىلەرنىڭ مەنىۋى ساپاسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تولۇق مۇكەممەللىككە ئېرىشمىگۈچە جەمئىيەتتە جىنايەت ئۆتكۈزۈش ھادىسىسى تۈگىمەيدۇ. بۇ خىل ھادىسىلەر گاھ بىرخىل ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلىنىپ  چىقسا، گاھ يەنە بىرخىل ئۇسۇل بىلەن ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. ئاشۇ خىروئىن چەككۈچىلەر جەمئىيەتتىكى جىنايەت ئۆتكۈزگۈچىلەر توپى بولۇپ، ئەگەر خىروئىن بولمىغان بولسا ئۇلار باشقا جىنايەتلەرنى سادىر قىلغان بولاتتى. مېنىڭچە ئۇلارنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشىدىكى سەۋەب خىروئىننىڭ جەلپ قىلىش كۈچىدىنلا ئەمەس بەلكى ئۇلارنىڭ ئىنسانىي ساپاسىنىڭ تۆۋەنلىكى، ئەخلاق قارىشىنىڭ يوقلۇقى ۋە مەدەنىيەتسىزلىكىدىن. ئەگەر خىروئىن بولمىسىمۇ ئۇلاردىكى ناچار پىسخىكا، قالاقلىق، مەدەنىيەتسىزلىك ۋە ئەخلاق قارىشىنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى ئۇلارنى باشقا جىنايەتلەرگە باشلاۋەرگەن بولاتتى. مەيلى جىنايەتنىڭ مەنبەسى نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر زەھەرلىك چېكىملىك چەككەچىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاقىۋىتى ئۆزىنى ۋەيران قىلىشتىن ئىبارەت. ئۇ زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش ئېھتىياجى ئۈچۈن ئەتراپتىكى

كىشىلەرنىڭ مال ـ مۈلۈكىگە دەخلى ـ تەرۇز قىلىدۇ، جەمئىيەتتە مەلۇم دەرىجىدە ناچار تەسىر پەيدا قىلىدۇ، بىراق ئەڭ ئاخىرىقى ھالاكەت زەھەر چەككۈچىنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ. مانا بۇ زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش ئاپىتى بىلەن ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئوخشىمايدىغان تەرىپى. ئەيدىز كېسىلى تارقىلىشچانلىقى ئىگە. ئۇ پۈتكۈل جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. خىروئىن چېكىدىغانلار ئۆزىنىڭ قانداق ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ چېكىدۇ. بىراق ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلار ئۇنداق بولۇشى ناتايىن.

مەسىلەن: xx ئەر، 43 ياش، سودا قىلىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە كەلگەن تىجارىتى خېلى ياخشى بولۇپ، پۇل تاپقاندىن كېيىن ئۇيۇن ـ تاماشاغا قاتتىق بېرىلگەن. بىر نەچچە قېتىم رېستورانلارغا، قاۋاقخانىلارغا بېرىپ ئۆزىنى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋېيمىز دەۋالغان قىزلار بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ، ئۇلارنى ئۈرۈمچىدە ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ بىللە ياتقان. كېيىن ئائىلىسىگە قايتىپ بارغاندا ئېغىر زۇكام بولۇپ دوختۇرخانىغا كېسەل كۆرسەتكىلى كىرگەندە قان تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلىقى بايقالغان. ئۇنىڭ ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولۇشى ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئەخلاقسىزلىقى ۋە يىرگىنچلىك جىنايىتىنىڭ جازاسى. بىراق كىشىنى قاتتىق ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى ئۇنىڭ كۈندە بەش ۋاق ناماز ئوقۇيدىغان، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تىپىك ئەخلاق ئەنئەنىسىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ۋارىسلىق قىلغان، ئاقكۆڭۈل، ساددا، ئائىلە ۋە بالىسىدىن باشقىنى ئويلىمايدىغان بىچارە ئايالى xx نىڭمۇ ئەيدىز كېسىلىنى يۇقتۇرۇۋالغانلىقى بولۇپ، بۇنىڭغا بىز نېمىمۇ دېيەلەيمىز؟

ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئاقىۋىتىنى زەھەر چېكىش ۋە باشقا جىنايەتلەرگە ئوخشاتقىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۇ كېسەل پەقەت جەمئىيەتتىكى ئەسلىدىلا جىنايەت يولىغا مېڭىش پسىخىكىسىنى

هازىرلىغان كىشىلەر بىلەنلا تۈگۈشى ناتايىن. ئۇ نۆۋەتتە پۈتۈن مىللەتنىڭ بولۇپمۇ بىزدەك مەدەنىيىتى قالاق، پەن - تېخنىكىدا ئارقىدا قالغان بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا بىراستىتە تەھدىت بولۇپ قالماقتا. بىراق بىز بۇ ئاپەتنى بۇ تەھدىتنى تېخى تونۇپ يېتەلمىدۇق. ئۇيغۇرلار ئىچىدە خىرۇئىن ۋە زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش دېگەنلەردىن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ خەۋىرى بار. بىراق ئەيدىز دېگەننى بىلىدىغانلار قانچىلىك؟ يېقىندا مەلۇم بىر سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ ئۈرۈمچى، ئاقسۇ ۋە قەشقەرلەردە ستاستىكا ئېلىپ بېرىشىغا قارىغاندا «ئەيدىز كېسىلى» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ باققان كىشىلەر 10 پىرسەنتكىمۇ يەتمەيدىكەن. ئەيدىز كېسىلىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىدىغان كىشىلەر بولسا پىرسەنتكىمۇ توشمىغان، بۇنداق ئەھۋالدا ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئېلىپ كېلىدىغان ئاقىۋىتى تېخىمۇ قورقۇنچلۇق، تارقىلىشى تېخىمۇ شىددەتلىك بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى يەنىلا تەشۋىقات ئارقىلىق خەلقىمىزگە بۇ دەھشەتلىك ئاپەتنى تونۇتمىسا بولمايدۇ.

پۈتۈن مىللەتنىڭ هاياتىغا تەھدىت سېلىۋاتقان بۇ زور ئاپەتتىن نېمىشقا خەلقىمىز تولۇق خەۋەر تاپالمايدۇ؟ چۈنكى بۇ بىرخىل جىنسىي كېسەللىك بولۇپ، مىللىتىمىز جىنسىيەت ھەققىدىكى تونۇشى ساغلام بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، جىنسىيەت ھەققىدىكى بىلىملەر ئومۇملاشمىغاچقا شۇنداق بولۇۋاتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال داۋاملىشىۋەرسە ئاقىۋەتنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

ئەيدىز كېسىلى هازىر ئەڭ تېز تارقىلىۋاتقان جايلار ئاسىيا، ئافرىقىدىكى قالاق ۋە نامرات دۆلەتلەر بولۇپ، مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغان ئامېرىكا ۋە ياۋرۇپالاردا بولسا خېلىلا تىزگىنلەندى. 92-، 93- يىللاردىن باشلاپ ئامېرىكا ۋە ياۋرۇپالارنىڭ ئەيدىز كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش نىسبىتى تا هازىرغىچە ئوخشاش نىسبەتتە بولۇپ، شىددەت بىلەن كېڭيىشى

ئاللىقاچان تىزگىنلەندى دېگەن گەپ. غەرب دۆلەتلىرىنىڭ بۇ كېسەلنى مەلۇم دائىرىدە تىزگىنلىيەلىشى دەل ئۇلاردىكى مەدەنىيەت ۋە ئەخلاق قارىشىنىڭ يۇقۇرىلىقىدا. ئافرىقا ۋە شەرق ئەللىرىدە ئەيدىز كېسىلىنىڭ تىزگىنسىز ھالدا شىددەت بىلەن تارقىلىشى دەل ئۇلاردىكى سىرتقى قىياپىتىدە ئىنتايىن ئەخلاقلىق قىياپەتكە كىرىۋېلىش بىراق ئەمەلىيەتتە بۇزۇقچىلىققا قاتتىق بېرىلىش سەۋەبىدىن بولغان. غەرپتە جىنسىيەت شەرق ئەللىرىنىڭكىدەك سىرلىق تېما ئەمەس. جىنسىيەت ھەققىدە مۇھاكىمىلەر ئوچۇق ئاشكارا ئېلىپ بېرىلىۋېرىدۇ. جىنسىيەت ھەققىدە توختۇلۇش ئەخلاقسىزلىق ئەمەس، پەقەت قالايمىقان جىنسىي پائالىيەتلەرلا ئەخلاقسىزلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يۇشۇرۇن ھالدا قىلىنغان سانسىز بۇزۇقچىلىقلار بولسا سىرتقى قىياپەتتىكى ساختا ئەخلاق كۆرۈنۈشى كەينىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇۋېرىدۇ. خىلمۇ - خىل بىنورمال جىنسىي پىسخىكىدىكى كىشىلەر غەرپتە بولغانىدەك شەرقتىمۇ بار. ئوخشاش جىنسلىقلارنىڭ مۇھەببەتلىشىشى شەرق ئەللىرىدە غەربتىن قېلىشمايدۇ. غەرپتە بۇلار ئوچۇق ئاشكارا تەتقىق قىلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئەركىن ھالدا توختالغىلى، بەس - مۇنازىرە ئېلىپ بارغىلى بولۇدۇ. دەل جەمىيەتتە بۇ ھەقتىكى غۇلغۇلىلار ئوچۇق - ئاشكارا بولغاچقا بىزگە خۇددى جىنسىي بىنورماللىق پەقەت غەرپتىلا باردەك تۇيۇلۇپ، شەرق ئەللىرىدە بۇ نەرسىلەر يوشۇرۇپ قېلىنغانلىقى ئۈچۈنلا خۇددى مەۋجۇت ئەمەستەك تۇيغۇ بەرگەن ئىدى. ئەلۋەتتە مەلۇم ھادىسە ھەققىدە ئەركىن پىكىر قىلماسلىق ۋە توختالماسلىق يەنى كۆزنى يۇمۇۋېلىش ئۇسۇلى بىلەن ئۇ نەرسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىشقا تىرىشىش ئەمەلىيەتتە ناھايىتى بىمەنە ۋە ئۈنۈمسىز ئۇسۇل بولۇپ، ئاغرىقنى ھەر قانچە يوشۇرغان بىلەن ئۆلۈم ھامان ئاشكارا.

مانا بۈگۈنكى كۈندە ئەيدىز كېسىلىدەك قورقۇنچلۇق ئاپەت

تارقىلىۋىدى، ئەمدى بىز جىنسىيەت ھەققىدە توختۇلۇش، ئۇنى تەتقىق قىلىش، جەمئىيەتتىكى بىنورمال جىنسىي ھادىسىلەرنى ئېچىپ تاشلاپ بېرىشنى ئەخلاقسىزلىق دەپ قارايدىغان خاتا ۋە بىر تەرەپلىمە ئىدىيىنىڭ زىيىنىنى ئاشكارا تارتىدىغان بولدۇق.

بىز ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرگە قارىساق خۇددى بۇ ئالەمدە ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي ئالاقىدىن باشقا ئىش يوقتەك، ھەممە ئەر ـ ئاياللار پەقەت ئاشۇ ئىشلار ئۈچۈنلا كۈننى ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك ياشاۋاتقانلىقىنى بايقىماي قالمايمىز. بۇ بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى رېئاللىق. ئۇيغۇرلار بىر يەردە سورۇن تۈزسىلا گەپ ئاشۇ تېمىدا بارىدۇ. باشقا تېمىدىكى ھەر قانداق گېپىڭىز سورۇننى قىزىتالمايدۇ. ئەر ـ ئاياللار بىر ـ بىرى بىلەن تونۇشۇپلا قالسا بىر ـ بىرىنىڭ كويىدا يۈرۈيدۇ. ئەرلەر ئۆزلىرىنىڭ قانچىلىك ئايال بىلەن بۇزۇقچىلىق قىلغىنىدىن پەخىرلىنىپ، سورۇنلاردا داۋراڭ سالىدۇ. بىراق ئادەم ھاڭ ـ تاڭ قالىدىغان يېرى شۇكى سىز جىنسىيەت ھەققىدە مەتبۇئاتلاردا بىر نەرسە دەپلا سالسىڭىز ھەممە ئادەم يېغىلىرىغا تۈز سەپكەندەك بولالمايلا قاقشاپ كېتىدۇ. ئاشۇنداق ھەرىكەتتى بىلەن گېپى ئوخشىمايدىغان، قىياپىتىدە ئەخلاقلىق ئەمەلىيەتتە جىنسىي قىلمىشلار ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىۋېتىدىغان ساختا ئەخلاقچىلارنىڭ توسالغۇسى تۈپەيلىدىن مىللىتىمىز جىنسىي ھالەتنىڭ بالا قازاسىغا ئۇچرىماقتا.

ئۇيغۇرلاردىمۇ خۇددى دۇنيادىكى تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرگە ئوخشاشلا جىنسىيەت ھەققىدە تەتقىقاتلار بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق قالاقلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىك تۈپەيلىدىن بۇ بىر چەكلەنگەن تېما بولۇپ قالدى.

مەخسۇس جىنسىي كېسەللىكنى داۋالايدىغان دوختۇرخانىلار تېزلىكتە قۇرۇلۇپ، بۇ قىسقىغىنە نەچچە يىلدىن بېرى، كېڭىيىپ يامراپ كەتتى. ھازىر بۇ دوختۇرخانىلارنىڭ ئالدىدا بىز نۇرغۇنلىغان دەرتمەن ئەر ـ ئاياللارنىڭ توپ توپى بىلەن تۇرغانلىقىنى كۆرىمىز.

ئۇلار دەل مانا مۇشۇ جىنسىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك كېسەللىكلەر تۈپەيلىدىن ھاياتىدىن تويۇپ كەتكەن، دۇنيادىن پۈتۈنلەي ئۈمىدىنى ئۈزگەن بىمارلاردۇر. بىنورمال جىنسىي پسىخىكىسىنىڭ تۇسالغۇسى تۈپەيلىدىن جىنسىي ئىقتىدارى ئاجىزلىغان، بالا يۈزى كۆرەلمىگەن نۇرغۇن بىمارلارنىڭ كۆز ياشلىرى ئادەمنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇيدۇ؛ يۇقۇملۇق جىنسىي كېسەللىك سەۋەبىدىن ۋەھىمە ۋە قورقۇنچقا چۈشكەن، چىرايىدىن ئۈمىدسىزلىك ۋە سۇلغۇنلۇق چىقىپ تۇرغان بىمارلار ئادەمنى ھەم يىرگەندۈرىدۇ ھەم ئىچىنى ئاغرىتىدۇ. مەلۇم بىر جىنسىي كېسەللىكلەر ئامبۇلاتورىيىسىنىڭ مۇدىرى ئامبۇلاتورىيىگە كەلگەن 2000 پارچىدىن ئارتۇق خەتنى مېنىڭ مەخپىيەتلىكنى ساقلىغان ھالدا تەتقىقات ئۈچۈن كۆرۈپ بېقىشىمغا بەرگەنىدى. ئاشۇ خەتلەردىكى بىمارلارنىڭ ئېچىنىشلىق بايانلىرى كۆڭلۈمنى ئىنتايىن بىئارام قىلدى. نۇرغۇنلىغان بىمارلار ئەمەلىيەتتە ساپ - ساق كىشىلەر، ئۇلارنى فىزىئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ھېچقانداق كېسەل بايقالمىغان. ئۇلار ساپ - ساق تۇرۇپ نېمىشا ھاياتىنىڭ مۇھىم لەززىتى بولغان جىنسىي لەززەت ۋە پەرزەنت قالدۇرۇش لەززىتىدىن بەھرىمەن بولالماي ئۆمرىنى ھەسرەت ۋە قان - يىرىڭ ئىچىدە ئۆتكۈزىدۇ. نېمە ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان بىمارلار ساپ - ساق تۇرۇپ دېگىلى بولمايدىغان ئازاپلاردىن ئىچىدە تىنىپ ئۆتۈپ كېتىدۇ؟ بۇ مىللىتىمىزدىكى جىنسىيەتنى سىرلىق تۇتۇش، توغرا چۈشەنمەسلىك ۋە تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارماسلىقنىڭ سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان جىنسىي ھالەتنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، مىللىتىمىز ئارىسىدا بىر قېتىملىق زور جىنسىي ئاقارتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلماي قالمايمىز. لېكىن بەزى بىر جاھالەتپەرەس كىشىلەر ھەدەپ ساختا مىللىي ئەخلاق ئويدۇرۇپ چىقىپ، جىنسىيەت ھەققىدە گەپ قىلىش مىللىي ئەخلاقتا ئۇيغۇن ئەمەس دېگەندەك بىمەنە گەپلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچقان

قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىۋاتىدۇ. «قابۇسنامە»، «دۇختۇرۇل ئېلاج» دېگەن كىتابلاردىمۇ جىنسىيەت ھەققىدە خېلى چڭقۇر ساۋادلار بارغۇ! ئەمدى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە نىمىشقا جىنسىيەت ھەققىدە گەپ قىلىش جىنايەت بولۇپ قالدى؟ جىنسىيەت ھەققىدىكى تەتقىقاتنى پەقەت ناچار تەبىئەتلىك پىسخىكىسى بىنورمال ئادەملەرلا ئەخلاقسىزلىق ھېسابلاپ، ئۇنىڭدىن باشقىچە مەنالارنى چىقىرىپ ھوزۇرلۇنۇدۇ. كېسەل ھەققىدە گەپ قىلىۋاتسا ئۇنىڭدىن شەھۋانىيلىق ھېس قىلالىغان ئادەمنى قانداقمۇ ساغلام ئەقىل ۋە ئىنسانىي پەزىلەتكە ئىگە ئادەم دېگىلى بولسۇن؟

مەن پىسخىك نورمالسىزلىقتىن ئىبارەت بۇ تېمىدا چوڭقۇرراق ئىزدىنىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىپ بىر نەچچە قېتىم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ باردىم. جىنسىيەتكە دائىر مەسىلىلەر بىلەن بىۋاستە ئۇچرۇشۇش مېنى زور ماتېرىياللار ۋە بايقاشلارغا ئىگە قىلدى. شۇڭا مەن بۇ مەسىلىنى تەتقىق قىلىشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ھەمدە بۇنىڭ ئىنتايىن تەخىرسىز ئىكەنلىكىنى، مىللىتىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكىنى قاتتىق چۆچۈش ئىچىدە ھېس قىلىپ يەتتىم. چۈنكى بىز ئىلگىرى جىنسىي ئاڭدىكى قالاقلىق ۋە جاھالەتنىڭ مىللىتىمىزگە زادى قانچىلىق دەرىجىدە ئاپەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلىپ يەتمىگەنىدۇق.

دەۋر ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ ئۆزگۈرۈپ بارماقتا. مەن پسىخلوگىيە پېنىنى تەتقىق قىلىۋاتقىنىمغا ئون بەش يىل بوپتۇ، بۇ جەرياندا مەن روھىي كېسەللىك ۋە بىنورمال جىنسىي پىسخىكىنى بەكراق بېرىلىپ تەتقىق قىلدىم. چۈنكى بۇنداق قىلغاندا پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ تارىختىن بېرى تارتىپ كېلىۋاتقان ئازاپلىرىنىڭ ماھىيىتى ۋە نىگىزىنى چۈشۈنۈشكە بولىدۇ دەپ ئويلىغانىدىم. مانا بۇ جەرياندا ئىنسانىيەت ئۈچۈن

دۇنيادا ئەڭ مۇھىم نەرسىنىڭ روھىي ساغلاملىق ئىكەنلىكىنى، دۇنيادىكى ئادەملەر كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىرقىي توقۇنۇش، جىنسىي كېسەل، ئۆلۈۋېلىش، قاتىللىق، زوراۋانلىق قاتارلىق ئاپەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئادەملەرنىڭ روھىدىكى كەمتۈكلۈك ۋە ساغلام بولمىغانلىقتىن بولغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم. ئىنسانىيەت روھىي جەھەتتە مۇكەممەل ۋە ساغلام بولسا ئەلۋەتتە ئىنسانىيەت دۇنياسى چەكسىز گۈزەل بىر جەننەتكە ئايلىنىدۇ. ئىنسانىيەت روھىي جەھەتتە قانچە ساغلام بولمىسا بۇ دۇنيا دەرت - ھەسرەت ۋە بالايى ئاپەتكە تولغان قورقۇنچلۇق دوزاققا ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئىنسانىيەتنىڭ روھىي ساغلاملىقى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلارنى ئىنتايىن مۇھىم دەپ ئويلايمەن. بىراق ئۇيغۇرلاردا بۇ ھەقتىكى تەتقىقات يوق دېيەرلىك. جىنسىي بىنورماللىق ۋە پسىخىكىلىق ئانالىز ھەققىدە نەشر قىلىنغان، دۇنيانىڭ بۇ ھەقتىكى ئەڭ يېڭى نەتىجىلىرىنى ئۇيغۇرلارغا تونۇشتۇرغان بىرەر كىتابنى تاپقىلى بولمايدۇ.

# 1 - باب

# جىنسىي بىنورماللىق ۋە پسىخىكىلىق ئانالىز ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچە

## 1. نورماللىق ۋە بىنورماللىق

ئىنساننىڭ ھېس تۇيغۇسىنىڭ مۇرەككەپلىكى ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ مۇرەككەپلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر ھەرخىل ئىجتىمائىي تۈزۈم، سىياسىي كۆز قاراشلار، ئەخلاق قاراشلىرى ۋە ئىرقىي مۇناسىۋەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەردىن شەكىللەنگەن ئاشۇ ئابستراكت ئۇقۇملار ئايلىنىپ كېلىپ يەنە ئادەملەرنىڭ ھېس تۇيغۇسىنى ۋە ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرگەن. ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىدىكى ۋە مۇناسىۋىتىدىكى مۇرەككەپلىك پسىخىلوگىيە ۋە جەمئىيەتشۇناسلىق پەنلىرىنىڭ ئالدىغا دائىم يېڭى - يېڭى تەتقىقات مەسىلىلىرىنى تاشلىماقتا.

ئادەملەر بىلەن ئادەملەرنىڭ مىجەز - خاراكتېرى ئوخشىمايدۇ. شۇڭا زادى قانداق ئادەمنىڭ پسىخىكىسىنىڭ نورمال، قانداق ئادەمنىڭ پسىخىكىسىنىڭ بىنورمال ئىكەنلىكىگە پسىخىلوگىيە ئۆگەنمىگەن كىشىلەرنىڭ دەرھال باھا بېرىپ كېتەلىشى ناتايىن.

ئوخشىمىغان دەۋر، ئوخشىمىغان كىشىلەر توپى ۋە ئوخشىمىغان باھالار بېرىلىشى مۇمكىن، مەلۇم بىر دەۋردە

بىنورمال ھېسابلانغان ئىشلار يەنە بىر دەۋردە نورمال ھېسابلىنىشى، مەلۇم كىشىلەر توپى ئارىسىدا بىنورمال ھېسابلانغان ئىشلار يەنە بىر توپ كىشىلەر ئارىسىدا نورمال ھېسابلىنىشى مۇمكىن. شۇڭا دۇنيادا تاكى ھازىرغىچە پسىخىكىلىق جەھەتتىكى نورماللىقنىڭ تېخى مۇكەممەل بولغان، بىرلىككە كەلگەن ئۆلچىمى يوق. شۇڭا جەمىيەتتە ئومۇملاشقان بەزى ئىنتايىن ئاددىي پسىخىكىلىق بىنورماللىقلارغا دىئاگنوزش قويۇش ۋە بۇ دىئاگنوزنى قوبۇل قىلدۇرۇش ئاسان ئەمەس. بەزى پسىخىكىلىق بىنورماللىقلار پۈتكۈل جەمىيەت ۋە مىللەت خاراكتېرلىك بولۇشى مۇمكىن، بىراق بۇ بىنورماللىق ئاشۇ جەمىيەت ۋە مىللەت ئۈچۈن پۈتۈنلەي نورمال كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن: جۇڭگودىكى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا كىشىلەر پۈتۈنلەي ئەسەبىيلەشكەن. ئاشۇ چاغدا يۈز بەرگەن ئىشلار ھەممە ئادەمگە ئىنتايىن نورمال تۇيۇلغان. ئاشۇ ھېستېرىيىلىك تەلۋىلەرچە سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ بىنورمال ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى، كىشىلەرنىڭ ئەقلىدىن ئاداشقان ھالدىكى ھەرىكىتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان كىشىلەر ئاز ھەتتا يوق دېگۈدەك ئىدى. ھازىرقى دەۋردە بولسا مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى ئاقلانە دەپ ئويلايدىغان ئادەملەر يوق دېگۈدەك. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى باشتىن كەچۈرۈپ باقمىغان ياشلار بولسا ئاشۇنداق ئەقەللىيلىكىنى يوقاتقان، پۈتۈنلەي ساراڭلارچە ھەرىكەتنىڭ بىر دۆلەت مىقياسىدا ھەممە ئادەمنىڭ قوللىشى بىلەن داغدۇغىلىق ھالدا 10 يىللار ئېلىپ بېرىلغانلىقىغا ئىشىنەلمەيدۇ، بۇنداق ئىشنىڭ پۈتۈن بىر دۆلەتتە پۈتۈنلەي نورمال ھەرىكەت ھېسابلىنىپ ئېلىپ بېرىلىشى ئۇلارنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيدۇ. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا ھېچكىم ئاشۇ 10 يىللاپ ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەتنى ساراڭلىق دەپ قارىمىغان بولسا ئەمدى ھېچكىم ئاشۇ ھەرىكەتنى نورمال دەپ ئويلىمايدۇ. بەزى بىنورمال جىنسىي ھەرىكەتلەرگە قارىتا ئوخشاشمىغان

دەۋرلەردە ئوخشاشمىغان قاراشلار مەۋجۇت. مەسىلەن: 4000 يىل ئىلگىرىكى مىسىردا يۇقىرى قاتلامدىكى ئىسىلزادە ئەرلەرنىڭ قاملاشقان يىگىتلەرنى تاللاپ توي قىلىشى ئومۇملاشقان بىر خىل ئادەت بولۇپ، ئوخشاش جىنسلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى بەچچىۋازلىق مۇقەددەس ھەرىكەت ھېسابلىنىپ، بىرخىل دىنىي ئادەت تۈسىنى ئالغان. بۇ خىل ئەھۋال ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەرەبلەردىمۇ بولغان.

يېڭى گىۋىنىيىنىڭ دېڭىز قىرغاقلىرىدىكى ياۋايى قەبىلىلەر ئارىسىدا ئوخشاش جىنسلىقلارنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا چوقۇنۇش ئادەتلىرى بار بولۇپ، ئۇلار ئەرلەرنىڭ مەنىي سۇيۇقلۇقىنى ئىستىمال قىلىش ئوغۇل بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە كەم بولسا بولمايدۇ دەپ ئىشەنگەن. شۇڭا ئۇلاردا ئوغۇللار 8 ياشتىن 17 ياشقىچە ئۈپچى ھالدا بەچچىۋازلىق تۇرمۇشى ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىنلا ئاندىن يات جىنسلىقلار بىلەن توي قىلىشقا رۇخسەت قىلىنىدىكەن. ئۇلار سىزغان قەدىمىي قىيا تاش رەسىملەردىمۇ بەچچىۋازلىق ۋە بەچچىۋازلىققا چوقۇنۇش ئادەتلىرىنى مەزمۇن قىلغان رەسىملەر كۆپ بولۇپ، ئۇلار بەچچىۋازلىقنى مۇقەددەسلەشتۈرگەن. ئەلۋەتتە، كېيىنكى مەدەنىي دۇنيادا بۇ خىل ئادەتلەر ئىنتايىن يىرگىنچلىك، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان بىنورمال ھەرىكەت دەپ قارىلىدۇ. ھازىر ئامېرىكىنىڭ 26 شىتاتىنىڭ قانۇنىدا ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى قانۇن بويىچە ئېغىر جازاغا تارتىلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. فرانسىيىدە ئوخشاش جىنسلىقلاردىن تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە خىلاپ ھالدا ناشايان ئىشلارنى قىلغانلار بولسا ئۈچ يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىش ۋە جەرىمانە قويۇش بەلگىلەنگەن. گېرمانىيىدە بولسا بەش يىلدىن تۆۋەن جازا بېكىتىلگەن ئىسپانىيە ۋە ئاۋستىرالىيەلەردىمۇ بەچچىۋازلىق ئېغىر جىنايەت ھېسابلىنىپ قانۇن بويىچە جازالاش بېكىتىلگەن. جۇڭگونىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا بەچچىۋازلىق ھەققىدە مەخسۇس بىرەر

ماددا يوق، لېكىن لۈكچەكلىك جىنايىتى شەكىللەندۈرىدىغان قىلمىشلار ئىچىدە بەچچىۋازلىقمۇ بار.

مەلۇم بىر خىل بىنورماللىقتا بولغان قاراش ئوخشاشمىغان دەۋرلەردىلا ئوخشاشماي قالماستىن، ئوخشاش بولمىغان كىشىلەر توپى ئارىسىدىمۇ ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: ئوخشاش جىنىسلىقلارنىڭ ئۆزئارا مۇھەببەتلىشىشى ھازىر دۇنيادا ئەۋج ئېلىپ، بەزى دۆلەتلەردە بەچچىۋازلار بۇنى قانۇنىي ئورۇنغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن كۆرەش قىلماقتا. ئەكسىچە گېرمانىيە، بېلگىيە قاتارلىق يېڭى ناتسىسىزم ئەۋج ئالغان بەزى دۆلەتلەردە بولسا، بەچچىۋازلار ناتسىسلارنىڭ يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش ئوبيېكتلىرىدىن مۇھىم بىرى بولۇپ، ئۇلار بەچچىۋازلارنى ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى ھېسابلاپ، ئۇلارنى ناتسىسىزمنىڭ ئەنئەنىۋى دۈشمىنى بولغان كۆچمەنلەردىنمۇ بەكراق يامان كۆرمەكتە. ئۇيغۇرلارمۇ بەچچىۋازلارنى ئۆچ كۆرىدۇ. بىراق پەقەت ئەخلاقىي جەھەتتىن ئەيىپلەش، يىرگىنىش تۈپەيلىدىن جەمىيەتتە ئۇلارنى يېتىم قالدۇرۇش بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

بەچچىۋازلىقتىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان بىنورمال جىنسىي قىلمىشلار ئىچىدە بەزى جىنسىي قىلمىشلارغا قارىتا يەنە ئوخشاشمىغان قاراشلار مەۋجۇت. مەسىلەن: بەزىلەر ئايالىنى بىكاردىنلا ئۇرۇپ ئۆزىنى خۇشال قىلىدۇ. بۇ بەزى كىشىلىرىمىز ئۈچۈن ئەركەك مىجەز بولۇپ تۇيۇلۇپ ماختىلىدۇ. ئۇنىڭ «خوتۇندىن قورقمايدىغان نوچى» ئىكەنلىكى ئاغىنىلەر ئارىسىدا تەرىپلىنىدۇ، بىراق بۇ خىل ئەھۋال غەرپتە «خارلاش سەۋدالىقى» دەپ ئاتىلىپ مەخسۇس بىرخىل كېسەل سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئەرنىڭ ئايالنى ئۇرۇش ئارقىلىق بىلىپ ـ بىلمەي ئالغان ھۇزۇرى ئەمەلىيەتتە جىنسىي ھەۋەس ئۈچۈن بولۇشى مۇمكىن، بىراق ئۇنىڭ ئېڭىدا ئىپادىلەنمىگەچكە، پسىخىلوگىيە پېنى ھەققىدىكى ئەڭ ئاددىي ساۋادلارمۇ ئومۇملاشمىغان بۇ مىللەتتە ئۇنىڭ بىرخىل بىنورمال جىنسىي قىلمىش

ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغانلار بولمىغاچقا بۇ نورمال ھەرىكەت ھېسابلىنىپ قېلىۋەرگەن.

بىز ئەتراپىمىزغا قارايدىغان بولساق، بىزنىڭ جەمىيىتىمىزدە بىزنىڭ رىياللىقىمىزدا بەزى ئاجايىپ ئادەملەرنىڭ مەۋجۇتلىقىنى كۆرىمىز. ئۇلارنىڭ مىجەزىدىكى غەلىتىلىك بىزنى ھەيران قالدۇرىدۇ. بىراق بەزىلەرگە بارا ـ بارا كۆنۈپ قالىمىز، بەزىلىرى بىلەن بولسا زادىلا چىقىشالمايمىز. شۇنىڭ بىلەن ئارىمىزدا بەزى سۈركۈلۈش ۋە كىچىك توقۇنۇشلار، ھەتتا چوڭ جەڭگى ـ جېدەللەر چىقىشى مۇمكىن. جېدەللەشكەن ئىككى تەرەپكە ھېسداشلىق قىلغۇچىلار (ئۇلارنىڭ دوستلىرى ۋە ئۇرۇق تۇققانلىرى) بىرلىشىپ بەزىدە ئۆزئارا ئۆچمەن ئىككى توپنى شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن جېدەللەشكۈچىلەرنىڭ جەمىيەتتىكى ئورنىغا قاراپ ئۇنى قوللىغۇچى كىشىلەر توپى ئاز ياكى كۆپ بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر توپ ئادەم بىلەن بىر توپ ئادەمنىڭ جېدىلى شەكىللىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ چوڭ مەسىلىگە ئايلىنىدۇ. بىز ئۇرۇق بىلەن ئۇرۇق، يۇرت بىلەن يۇرت ئارىسىدا دايىم بۇنداق توقۇنۇشلارنىڭ بولۇپ تۇرۇدىغانلىقىنى كۆرىمىز. ئەمەلىيەتتە ئىنقىلاپ كەلسە ئۇلارنىڭ جېدەل قىلىشىدا تۇتامغا چىققۇدەك ئىش يوق بولۇپ، جېدەل پەقەت مىجەزنىڭ ئوخشىماسلىقىدىنلا كېلىپ چىققان. بىراق قانداق جېدەل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھامان يولسىزلىق بولغان بولىدۇ. مانا بۇ يولسىزلىق جېدەل قىلغۇچىلارنىڭ پسىخىكىسىنىڭ نورمال ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ، پسىخىكىسى نورمال بولمىغان ئادەملەر كۆپىيىۋەرسە بۇ دۇنيا بىر دوزاخقا ئايلىنىدۇ. ھەتتا پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئەقلىدىن ئادىشىپ قېلىشى مۇمكىن، بىراق ئۇ چاغدا بۇ دوزاخ ھەددى ھېسابسىز ئۆلۈك كۆرەشلەر ۋە سانسىز قەھرىمانلار بىلەن تولغان قالتىس دوزاخقا ئايلىنىپ، ئەقلىنى يوقاتقان ئىنسانلارغا ھەممە نەرسە نورمال تۇيۇلۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ئاپەت بولغان 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا شەخسنى ئىلاھلىق

ئورنىغا چىقىرىۋالغان گېرمانىيە خەلقى ئىچىدە بىز ئەقلىمىزدىن ئاداشتۇق دېگەنلەر چىققانمۇ؟ بۇ دۇنيا دوزاخقا ئايلانغان ئاشۇ پەيتلەردە قەھرىمانلار ۋە ئۇلارغا مەدھىيىلەر دۇنيانى قاپلىغان. ئەسەبىيلىك ۋە تەلۋىلىكلەر پۈتۈنلەي نورمال تۈس ئالغان. ھازىرقى دەۋردە ئىنسانىيەت ئاشۇ ئۇرۇش ھەققىدە قايتىدىن ئويلۇنۇپ چىققىنىدا قاتتىق چۆچۈشكەن. ئاشۇ دەۋرنى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ئېلىشىپ قېلىش دەپ قارىغان.

دېمەك، پىسخىكىلىق ساغلاملىق ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. بىز پەقەت پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ پىسخىكىسىنى تولۇق ساغلاملىققا ئېرىشتۈرەلىسەكلا بۇ دۇنيانى بىر گۈزەل جەننەتكە ئوخشاش دۇنيا قىلىپ قۇرۇپ چىقالايمىز.

دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە ھازىر دۇنيادا مىڭ ئادەم ئىچىدە 50 دىن 80 گىچە ئادەم ھەرخىل نېرۋا كېسىلى ياكى پىسخىكىلىق توسالغۇغا ئۇچرىغان بىمار ئىكەن. روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچىلار يېزىلارغا قارىغاندا شەھەرلەردە كۆپ ئىكەن. ئارقىدا قالغان دۆلەتلەرگە قارىغاندا تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە كۆپ ئىكەن. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەبلەر كۆپ بولۇپ، بۇ ئاساسەن كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشى بىلەن روھىي تۇرمۇشىدىكى  تەڭپۇڭلۇقنىڭ يوقۇلىشىدىن كېلىپ چىققان. نامرات ۋە چەت يېزىلاردا ئارقىدا قالغان قالاق دۆلەتلەردە كىشىلەرنىڭ ماددىي ئېھتىياجى قانمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى قوساق تويغۇزۇش قاتارلىق ئادەمنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان نەرسىلەردىلا بولۇپ، ئۇلار مەنىۋىي ئېھتىياج ھەققىدە ئويلۇنۇشقا ئېشىنالمىسا كېرەك. تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر ۋە چوڭ شەھەرلەردە بولسا كىشىلەرنىڭ ماددىي تۇرمۇشى بىر قەدەر ياخشى، ماددىي جەھەتتىكى ئېھتىياجى قېنىشقا ئېرىشەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ يېمەك - ئىچمەك قاتارلىق ئىنساننىڭ ئەڭ تۆپكى ئېھتىياجى ئۈچۈن پالاقلاپ يۈرۈشلىرى بىر قەدەر ئازىيىپ، ئۇلارنىڭ روھىي

جەھەتتىكى ئېھتىياجى باش كۆتۈرۈپ چىققاچقا، ئۇلاردا روھىي جەھەتتىكى ئاچارچىلىق كۆرۈلۈپ، بۇ ئاچارچىلىق كۆپلىگەن روھىي تەڭپۇڭسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن. مانا بۇ چوڭ شەھەرلەردە ۋە ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە روھىي بىنورماللىقلارنىڭ كۆپ بولۇشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب.

يەنە بىرى دىنىي ئېتىقادى كۈچلۈك خەلقلەر ئارىسىدا روھىي كېسەللەر بىر قەدەر ئاز بولۇدۇ. چۈنكى مەڭگۈلۈك بىر ئېتىقاد بىلەن ئۇلار روھىي جەھەتتىن باي بولغاچقا ئۇلاردا روھىي كىرزىس كۆرۈلمەيدۇ.

ھازىر تېخى دۇنيادا پسىخىكىلىق نورماللىق بىلەن پسىخىكىلىق بىنورماللىقنى ئېنىق ئايرىيدىغان، ھەممە ئېتىراپ قىلغان مۇكەممەل ئۆلچەم يوق. پسىخىلوگىيە ئالىملىرى كۆپلىگەن تەتقىقاتلار ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ پسىخىكىسىنى تەتقىق قىلىپ، كۆزۈتۈش ۋە ئانالىز قىلىش ئارقىلىق بۇ ئۆلچەمنى تېپىپ چىقىشقا تىرىشتى. نەتىجىدە بەزىلەر ئومۇملاشقان ئىجتىمائىي شەكىل ۋە جەمئىيەتكە ماسلىشىشچانلىقىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، بەزىلەر كېسەللىك سەۋەبى ۋە كېسەللىك ھالىتىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ، بەزىلەر بولسا ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ئوخشاش بولمىغان ئۆلچەملەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئامېرىكا پسىخىلوگىيە ئالىمى ماسلو بىلەن مىتىلماننىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئۆلچىمى دۇنيا پسىخىلوگىيە ۋە تېبابەت ساھەسىنىڭ بىر قەدەر ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا قويغىنى بىر قەدەر ئىنچىكە ۋە ئەتراپلىق بولۇپ 1951 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «بىنورماللىق پسىخىلوگىيىسى» ناملىق كىتابتا قەيت قىلىپ ئۆتۈلگەن. ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان پسىخىكىلىق ساغلاملىقنىڭ ئۆلچىمى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

1. ئۆز ئۆزىنى تولۇق بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلالايدىغان

بولۇش، ئۆزىنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايدىغان بولۇش كېرەك.

2. ئۆزىگە نىسبەتەن يېتەرلىك تونۇشقا ئىگە بولۇش ھەمدە ئۆزىنىڭ ئىقتىدارىنى مۇۋاپىق ھالدا مۆلچەرلىيەلەيدىغان بولۇش.

3. تۇرمۇشتىكى مەقسەتلىرى رىياللىققا ئۇيغۇن بولۇش.

4. رىياللىق ۋە ئۆزى ياشاۋاتقان مۇھىت بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلىمىغان بولۇش.

5. ئۆز خاراكتېرىنىڭ مۇكەممەللىكى ۋە تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىيالىغان بولۇش.

6. تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، تەجرىبىلەردىن ئەقىل تاپالايدىغان بولۇش.

7. كىشىلەر بىلەن نورمال مۇناسىۋەتنى ساقلىيالايدىغان بولۇش.

8. ھېسسىياتنى مۇۋاپىق ھالدا سىرتقا ئاشكارىيالايدىغان ۋە ھېسسىياتنى مۇۋاپىق كونترول قىلالايدىغان بولۇش.

9. ئەتراپىدىكى ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر توپىنىڭ ئەھۋالىغا ماسلاشقان ھالدا، مۇۋاپىق چەكلىنىشكە ئىگە قىلالىغان ھالدا ئۆز خاسلىقىنى نامايان قىلالايدىغان بولۇش.

10. ئەتراپىدىكى ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر توپىدا شەكىللەنگەن قائىدە پرىنسىپلارغا خىلاپ كەلمىگەن ھالدا ئۆزىنىڭ تۈپكى شەخسىي ئېھتىياجىنى مۇۋاپىق قاندۇرالايدىغان بولۇش.

مېنىڭچە يۇقىرىقى ئۆلچەم مەلۇم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولسىمۇ بىراق ھەر بىر ئۆلچەم مەلۇم ئابستراكتلىققا ئىگە بولغاچقا ئۇنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى ئۈستىدە ئوخشاشمىغان قاراشلار ۋە تالاش ـ تارتىشلار بارلىققا كېلىشى مۇمكىن. ئامېرىكا روھىي كېسەللىكلەر ئىلمىي جەمئىيتىنىڭ بىنورمال پسىخىكىسىغا بەرگەن تەدبىرى تۆۋەندىكىچە:

ئەخلاقسىز، ئىجتىمائىيلىققا قارشى، ھاياجانلىق ۋە

مەسئۇلىيەتسىزلىك كۆپ بولغان قىلمىشلار، ئۆزىدە پەيدا بولغان قىزىقىشىنى دەرھال قاندۇرۇش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان، كەلتۈرۈپ چىقىرىشى ئېھتىمال بولغان ئاقىۋەتنى ئويلىماي، قىلچە ئەنسىرەش ۋە جىنايى تۇيغۇ بولمىغان ھالدا ئېلىپ بېرىلغان قىلمىشلار بىنورمال پسىخىكىلىق ئىپادىسىدۇر.

ئادەم بىلەن ئادەمنىڭ خاراكتېرى ئوخشىمىغاچقا ھەر قانداق بىر ئادەمنى مەلۇم ئۆلچەمگە تولۇق چۈشۈرۈش مۇمكىن ئەمەس. ھەر قانداق بىر ئادەمدە ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە ئوخشىمايدىغان مەلۇم پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىك بولۇشى مۇمكىن. باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان بۇ خىل خاراكتېر ئەلبەتتە نورمال ئەمەس. بىراق بۇ خىل خاراكتېرنىڭ ئىپادىلىنىشى مەلۇم جەھەتتە تىزگىنلەنگەن بولسا يەنى چېكىدىن ئاشمىغان بولسىلا ئۇنى پسىخىكىلىق بىنورماللىق ھېسابلاشقا بولمايدۇ، يەنى ھەر بىر ئادەمدە جەمىيەتكە ئومۇملاشقان پسىخىكىلىق تەرەپلەر بولغاندىن باشقا جەمىيەتكە ئومۇملاشقان پسىخىكىلىق ھالەتلەردىن پەرقلىنىدىغان ھالەتلەرمۇ مەۋجۇت بولىدۇ. دېمەك، ھەممە ئادەمدە نورمال بولمىغان تەرەپلەر بار بولغان بولىدۇ. بۇ پەقەت بەزى پەۋقۇلئاددە شارائىتلاردا ئىپادىلىنىپ چىقىشى مۇمكىن، شۇڭا ئۇ ئادەتتىكى نورمال تۇرمۇشتا ئىپادىلىنىپ چىقسىلا ۋە چېكىدىن ئاشقان ھالەتتە ئىپادىلىنىپ چىقمىسىلا ئۇنى بىنورمال پسىخىكا ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. پسىخىكىلىق بىنورماللىق تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1. خاراكتېر بىنورماللىقى. بۇ جىنسىي بىنورماللىق، غەلىتە خۇمار، ئاجىزلىق، پسىخىكىلىق پارچىلىنىش، ھېستېرىيە، بىر تەرەپلىمىلىك، ئۆزىنى كونترول قىلالماسلىق، غەمكىنلىك، مەجبۇرىي خىيال قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. روھىي جەھەتتىكى يېتىلىشنىڭ تولۇق بولماسلىقى، بۇ دەلدۈشلۈك، ئەقلىي كەمتۈكلۈك ۋە دۆتلۈكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

3. روھىي كېسەللىك. بۇ، تۇيغۇسىدىكى توسالغۇ،

تەپەككۇردىكى توسالغۇ، ھېسسىياتىدىكى توسالغۇ، ئاڭدىكى توسالغۇ، ئىرادە ۋە ھەرىكەتتىكى توسالغۇ قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يۇقۇرىدا كۆرسۈتۈلگەن پسىخىكىلىق بىنورماللىقلار ئىچىدە جىنسىي بىنورماللىق ئەڭ كۆپ كۆرۈلۈدىغان بىرخىل پسىخىكىلىق بىنورماللىق بولۇپ، پسىخىلوگىيە ۋە جەمىيەتشۇناسلىقنىڭ مۇھىم تەتقىقات تېمىلىرىدىن بىرى.

## 2. جىنسىي بىنورماللىق

ئىنسانىيەت پەيدا بولغاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە جىنسىيەت ئىنتايىن سىرلىق تۈس ئېلىپ كەلدى. جىنسىيەتنى تەتقىق قىلغان ئالىملار باشتىن ئاخىر ئۇنىڭ سىرلىق پەردىسىنى ئېچىپ تاشلاپ ئۇنى كىشىلەر ئالدىدا ئاددىلا نەرسىگە ئايلاندۇرماقچى بولدى، بىراق بۇ ھەقتىكى تەتقىقات چوڭقۇرلاشقانسېرى ئەكسىچە جىنسىيەت تېخىمۇ سىرلىق قىياپەتكە كىرىپ، ئۇنىڭ ئاددىي مەسىلە ئەمەسلىكى بارغانسېرى ئايان بولۇشقا باشلىدى. جىنسىيەت ھازىر بۇرۇنقىدەك يوشۇرۇنلۇقتىن ئاشكارلىققا قاراپ يۈزلەندى. كىشىلەر جىنسىيەت ھەققىدە ئاشكارە مۇھاكىمە ئېلىپ بارىدىغان بولدى. سورۇنلاردا جىنسىيەت ھەققىدىكى پاراڭلار ئاشكارا سۆزلىنىدىغان بولدى، بىراق بۇ ھەرگىزمۇ جىنسىيەتنىڭ ماھىيىتىدىكى سىرلىقلىقنى ئۆزگەرتەلمىدى. چۈنكى جىنسىيەت ھاياتلىقنىڭ مەنبىئى بولۇپ، ئىنسانىيەت ئاشۇ جىنسىيەتكە تايىنىپ ئەۋلاد قالدۇرۇپ، دۇنيادا ھاياتلىقنى مەڭگۈ داۋام قىلدۇرىدۇ. شۇڭا جىنسىيەت ئاددىلا ھەۋەسنى قاندۇرۇش مەسىلىسى بولماستىن ھاياتلىق مەسىلىسى. ئىجتىمائىي جەمىيەتتە كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە جىنسىيەت ئەڭ مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا جىنسىيەتنى بەزىلەر تىبابەت نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلسا بەزىلەر پسىخىلوگىيە نۇقتىسىدىن تەھلىل

قىلىدۇ، بەزىلەر ئانتروپولوگىيە (ئىنسانشۇناسلىق) نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلسا بەزىلەر سوتسىئولوگىيە (جەمئىيەتشۇناسلىق) نۇقتىسىدىن چىقىپ تەتقىق قىلىدۇ. جىنسىيەت ھەققىدىكى تەتقىقات چوڭقۇرلاشقانسېرى جىنسىيەت ھەققىدىكى ئوخشاش بولمىغان بايقاشلار كەلتۈرۈپ چىقارغان ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلار كۆپلەپ بالىققا كېلىپ، بۇ تالاش - تارتىشلارغا سەۋەب بولدى. مانا بۇ تالاش تارتىشلار جىنسىيەت مەسلىسىنىڭ ئاددى مەسلە ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى.

بىز بۇغدا ئامبولاتورىيىسىدە خىلمۇ - خىل بىمارلاردىن كەلگەن مەسلىھەت سوراش خەتلىرىدىن نەچچە مىڭ پارچىلاپ تاپشۇرۇپ ئالدۇق. خەتلەرگە قاراپ شۇ نەرسىنى ھېس قىلىش قىيىن ئەمەسكى جىنسىيەت ئادەتتىكى ئادەملەر ئۈچۈن ئاددى ئىشتەك تۇيۇلغىنى بىلەن جىنسىيەتتە مەسلىگە دۇچ كەلگەنلەر ئۈچۈن جىنسىيەت مەسلىسى ھاياتتىكى ئەڭ مۇھىم مەسلە. بىز ئاشۇ خەتلەردىن ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ۋە نالە - پەريادلىرىنى ھېس قىلغىنىمىزدا ئاشۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىز. خەتتە بەزىلەر جىنسىيەتتىكى يولۇققان ئاشۇ مەسلىلەر تۈپەيلىدىن ھاياتتىنمۇ نۇرغۇن قېتىم ۋاز كېچىش خىيالىغا كەلگەنلىكىنى ئېيتقان، بەزىلەرگە بولسا بۇ دۇنيا قاراڭغۇ دوزاخ بولۇپ تۇيۇلغان.

جىنسىي نورماللىق روھىي ساغلاملىقنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئاۋىستىرىيە پسىخىلوگىيە ئالىمى فىروئىد بولسا بارلىق روھىي كېسەللىكلەرنىڭ ھەممىسى جىنسىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا جىنسىي جەھەتتىكى نورماللىق ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

پسىخىكىلىق ئانالىز ۋە مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيە ئالىملىرىنىڭ قارىشى بويىچە جىنسىيەت ئىنسانىيەت ھاياتلىقىنىڭ مەنبەئى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل

ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تۈپكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىدۇر. جىنسىي ئېنېرگىيىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى بېسىمغا ئۇچرىشى ئىنسانىيەتنى مۇنداق ئىككى نەرسە بىلەن تارتۇقلىدى: بۇنىڭ بىرى روھىي كېسەل يەنەبىرى مەدەنىيەت. جىنسىي ئېنېرگىيە جەمئىيەت تەرىپىدىن بېسىمغا ئۇچرىغاندا نورمال تەبىئىي يول بىلەن سىرتقا ئىپادىلىنىپ چىقالماي غەيرى نورمال يەنى تەبىئىي بولمىغان يول بىلەن ئىپادىلىنىپ چىقىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەر ـ ئاياللارنىڭ تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە ماس ھالدا تەبىئىي مۇناسىۋەت ئېلىپ بېرىشى جىنسىي ھەۋەسنىڭ تەبىئىي يول بىلەن قېنىشى بولۇپ، ئۇ تەبىئىي يول بىلەن قېنىشقا ئېرىشەلمىگەندە ئىلاجىسىز شەكلىنى ئۆزگەرتىپ غەيرى تەبىئىي يول بىلەن بۇنىڭدىن مەدەنىيەت ھادىسىلىرى شەكىللىنىدۇ. ئۇ سىمۋۇللۇق يول بىلەن ئەمەس بەلكى بىۋاستە جىنسىي ھەرىكەت تۈسىنى ئالغان ھالدا بۇرمىلانغان ئۇقۇم شەكلىدە ئىپادىلىنىپ، تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە خىلاپ ھالدا شەكلىنى ئۆزگەرتىپ قېنىشقا ئېرىشسە بۇنىڭدىن جىنسىي بىنورماللىق شەكىللىنىدۇ.

جىنسىي بېسىم ئىنسانىيەتكە پۈتمەس ـ تۈگىمەس مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى ئېلىپ كېلىش بىلەن بىرگە جىنسىي بىنورماللىق قاتارلىق روھىي كېسەللىكتىن ئىبارەت ناله ـ پەرياد ۋە ئاپەتنىمۇ ئېلىپ كەلدى. بىراق شۇ نەرسىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى جىنسىي بىنورماللىق ۋە مەدەنىيەت پەقەت ئىنسانلارغىلا خاس بولۇپ، ھايۋانلاردا بۇ خىل ئەھۋال كۆرۈلمەيدۇ. ھايۋانلارنىڭ ھەر يىلدا كۈيلەش مەزگىلى بار بولۇپ، ئاشۇ مەزگىلدىن باشقا چاغلاردا ئۇلاردا ئادەتتىن تاشقىرى كۈچلۈك بولغان جىنسىي ھاياجان كۆرۈلمەيدۇ. ئادەملەر بولسا ئۇنداق ئەمەس. ئادەملەرگە جىنسىي ھاياجان ئۆمۈر بويى ھەر كۈن ھەر سائەتتە ھەمراھ بولىدۇ. ئىنساننىڭ جىنسىي تەلىپى ۋە جىنسىي نىشانى ھامان يېڭىچە ھالەت ۋە يېڭىچە شەكىللەرنى تەلەپ

قىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا ئىنسانلاردىكى جىنسىيەت ھامان بىرخىل ئىجتىمائىي تۈس ئالغان بولۇدۇ. يەنە بەزى ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر ئىچىدە ھامان جىنسىيەتكە مۇناسىۋەتلىك تەركىب بولغان بولۇدۇ. بىر ئادەمنىڭ پەقەت بىرلا جىنسىي ئوبيېكتىغا رازى بولۇشى ناتايىن، ئۇ ھامان باشقا يات جىنسلىقلار بىلەنمۇ مۇناسىۋەت ئورنۇتۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئادەمدىكى باشقا جانلىقلار بىلەن ئوخشىمايدىغان بۇ خىل پەۋقۇلئاددە جىنسىي ھادىسە ئىنسانلاردىكى جىنسىيەتنىڭ مۇرەككەپلىكىنى بەلگىلىگەن بولۇپ، ئادەملەردىكى بۇ خىل تۇسقۇنسىز جىنسىي ھاياجانلار ھەرىكەتكە ئايلانغاندا ھامان ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ پرىنسىپلىرىغا لايىقلىششقا مەجبۇر بولۇدۇ. مانا بۇ ئىنسانلاردىكى ئۆزىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. مانا بۇ جىنسىي بېسىمنىڭ بارلىققا كېلىشى بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ئىجتىمائىي قائىدە پرىنسىپلار بىلەن ئادەملەردىكى جىنسىي ھاياجاننىڭ ئۈزلۈكسىز توقۇنۇش تارىخىدىن ئىبارەت. بۇ شۇنداقلا ئىنسانىيەتنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى يۈكسەكلىك يەنى ئېتىقاد ۋە مەدەنىيەت بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ تېنىدىكى رىياللىق يەنى جىنسىي ھەۋەس ۋە ياۋايىلىقنىڭ ئۆزئارا ئېلىشىش تارىخىدىن ئىبارەت.

قىممەت قارىشى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا مەدەنىيەت ئىختىراسى بىلەن جىنسىي بىنورماللىق ئىنساننىڭ روھىيەت تۇرمۇشىدىكى قارىمۇ - قارشى ئىككى قۇتۇپ بولسىمۇ بىراق پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇلار ئىنساننىڭ پسىخىكىسىدىكى ماھىيەت جەھەتتە ئوخشاش نەرسە. يەنى ھەر ئىككىلىسى جىنسىي ھەۋەسنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتكەن ھالدا ئۇرغۇپ چىقىشىدىن ئىبارەت.

ئىنسانىيەت بارلىققا كەلگەندىن بېرى ئوخشاش بولمىغان

ئىككى خىل جىنس ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ جىنسىي نورماللىق قانۇنىيىتى بويىچە نورمال ھالدا ئېلىپ بېرىلىشىنى كۆرسۈتۈدۇ. خۇدا ئادەمنى ياراتقاندا دەسلىپىدە ئادەمنى ياراتقان، كېيىن ئۇنىڭ بىر تال قوۋۇرغىسىنى ئېلىپ ھەۋۋانى ياراتقان. بەزى ئىسانشۇناس ئالىملار ئەر بىلەن ئايال ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا مەپتۇن بولۇش ھادىسىسىنى مانا مۇشۇ دىنىي بايانلارغا ئاساسەن چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشى بويىچە ئېيتقاندا ئەر بىلەن ئايال ئەسلىدە بىر گەۋدە بولۇپ ئىككىگە پارچىلىۋېتىلگەن. شۇندىن بېرى ئەرلەر بىلەن ئاياللار مۇشۇ جاھاندا ئۆزىنىڭ پارچىلىنىپ كەتكەن يەنە بىر گەۋدىسى بولغان يات جىنسلىق بىراۋنى ئىزدەيدۇ. جىنسىي ئالاقە ئۇلارنى قايتىدىن بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرالايدۇ، يەنى ئۇلاردىن تۇغۇلغان بالىدا ھەم ئەرنىڭ ھەم ئايالنىڭ بەزى ئېرسىي ئالاھىدىلىكلىرى بىرلەشكەن ھالدا ساقلانغان بولۇپ، بۇ بالا دەل ئۇلارنىڭ بىرلەشكەن گەۋدىسىدۇر. ئۇلار ئەر بىلەن ئايال ۋە پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى مېھرىبانلىق مۇناسىۋىتىنى بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق يول بىلەن چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. بىز بۇ ھەقتە تەتقىقات ئېلىپ بارساق بۇنى ھەقىقەتەنمۇ ھېچقانداق لوگىكىلىق تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىنىڭ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

ئىسا ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان يەھۇدى پەيلاسوپ فېيرو بۇ ھەقتە توختۇلۇپ، ئىككى جىسىمنىڭ بىرلا گەۋدىدە بار بولۇشى ئاشۇ گەۋدىنى پەۋقۇلئاددە ئىقتىدارغا ئىگە قىلىپ قويۇدۇ. خۇدا ئادەمنىڭ مۇشۇ پەۋقۇلئاددە ئىقتىدارىنى چەكلەش ئۈچۈن ئۇنى ئىككى گەۋدە قىلىپ پارچىلىۋەتكەن دەپ قارىغان. بىراق ئۇلار ھامان بىر گەۋدىگە ئايلىنىشنى ئىستەيدۇ. ئۇلارنىڭ بىر گەۋدە بولۇشى خۇدا تەرىپىدىن چەكلەنگەچكە جىنسىي جۈپلىشىش ھامان جىنايى تۈيغۇ بىلەن بولۇدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا جىنسىيەت ھامان ئىنسانىيەت تا

ھازىرغىچە قوتۇلالماي كېلىۋاتقان ئاشۇ مەڭگۈلۈك ئىپتىدائىي گۇناھ تۇيغۇسىنىڭ بىردىن بىر مەنبىئى.

فېيرو مۇنداق دەيدۇ: «خۇدا ئەسلىدە ئىككى جىنسلىق ئادەمنى جىنسىي پەرقى بار ئىككى بۆلەككە بۆلدى. مۇھەببەت ئۇلارنى قايتىدىن بىرىكىپ بىرگەۋدىگە ئايلىنىشقا تەشنا قىلىدۇ. بۇ خىل تەشنالىق جىنسىي لەززەتنىڭ بۇلىقى، جىنسىي لەززەت بولسا بارلىق جىنايەتنىڭ باشلىنىشى» («جىنسىي چوقۇنۇش» O. A. ۋول. جۇڭگو ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى نەشرىياتىنىڭ 1988 ـ يىل 1 ـ نەشرى (خانسۇچە) 5 ـ بەتكە قاراڭ.)

جىنسىيەت بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلانغان گۇناھ تۇيغۇسى ئەمەلىيەتتە جىنسىي ئېنېرگىيىنىڭ ئىجتىمائىي پرىنسىپلار تەرىپىدىن باستۇرۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان جىنسىي بېسىمنى شەكىللەندۈردۇ. ھازىرغىچە كىشىلەر ئاشۇ ئىپتىدائىي گۇناھ تۇيغۇسى ئىجتىمائىي ئەخلاقنى شەكىللەندۈردىمۇ ياكى ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەپ تۇرۇش ئۈچۈن شەكىللەنگەن قائىدە ـ پرىنسىپلار (ئىجتىمائىي ئەخلاق) ئادەملەردىكى گۇناھ تۇيغۇسىنى شەكىللەندۈردىمۇ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئۈلۈكسىز تالاش ـ تارتىش قىلىپ كەلمەكتە. قانداقلا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر جىنسىيەت بىلەن مەھكەم يانداشقان گۇناھ تۇيغۇسى ئىنسانلاردىكى بارلىق روھىي ئازاپنىڭ بۇلىقى بولۇپ، مانا مۇشۇ روھىي ئازاپ روھىي كېسەللىكلەرنى شۇنداقلا بۇ خىل روھىي ئازاپتىن قۇتۇلۇشنىڭ يۈكسەكلەشكەن بىردىن بىر يولى بولغان سەنئەتنى، شېئىرىيەتنى ۋە باشقا مەدەنىيەت ئىقتىدارلىرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

جىنسىي بىنورماللىق جىنسىي بېسىمنىڭ بىۋاستە مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ بىرخىل جىنسىي ئاڭنىڭ بۇرمىلىنىشىنى، ئازغىنىشىنى ۋە قالايمىقانلىشىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ بىرخىل روھىي جەھەتتىكى كېسەللىك ھالىتى بولۇپ، ئەر ـ ئاياللار

ئوتتۇرىسىدىكى يات جىنسىلىقلارنىڭ ئۆزئارا مەپتۇن بولۇشى ۋە تەبىئىي مۇناسىۋەت ئېلىپ بېرىشىدەك نورمال بولغان يولدىن يىراقلىشىپ، تەبىئىي قانۇنىيەتكە خىلاپ ھالدا، ئۆزگەرگەن ۋە بۇرمىلانغان شەكىل بىلەن جىنسىي ھەۋەسنى قاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ.

بىنورمال جىنسىي پىسخىكا كىشىلەردىكى نورمال بولغان جىنسىي ھەرىكەتلەرنىڭ دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەرگە غەلىتە ۋە ئەقىلغا سىغقۇسىز بولۇپ تۇيۇلىدۇ. كىشىلەرنىڭ نورمال كىشىلىك مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈرگەن مىزانلارغا يات بولغاچقا بىنورمال جىنسىي ھەرىكەت بىرخىل ئەخلاقسىزلىق ۋە يىرگىنچلىك قىلىق بولۇپ تويۇلۇپ ھامان جەمىيەتنىڭ چەتكە قېقىشىغا ۋە ئەيىبلىشىگە ئۇچراپ كەلدى. ئېغىر بىنورمال جىنسىي پىسخىكا بولسا ئېغىر جىنايى ئاقىۋەتلەرگە سەۋەب بولۇپ، بىرخىل جىنايەت تۈسىنى ئالدى.

دۇنيادىكى بىنورمال جىنسىي پىسخىكا تەتقىقاتىنىڭ تارىخى خېلى ئۇزاق بولۇپ، مىلادىدىن ئىلگىرىكى 400 ـ يىلدىن بۇرۇنلا قەدىمكى يۇناننىڭ مەشھۇر دوختۇرى ھېپوكرېت ئەينى چاغدىلا بىنورمال جىنسىي پىسخىكىنى فىزىئولوگىيە نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ ئىزاھلىغان. مىلادىدىن تەخمىنەن يۈز يىللار ئىلگىرى قەدىمكى يۇنانلىق يەنە بىر دوختۇر ئەكرىبىيە تۇنجى بولۇپ «پىسخىكىلىق توسالغۇ» ۋە «پىسخىكىلىق كەمتۈكلۈك» دېگەن ئاتالغۇلارنى ئىشلەتكەن. ئوتتۇرا ئەسىرگە كەلگەندە بولسا خۇراپاتلىق مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەچكە بىنورمال جىنسىي پىسخىكا شەيتاننىڭ كۈچىدىن بولغان ھادىسە ياكى جىن چاپلىشىش دەپ قارىلىپ، جىننى قوغلاش، يالغۇز سولاپ قويۇش، باغلاپ قويۇش ھەتتا ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. 17 ـ 18 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ بىنورمال جىنسىي

پسىخىكا بىرخىل كېسەللىك، داۋالاش ئارقىلىق ساقايتىش لازىم، دەپ قارىلىدىغان بولغان.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى جىنسىيەت كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىدىكى ئىنتايىن موھىم تەرەپ بولسىمۇ ئىنسانىيەتنىڭ جىنسىيەت ۋە جىنسىي پسىخىكا ھەققىدىكى تەتقىقاتى ئىنتايىن ئاستا بولغان. نۇرغۇن تارىخى دەۋرلەردە بۇ ساھە بوش قالغان. 18 ـ ئەسىردىكى فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى غەلىبە قازانغاندىن كېيىن دۇنيانىڭ ئىجتىمائىي قۇرۇلمىسىدا تۈپتىن ئۆزگۈرۈشلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى. روھىي كېسەللىك ھەققىدىكى قالاق، خۇراپىي قاراشلار ئاجىزلىشىپ بىنورمال جىنسىي پسىخىكا ھەققىدىكى قاراشلار ئىلىم ـ پەن دائىرىسىگە قايتۇرۇپ كېلىندى. 1872 ـ يىلى فىرانسىيىلىك دوختۇر پىنېل (1754 ـ 1826 ـ يىللار) تۇنجى روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى قۇرۇپ، روھىي كېسەللىكلەرنى تىببىي يول بىلەن داۋالاشنىڭ تۇنجى قەدىمىنى باشلاپ بەردى. بۇ روھىي كېسەللىك تەتقىقات تارىخىدىكى تۇنجى ئۆزگەرتىش بولۇپ، ئىككىنچى قېتىملىق زور ئۆزگۈرۈش ھازىرقى زامان روھىي كېسەللىكلەر ئىلمىنىڭ ياراتقۇچىسى گېرمانىيىلىك روھىي كېسەللىكلەر ئالىمى گېرىبىسىنگېرنىڭ باشلامچىلىقىدا مەيدانغا كەلگەن. ئۇ تۇنجى بولۇپ ئەمەلىي پسىخىلوگىيە ئىلمى ئارقىلىق بىمارلادىكى بىنورمال پسىخىكىنى تەتقىق قىلىشنىڭ يولىنى ئېچىپ بەردى. بىراق بۇ قېتىمقى ئۆزگۈرۈشنىڭ پەقەت كېسەللىك بىلەنلا بولۇپ بىمارلارغا سەل قاراشتەك چەكلىمىلىكى بار ئىدى. ئۈچىنچى قېتىملىق ئىنقىلاپ خاراكتېرلىك ئۆزگۈرۈش بولسا ئاۋىستىرىيىلىك روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرى سىگموند فىرئۇدنىڭ باشلامچىلىقىدا بارلىققا كەلگەن روھىي ئانالىز ھەرىكىتى بولۇپ، بۇ ھەرىكەت تىبابەت ساھەسىدىن ھالقىپ چىقىپ پۈتكۈل مەدەنىيەت ساھەسىدىكى غايەت زور ئۆزگۈرۈشلەرگە سەۋەب بولدى. فىرئۇد ھازىرقى زامان دۇنياسىدا تەسىرى ئەڭ چوڭ

شەخسلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. شۇندىن بېرى بىنورمال جىنسىي پسىخىكا ھەققىدىكى تەتقىقات دۇنيادا قىزغىن دولقۇنغا ئايلاندى. فرېئودنىڭ روھىي ئانالىز تەلىماتى پۈتكۈل مەدەنىيەت تەتقىقاتى ۋە ئىنسانشۇناسلىقتىمۇ، ئەدەبىيات - سەنئەتتىمۇ تەدبىق قىلىنىپ، غايەت زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى.

## 3. پسىخىكىلىق ئانالىز ھەققىدە چۈشەنچە

پسىخىكىلىق ئانالىز روھىي كېسەللىكلەر تەتقىقاتىدىكى ئەڭ يېڭى نەزەرىيىۋى سىستېما بولۇپ، ئۇ ئەزەلدىن ساقايتقىلى بولمايدۇ دەپ قاراپ كېلىنگەن روھىي كېسەللىكلەرنى داۋالاشنىڭ تۇنجى يولىنى ئاچقان بىر پەن.

پسىخىكىلىق ئانالىز ئىلمىنىڭ ياراتقۇچىسى سىگمۇند فرېئود 1856 - يىلى بىر يەھۇدى سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ۋېينا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىببىي پەنلەر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان. 1876 - يىلدىن باشلاپ مەشھۇر فىزىئولوگىيە ئالىمى بىلوكىنىڭ يېتەكچىلىكىدە نېرۋا ھۈجەيرىلىرىنىڭ توقۇلمىسىنى تەتقىق قىلغان. 1885 - يىلى پارىژغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. بۇ جەرياندا ئۇ مەشھۇر نېرۋا كېسەللىكلىرى ئالىمى شارك بىلەن ھەمكارلاشقان. 1895 - يىلى بىلايىر بىلەن بىرلىشىپ يازغان «ھېستېرىيە تەتقىقاتى» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇرغان. 1899 - يىلى فرېئودنىڭ «چۈش تەبىرى» ناملىق ئىلمىي ئەسىرى نەشر قىلىنىپ ئۇنى ۋە ئۇنىڭ نەزەرىيىسىنى دۇنياغا تونۇتقان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ پسىخىكىلىق ئانالىز نەزەرىيىۋى سىستېمىسى قەدەممۇ قەدەم شەرھىيلەنگەن «روھىي ئانالىزغا مۇقەددىمە»، «جىنسىيەت نەزەرىيىسىدىن ئۈچ لېكسىيە»، «كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى پسىخىكىلىق ئانالىز»، «تۇتېم ۋە پەرھىز»، «مۇسا ۋە بىر خۇدالىق دىن»، «مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭ كەمتۈكلىكى» قاتارلىق بىر يۈرۈش ئەسەرلىرى نەشر قىلىنغان.

1939 ـ يىلى لوندوندا ۋاپات بولغان. فىرئود كىشىلەر تەرىپىدىن ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش تارىخىنى بۇرۇنقى ۋە هازىرقى دەپ ئىككى دەۋرگە بۆلگەن شەخس دەپ قارالماقتا. ھەتتا فىرئودقا تەنقىد پوزىتسىيىسى بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان فىروممۇ فىرئۇدنى «ئىنسانىيەتتىكى ئەڭ ئۇلۇغ شەخس ۋە يولباشچىلارنىڭ بىرى» (فىروم: «فىرئۇدنىڭ بۇرچى»، سەنلىيەن نەشرىياتىنىڭ 6891 ـ يىل 21 ـ ئاي خانسۇچە نەشرى، 931 ـ بەت) دەپ باھا بەرگەن.

فىرئود بىر دوختۇر بولۇش سۈپىتى بىلەن نېرۋا كېسەللىكلىرىنى داۋالاش جەريانىدا زۇر مەسىلىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلغان. نېرۋا كېسەللىكلىرىنىڭ بەزىلىرى بەدىنىدە ھېچقانداق فىزىئولوگىيىلىك كېسەل يوق تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىن فىرئود ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ بەدىنىدىكى ھەممە ئەزالارنىڭ ساپ ـ ساق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ بىكاردىن ـ بىكار ئۆلۈپ كېتىشىدىن ۋە دوختۇرلارنىڭ بۇنىڭغا ھېچقانداق ئامال قىلالماسلىقىدىن قاتتىق ئازاپلانغان. نەچچە يىللىق ئىنچىكە كۆزىتىش ۋە تەتقىقات ئارقىلىق ئۇ ئاخىرى ئاشۇ نېرۋا كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىمارلارنىڭ كېسىلى بەدەندىكى كېسەل ئەمەس بەلكى ئاڭدىكى كېسەل دېگەن خۇلاسىگە كەلگەن. ئۇنىڭ بۇ بايقىشى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ يېڭى بايقاش بولۇپ، ئەينى چاغدا تىبابەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ قارشىلىقى ۋە ئىنكار قىلىشىغا ئۇچرىغان، «ئاڭدىكى جاراھەت قانداق بولۇپ بەدەندىكى جاراھەتكە ئوخشاش ئادەمنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولىدۇ» دەپ كىشىلەر گۇمانلانغان. ھەر قانداق كېسەلنى پەقەت بەدەندىكى جاراھەتلا كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. دەيدىغان كىشىلەرنىڭ مېڭىسىگە ئورنۇشۇپ كەتكەن بۇ تەۋرەنمەس قاراشنى ئۆزگەرتىش ئانچە ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇنداقتا بەدىنىدە ھېچقانداق جاراھەت بولمىغان ئاشۇ روھىي كېسەللەر نېمە سەۋەبتىن ئۆلىدى؟ بۇنىڭغا فىرئۇدقا قارشى تۇرغۇچىلار ئەلۋەتتە جاۋاپ بېرەلمەيتى. لېكىن

ئۇلار بۇنى هامان بەدىنىدىكى ئەزالاردىن ئىزدەشكە تىرىشاتتى. فرىئود بولسا كېسەلنىڭ جاراھىتىنى ئاڭدىن ئىزدىدى. ئۇنداقتا ئاڭدىكى جاراھەت زادى نەدە؟ بۇ جاراھەتنى زادى قانداق تېپىپ چىقىش ۋە داۋالاپ ساقايتىش كېرەك؟

فرىئېۇد ئىنچىكە تەكشۈرۈش، كۆزۈتۈش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئادەمدە مەۋجۇت بولغان ئاڭنىڭ بىز ھېس قىلالايدىغان قىسمىدىن باشقا يەنە بىر يوشۇرۇن قىسمىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى تېپىپ چىقتى ۋە بىز ئۆزىمىزدە بارلىقىنى، بىزنىڭ پىسخىكىمىز، تۇرمۇشىمىز ۋە ھەرىكەتلىرىمىزدىكى مۇھىم ھالقىلاردا يوشۇرۇن رول ئوينايدىغانلىقىنى ھېس قىلالمايدىغان ۋە بىلەلمەيدىغان ئاشۇ مەۋھۇم ئاڭغا فرىئود «يوشۇرۇن ئاڭ» دەپ نام بەردى.

ئاڭ دېگەن نېمە؟ بىز بىلىدىغان ئاڭ، بىز تۇغۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە تۇرمۇش تەجرىبىلىرىمىزدىن يەكۈنلىگەن ۋە باشقىلاردىن ئۆگەنگەن بىلىملەر، ئىجتىمائىي قاراشلار، ئەخلاق، كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش يوللىرىمىز، دىنىي ئېتىقادىمىز قاتارلىق بىز مۇشۇ دۇنيادىن قوبۇل قىلغان بارلىق كۆز قاراش، تەجرىبە ۋە ئۇچۇرلاردىن كالللىمىزدا شەكىلللەنگەن ئاڭ بولۇپ، ئۇ ئەقىلللىق ۋە لوگىكىلىق تەپەككۇر بىلەن تولغان.

يوشۇرۇن ئاڭ بولسا ئاڭغا تامامەن ئوخشىمايدىغان ئايرىم بىر دۇنيا بولۇپ، ئۇ بىز بۇ دۇنيادىن قوبۇل قىلغان يۇقۇرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن بارلىق نەرسىلەر بىلەن مۇناسىۋەتسىز، ئاڭسىزلىق، غەيرى ئەقىلىيلىك ۋە لوگىكىسىزلىق بىلەن تولغان باشقا بىرخىل ئاڭدىن ئىبارەت. بۇ ئاڭ ئادەم بىلەن تەڭلا مەۋجۇت بولغان بولۇپ، ئىنسان تۇغۇلۇشىدىنلا بار بولغان بولۇدۇ. كىشىلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى جەريانىدا سىرتقى دۇنيادىن ۋە تەبىئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىدىن قوبۇل قىلغان چەكلىمىلەرنىڭ تىزگىنلىنىشى بىلەن بۇ ئاڭ، ئىنساندا يېتىلگەن ئاڭنىڭ

كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ ئاشكارا ئاڭنىڭ ئاستىدا يوشۇرۇنۇپ قالىدۇ.

يوشۇرۇن ئاڭ ئىنساندىكى ئەڭ تۈپكى ئاڭ بولۇپ، ئۇ بەدەن بىلەن تەڭلا شەكىللەنگەن. ئۇنىڭدا ئىنساننىڭ ئەڭ تۈپكى ئارزۇ ھەۋەسلىرى، لوگىكا ۋە ئەقىل بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان پەقەت تەننىڭ تۈپكى ھاياجىنى مەۋجۇت. كىشىلەر بۇ دۇنيادا ئەقىل ۋە لوگىكىغا تايىنىپ ياشىغانلىقى ئۈچۈن ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئاشۇ ئاڭسىزلىقنى ھېس قىلالماس بولۇپ كەتكەن. يوشۇرۇن ئاڭ پىسخىكىلىق ئانالىز ئىلمىنىڭ ئاساسى ھەمدە تەتقىقات نىشانى بولۇپ، فىرېئودنىڭ قارىشىچە پىسخىكا پەقەت ئاڭنىلا كۆرسەتمەيدۇ. ئادەمنىڭ پىسخىكىسىدا يوشۇرۇن ئاڭنىڭ ئورنى ئاڭ بىلەن سېلىشتۇرۇپ بولمايدىغان دەرىجىدە زور بولۇپ، پەقەت ئادەتتىكى ئاڭنى تەتقىق قىلىش بىلەنلا ئادەمنىڭ روھىي پائالىيىتى ۋە پىسخىكىلىق ھالىتىنى، مەسىلەن، چۈش، ئاڭسىز ھەرىكەت ۋە روھىي كېسەللەرنىڭ كېسەللىك ھالىتىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدۇ. پەقەت يوشۇرۇن ئاڭغا ئىچكىرىلەپ كىرىش ۋە ئۇنى قېزىش ئارقىلىقلا بۇلارنى چۈشەندۈرۈش مۇمكىن.

يوشۇرۇن ئاڭنىڭ بىز ئادەتتە مەۋجۇدلىقىنى ھېس قىلالمايدىكەنمىز ئۇنداقتا ئۇنى قانداق قېزىش ۋە ئىچكىرىلەپ كىرىش مۇمكىن؟

يوشۇرۇن ئاڭنى بىز ھېس قىلمىغىنىمىز بىلەن ئۇ بىزنىڭ پۈتكۈل ھاياتىمىزدا پىسخىكىلىق پائالىيەتلىرىمىزدە يوشۇرۇن ھالدا ئىنتايىن زور روللارنى ئويناپ تۇرۇدۇ. ئۇ شەكلىنى ئۆزگەرتكەن ھالدا دايىم ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: بىزنىڭ غەلىتە ۋە بىمەنە بولغان چۈش دۇنيامىزدا، تۇرمۇشتىكى ئاڭسىز ھالدا ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىمىزدا، روھىي كېسەللىكلەرنىڭ كېسەللىك ھالەتلىرىدە... ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. فىرېئود يوشۇرۇن ئاڭغا چۈشلەرنى تەھلىل قىلىش، روھىي كېسەللەرنىڭ ئەركىن

تەسەۋۋۇر ئارقىلىق سۆزلىگەن سۆزلىرىنى ۋە ئاڭسىز ھەرىكەتلىرىدىكى يوشۇرۇن مەنالارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئىچكىرىلەپ كىرگىلى ۋە ئۇ يەردە ساقلانغان، روھىي كېسەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقارغان جاراھەتنى تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى ھەمدە بۇ ئارقىلىق روھىي كېسەللىكلەرنى داۋالىغىلى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. كېيىن كېسەللەرنى داۋالاش جەريانىدا بۇ نەزەرىيىسىنى ئۇ ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ غايەت زور نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ ئىلىم - پەن ساھەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن.

فرىئۇدنىڭ قارىشى بويىچە ئادەتتىكى ئاڭ ئادەمنىڭ پسىخىكىسىدا ئادەمنىڭ پۈتكۈل روھىيىتىدىن ئايرىلىپ چىققان كىچىككىنە بۆلەك بولۇپ، يوشۇرۇن ئاڭ ئادەمنىڭ روھىيىتىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. فرېئۇد يوشۇرۇن ئاڭنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ ئوتتۇرىغا قويغان، بىرىنچى باسقۇچتا ھېسسىيات كېسىلىنى ئاڭدا ئۇنتۇپ قېلىنغان ياكى ئاڭ قوبۇل قىلالمايدىغان دەرىجىدە ئازاپلىق بولغانلىقى ئۈچۈن تامامەن ئۇنتۇپ كېتىلگەن بىراق يوشۇرۇن ئاڭ ھالىتىدە ساقلىنىپ قالغان جاراھەتلىك كەچۈرمىشلەرنىڭ يوشۇرۇن ھالدا تۇرۇپ يوشۇرۇن رول ئويىنىشىدىن كېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

مەسىلەن: فرىئۇدنىڭ ئالدىغا بىر ئايال بىمار كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەن. بۇ بىمارنىڭ مېڭىسى دايىم بىگىز سانچىغاندەك ئاغرىيدۇ. ئۇنىڭغا ھېچقانداق دورا ۋە داۋالاش كار قىلمىغان. مېڭىسىنى رەسىمگە ئېلىپ تەكشۈرگەندە ھېچقانداق كېسەللىك ئىزى بايقالمىغان. بۇ ئايال ساپ - ساق تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن مېڭىسى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاغرىيدۇ؟ فرېئۇد گىپنوزلۇق ئۇسۇلنى قوللىنىپ ئۇنى ئەركىن تەسەۋۋۇرغا يېتەكلەپ ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەن. ئۇ بىر نەچچە ئون كۈن سۆزلىشىش ئارقىلىق ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى ئاشۇ بىگىز

سانچىلغاندەك ئاغرىتىۋاتقان جاراھەتنى تېپىپ چىققان. فرىئۇدنىڭ سۆزلۈشۈش ئۇسۇلى مۇنداق: ئالدى بىلەن بۇ بىمار ئۈچۈن ئەڭ سەزگۈر بولغان بۇ سۆزنى تۇتۇۋېلىشى كېرەك.

— بېشىڭىز قانداق ئاغرىۋاتىدۇ؟

— بېگىز سانچىغاندەك.

ئايال بېشىنىڭ ئاغرىشىنى تەسۋىرلىگەندە دايىم بېگىز دېگەن سۆزنى ئىشلەتكەن. دېمەك، بۇ يەردە بېگىز دېگەن سۆز مۇھىم بىر بىشارەت. شۇنىڭ بىلەن فرىئۇد ئۇ ئايالنى بىگىز ھەققىدە خىلمۇ ـ خىل تەسەۋۋۇرلارغا يېتەكلىگەن.

— بېگىز دېگەن سۆزنى ئاڭلىغاندا تەسەۋۋۇرىڭىزدا نېمىلەر پەيدا بولۇدۇ؟

— بالىلىق چاغلىرىمىزدىكى ياتاق ئۆيۈم ... كارىۋات ... ھازىرقى كارىۋىتىم...

— ياتاق ئۆيىڭىزدە بېگىز بارمۇ؟

— ياق.

— داۋاملاشتۇرۇڭ، يەنە نېمىلەر تەسەۋۋۇرىڭىزدا شەكىللەندى؟

— باشقىلارنىڭ كۆزىگە بېگىزدەك قادىلىپ قاراش... مومام... ئۇ ماڭا بېگىزدەك تىكىلىپ قارىغان...

ئاشۇنداق ئەركىن ئۇلانما تەسەۋۋۇر ئارقىلىق فرىئۇد ئاخىرى ئۇ ئايالنىڭ يوشۇرۇن ئىڭىدىكى جاراھەتنى تېپىپ چىققان. ئەلۋەتتە بۇ بىر دەمدىلا تاماملىنىدىغان ئاسان خىزمەت ئەمەس. بۇنىڭ ئۈچۈن بىر نەچچە ھەپتە كەتكەن. ئايالنىڭ بالىلىق چاغلىرىدىكى ئىنتايىن ئازاپلىق بىر كەچۈرمىش بايقالغان. ئۇ بالىلىق چاغلىرىدا ياتىقىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ قانداقتۇر بىر بېسىپ بولغۇسىز قىزىقىش بىلەن ئانانىزم قىلىۋاتقاندا (يەنى جىنسىي ئەزاسىنى قولى بىلەن ئويناۋاتقاندا) تۇيۇقسىز مومىسى كىرىپ قالغان ۋە ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ، ئارقىسىغا يېنىپ چىقىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىنتايىن قورقۇنچلۇق بولغان بۇ يىرگىنچلىك ئىشنىڭ يۈز بېرىش جەريانىنى ئۇنىڭ ئىڭى قوبۇل

قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ شۇ ھامان ئۇنتۇلۇپ كەتكەن. ھەتتا فىرئۇد گىپنوزلۇق ئۇسۇلىنى(گىپنوزلۇق ئۇسۇلى ـ ئۇيقۇلۇق ھالەتتە سۆزلىتىش ئۇسۇلى بولۇپ، دوختۇر بىمارنى ئۇيقۇغا زورلاپ تۇرۇپ، ئۇ پۈتۈنلەي ئۇيقۇلۇق ھالەتتە تۇرغان چاغدا ئۇيغاتماي ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىدۇ. ئۇيقۇ ھالىتىدە چوڭ مېڭە پۈتۈنلەي ئارام ئېلىش ھالىتىدە بولغاچقا ئادەم ئادەتتىكى ئاڭنىڭ كونتروللىقىدىن قۇتۇلىدۇ. يەنى بۇ چاغدا يوشۇرۇن ئاڭدىكى يوشۇرۇنغان نەرسىلەر چوڭ مېڭىسىنىڭ ۋە ئەقلىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىماي بىر ـ بىرلەپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئادەتتىكى چاغلاردا چوڭ مېڭە ۋە ئەقىل ئادەمنى كونترول قىلىپ تۇرغاچقا بۇ نەرسىلەر ئوتتۇرىغا چىقالمايدۇ ـ دە، ئادەملەر ئۇنىڭ مەۋجۇتلىقىنىمۇ ھېس قىلالمايدۇ.) قوللۇنۇپ ئۇنىڭ بۇ كەچۈرمىشلىرىنى ئۇنىڭغا ئۇيقۇلۇق ھالەتتە سۆزلەتكەنگە قەدەر ئۇ ئۆزىدە ئاشۇنداق كەچۈرمىشنىڭ بولغانلىقىنى چورتلا بىلمەيتتى. ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى جاراھەت ئاشۇ بالىلىق چاغلىرىدىكى كەچۈرمىش بولۇپ، ئۇ توي قىلىپ قايتىدىن جىنسىي كەچۈرمىشكە دۇچ كەلگەن چاغدا بىردىنلا ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا تۇرۇپ قوزغۇلۇپ، ئاشۇ كېسەلنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى ئاشۇ «بىگىزدەك تىكىلىپ قاراش» ئۇنىڭ تۇنجى جىنسىي تەجرىبىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا ئۇ توي قىلىپ قايتىدىن جىنسىي تەجرىبىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا ئۇ توي قىلىپ قايتىدىن جىنسىي تۇرمۇشقا دۇچ كەلگەندە ھەقىقىي بىگىزگە ئايلىنىپ ئۇنىڭ مېڭىسىگە سانچىلغان.

فىرئۇد ئاغرىق ئازاپىدا جېنىدىن تويۇپ كەتكەن بۇ ئايالنىڭ كېسەللىك سەۋەبىنى تېپىپ چىققاندىن كېيىن ئايال تېزلا ساقىيىپ كەتكەن. كېيىن بۇنداق ئالامەت ئۇنىڭدا كۆرۈلمىگەن. جىنسىي تۇرمۇشىمۇ كۆڭۈللۈك بولغان. بۇنى داۋالاشنىڭ ئۇسۇلى يوشۇرۇن ئاڭدىكى ئاشۇ كەچۈرمىشنى ئادەتتىكى ئاڭغا ئېلىپ

چىقىش بولۇپ، فرېئۇد ئايالنى ئويغۇتۇپ بۇ كەچۈرمىشنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بەرگەن. ئايال ئاڭلاپ يىغلاپ كەتكەن. ئەگەر ئاشۇ كەچۈرمىشنى ئايال ئېڭىدا قوبۇل قىلالىغان بولسا، ئۇنتۇپ قالمىغان بولسا ئۇ كېسەلگە گىرىپتار بولمايتتى. ئۇنى ساقايتىشنىڭ ئۇسۇلى ئاشۇ ئازاپلىق كەچۈرمىشنى ئۇنىڭ ئېڭىغا قايتا قوبۇل قىلدۇرۇش. ئايال ئاشۇ كەچۈرمىشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنى قوبۇل قىلغان. فرېئۇد ئۇنىڭغا تەسەللىي بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ساقايغان.

مۇشۇ مىسالدىن بىز پسىخىكىلىق داۋالاشنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. روھىي كېسەللەرنى، پسىخىكىلىق توسالغۇلارنى ۋە جىنسىي ئاجىزلىق قاتارلىق كېسەللەرنى داۋالاشنىڭ بىردىن بىر ئۈنۈملۈك يولى پسىخىكىلىق داۋالاش بولۇپ، ئۇيغۇرلاردا بۇ تامامەن يېڭى ساھە بولغانلىقى ئۈچۈن خەلقىمىزدە تونۇش تېخى يېتەرلىك ئەمەس. قانداقتۇر جىنسىي ئىقتىدارنى كۈچەيتىدىغان دورا دېگەندەك يالغان ئېلانلارغا ئىشىنىپ ئالدىنىۋاتقانلار ناھايىتى كۆپ. جىنسىي ئاجىزلىق كۆپۈنچە بىرخىل پسىخىكىلىق توسالغۇدىن پەيدا بولغان بولۇپ، ئۇنى دورا بىلەن داۋالىغىلى بولمايدۇ. يۇقۇرىقى مىسالدا ئېيتىلغان ئايالنىڭ مېڭىسىدىكى ئاغرىقنى ھېچقانداق دورا ساقايتالمىغان. ئۇ ئايالنىڭ مېڭىسى ئۇ جىنسىي تۇرمۇشقا دۇچ كەلگەندە ئاغرىغان، ئەلبەتتە ئۇنىڭ جىنسىي جەھەتتىكى ئىقتىدارنىڭ توسالغۇغا ئۇچرۇشىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.(ئەرلەر بىلەن ئوخشاشلا ئاياللاردىمۇ جىنسىي ئاجىزلىق بولۇدۇ. بۇ جىنسىي تۇرمۇشقا قىزىقماسلىق، ئەرلەردىن بىزار بولۇش، پەللىسگە يەتمەسلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.)

بوغدا ئامبولاتورىيىسىدىمۇ پسىخىكىلىق داۋالاش ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. ئەركىن ھاشىم ئىلگىرى رادىئو ئىستانسىسىدا سۆزلىگەن جىنسىيەت ھەققىدىكى لېكسىيىدە ئاتالمىش جىنسىي ئىقتىدارنى كۈچەيتىدىغان دورىنىڭ مەۋجۇت

ئەمەسلىكى ھەققىدە توختۇلۇپ ئۆتكەندى. دورا پەقەت فىزىئولوگىيىلىك كېسەللىكلەرگە يەنى بەدەندە كېسەل ئۆزگۈرۈشىدىن پەيدا بولغان كېسەلگە تەسىر قىلالىشى مۇمكىن، بىراق ئاڭدىكى جاراھەتنى پەقەت ئاڭغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش ئارقىلىقلا داۋالىغىلى بولىدۇ. بۇ ھازىرقى ئىلىم - پەننىڭ يەكۈنى.

فىرئۇدنىڭ يوشۇرۇن ئاڭ تەلىماتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى نورمال ئادەملەرنىڭ چۈشى، كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى خاراكتېر ئىپادىسى ۋە خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇش ھەرىكەتلىرىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. فىردىئودنىڭ قارىشى بويىچە ئەسلى تەبىئىي جىنسىي ھاياجان يوشۇرۇن ئاڭنىڭ تۈپكى يىلتىزى ۋە مەزمۇنى بولۇپ، ئاشۇ ئەسلى تەبىئىي جىنسىي ھاياجانلار، ئادەم سىرتقى دۇنيادىن قوبۇل قىلغان ئىجتىمائىي مىزان پىرىنسىپلار، ئەخلاق، ۋىجدان، ئېتىقاد ۋە تەجرىبىلەردىن شەكىللەنگەن ئاڭنىڭ ئىنكار قىلىشى يەنى مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق بېسىشى ۋە يول قويماسلىقى تۈپەيلىدىن ئىنسان روھىيىتىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا يوشۇرۇن ھالدا ساقلىنىدۇ. ئۇ ئەخلاققا، ئىجتىمائىي قاراشلارغا، ۋىجدان، ئېتىقاد ۋە لوگىكىلىك تەپەككۇر قاتارلىق بۇ دۇنيادا ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا قوبۇل قىلغان بارلىق نەرسىلەرگە خىلاپ بولغاچقا ئاشۇ نەرسىلەردىن شەكىللەنگەن ئاڭ ئۇنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. بىراق ئاشۇ ئەسلى تەبىئىي جىنسىي ھاياجان يەنى لىبىدو(ياشاش كۈچى، تەبىئىي جىنسىي ئىقتىدار) يوشۇرۇن ئاڭ ھالىتىدە ساقلىنىپ، ئادەملەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا شەكلىنى ئۆزگەرتكەن ھالدا ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ.

ئادەم ئۇخلىغان چاغدا چوڭ مېڭە ھەرىكەتتىن توختايدۇ. يەنى بىز بۇ دۇنيادىن قوبۇل قىلغان بارلىق ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي قاراشلاردىن شەكىللەنگەن ئاڭنىڭ روھىمىزنى كونترول قىلىشى

چوڭ مىڭنىڭ ئارام ئېلىشى بىلەن ئاجىزلاپ، يوشۇرۇن ئېڭىمىزدىكى تىزگىنسىز بولغان ھاياجان ۋە ئارزۇ ـ تەلەپلەر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ. چۈش بىرخىل روھىي پائالىيەت بولۇپ ئۇ يەنىلا بىزنىڭ ئوي ـ خىيالىمىزنىڭ داۋامى. فرىئودنىڭ ئېيتقىنى بويىچە «چۈش ــ ئارزۇ تەلەپنىڭ قېنىشى». بىراق چۈشتە يوشۇرۇن ئېڭىمىزدىكى ئارزۇ ـ تەلەپ قىپ ـ يالىڭاچ ئوتتۇرىغا چىقمايدۇ. چۈنكى مېڭىمىز ئويغۇنلۇق ھالەتتە ئاڭنىڭ كونترول قىلىش كۈچى ئاجىزلىسىمۇ، بىراق بىزدە تەپەككۇر يەنىلا مەۋجۇت بولغاچقا يوشۇرۇن ئاڭدىكى ئارزۇ ـ تەلەپلەر ئۆچۈن يەنىلا ئازراق توسالغۇ مەۋجۇت بولىدۇ. شۇڭا ئاشۇ ئارزۇ تەلەپلەر شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، باشقىچە قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ئاشۇ لوگىكىسىز ۋاقىت تەرتىپى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىنغان، ئەقىلغا سىغمايدىغان بىمەنە ئىشلارنى بىزنىڭ ئوي ـ خىيالىمىزنىڭ مەھسۇلى دېگىنىمىزدە بىز ئەجىبا مەن ئاشۇ نەرسىلەرنى ئويلۇدۇممۇ دەپ ھەيران قالىمىز. بۇ چاغدا بىزدىكى ئەقىل ۋە لوگىكىلىق تەپەككۇر قىلىش قاياقىقا كەتتى دەپ قالىمىز. بىزدىكى ئەقىل ۋە لوگىكىلىق تەپەككۇر ئاشۇ چاغدا مەۋجۇت بولغان بولسا بىز ئاشۇنداق بىمەنە نەرسىلەرنى تەسەۋۋۇر قىلالمىغان بولاتتۇق. دېمەك، يوشۇرۇن ئاڭدىكى ئەقىل ۋە لوگىكىلىق تەپەككۇرگە بويسۇنمايدىغان نەرسىلەر پەقەت ئەقىل ۋە لوگىكىلىق تەپەككۇر ئاجىزلاشقان چاغدىلا ئوتتۇرىغا چىقالايدۇ. لېكىن ئۇ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، باشقىچە قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىققاچقا بىز ئۇنىڭ مەنىسىنى يەنىلا بىلەلمەيمىز. ئۇ بىرخىل سىمۋوللۇق يول بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، بىز بۇ سىمۋولنى چۈش كۆرگۈچىنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئاساسىدا تەھلىل قىلىش ئارقىلىق يېشىپ بېرەلەيمىز.

چۈشنى تەھلىل قىلىش يوشۇرۇن ئاڭنى قېزىشنىڭ موھىم بىر ئاچقۇچى بولۇپ، روھىي كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ۋە ئادەتتىكى

ئادەملەرنىڭ پسىخىكىلىق تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلىشىغا مەسلىھەت بېرىشتە ئىنتايىن موھىم بولۇپ، كەم بولسا بولمايدىغان داۋالاش ئۇسۇللىرىنىڭ بىرى. ئەلۋەتتە بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللۇنۇشنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىدە گەپ يوق.

فىرىئودنىڭ قارىشى بويىچە چۈش يوشۇرۇن ئاڭدىكى ئارزۇ - تەلەپنىڭ قېنىشى بولۇپ، يوشۇرۇن ئاڭدىكى ئاشۇ ئارزۇ - تەلەپنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى تېپىپ چىققاندىلا ئاندىن يوشۇرۇن ئاڭدىكى جاراھەتنى تېپىپ چىققىلى بولۇدۇ. چۈشتە ئىپادىلىنىپ چىقىدىغىنى دايىم جىنسىي تەلەپ بىلەن ھۇجۇم خاراكتېرلىك ئىنتىلىش تەلىپى بولۇپ، ئۇنىڭ كونكېرت مەزمۇنىنى بىر چۈشتىكى سىمۋۇللۇق ئوبرازلارغا تەبىر بېرىش ئارقىلىق تېپىپ چىقالايمىز.

مەسلەن: بىر ئەر چۈشىدە رىتسار بولۇپ، چۈشەپ قالغان، ئۇ چۈشىدە ساۋۇت - دوبۇلغىلارنى كېيىپ ئۆزى بىلەن ئوخشاش كېيىنگەن يەنە بىر ئەر بىلەن ئېلىشقان. ئۇنىڭ قولىدىكى قىلىچ قارشى تەرەپكە سانجىلغان بىراق غەلىتە يېرى شۇكى ئۇنىڭ خەنجەر يىگەن رەقىبى ئازاپلىق پەريات كۆتۈرمەستىن بەلكى ئەسەبىيلەرچە ھاياجان بىلەن كۈلگەن. بۇ چۈشكە مۇنداق تەبىر بېرىشكە بولۇدۇ. چۈش كۆرگۈچىنىڭ قولىدىكى خەنجەر ئۇنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ سىمۋۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ خەنجەرنى ئۆزى بىلەن ئوخشاش ئەر جىنىسلىققا سانچىشى ئۇنىڭدا ئوخشاش جىنىسلىقلار بىلەن مۇھەببەتلىشىشتىن بەچچىۋازلىق خاھىشىنىڭ بارلىقىنى كۆرسۇتۇدۇ.

فىردىئونىڭ قارشى بويىچە ئۇچلۇق ۋە تۈز ھۇجۇم خاركتېرلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئەرلىك جىنسىي ھالەتنىڭ سىمۋۇلى بولۇپ، يۇملاق ۋە ئەگرى - بۈگرى شەكىللەرنىڭ ھەممىسى ئاياللىق جىنىسىنىڭ سىمۋۇلى.

چۈش ـ ئارزۇ - تەلەپلەرنىڭ قېنىشى بولۇپ، بۇ يەردە چۈش كۆرگۈچىنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى ئارزۇ - تەلىپى ئۆزىنىڭ

جىنسىي ئاجىزلىقىغا گىرىپتار بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىش بولۇپ، ئۇ پەقەت مۇشۇ ئارقىلىقلا ئۆزىنى پەقەت جىنسىي ھەۋەسلا باغلاپ تۇرغان ئايالدىن قۇتۇلۇشنى ئويلايدۇ. يەنى جىنسىي ھەۋەس بولمىغان بولسىغۇ ئايالىم بىلەن بىللە ئۆتمەستىم دەپ ئويلىغاچقا ئۇ شۇنداق چۈش كۆرگەن.

فرېئودنىڭ يوشۇرۇن ئاڭ تەلىماتىنىڭ 3 ـ قەدىمى مەدەنىيەت تەتقىقاتى بولۇپ، ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت ئىختىراسىنى ئىنسانلاردىكى جىنسىي ئېنېرگىيىنىڭ سابلىماتسىيەلىشىش دەپ قارايدۇ. يوشۇرۇن ئاڭدىكى ئارزۇ تەلەپلەر چۈش مۇھىتىدا ئۆز شەكلىنى ئۆزگەرتىپ بىرخىل سىمۋوللۇق يول بىلەن قاندۇرۇلغاندەك ھەقىقىي ئەدەبىيات سەنئەت ئىجادىيىتىدىمۇ يوشۇرۇن ئاڭدىكى ئارزۇ ـ تەلەپلەر شەكلىنى ئۆزگەرتكەن ھالدا ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ھەقىقىي ئۇلۇغ سەنئەتكارلارنىڭ ئىجادىيىتى ئادەمنىڭ چۈش پائالىيىتى بىلەن ئوخشاش پىسخىكىلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، بۇ ھەم روھىي كېسەللىك بىلەنمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ.

فرېئۇد ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىنى تۆۋەندىكىدەك سىخېما بىلەن چۈشەندۈرىدۇ.



ئادەمدىكى ئادەتتىكى ئاڭ سىخىمىدىكى قارا رەڭلىك ئورۇن ئادەمدىكى يوشۇرۇن ئاڭنى كۆرسىتىدۇ. بۇ قىسىم ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەسلى ئۆزىدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇ ئادەمنىڭ ئەڭ تۈپكى ئارزۇ - ھەۋەسلىرىنى، لوگىكىسىز، ئەخلاقسىز بولغان، پەقەت بەدەنگىلا تەۋە بولغان تۈپكى ئېھتىياج ھەمدە لىبىدۇنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئالدىنقى ئاڭ بولسا ئادەمنىڭ خاراكتېرىدىكى ئۆز - ئۆزى قىسمىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يوشۇرۇن ئاڭدىكى ئارزۇ - تەلەپلەر بىلەن رىياللىق ۋە ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىقى مۇرەسسەلەشكەن قىسىم بولۇپ، ئادەمدىكى چۈش، سەنئەتكارلىق ۋە روھىي كېسەللىك ئەھۋاللىرى مۇشۇ بۆلەككە تەۋەدۇر.

ئۆزىدىن ھالقىش بولسا ئادەمنىڭ سىرتقى دۇنياسىدىن قوبۇل قىلغان بارلىق بىلىملىرىنى، ئەخلاقىي، دىنىي قاراشلىرىنى، سىياسىي قاراشلىرىنى، قىممەت قاراشلىرىنى كۆرسىتىدۇ. يوشۇرۇن ئاڭ ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئاڭ بولسا ئۇنىڭ كىچىككىنە بۆلۈكى بولۇپ خۇددى يۇقۇرىدىكى رەسىمدە كۆرسىتىلگەندەك غايەت زور مۇز تاغنىڭ سۇ يۈزىگە چىقىپ تۇرغان كىچىككىنە قىسمىغا ئوخشايدۇ.

يوشۇرۇن ئاڭنىڭ مەزمۇنىنى تۆۋەندىكى سىخىما بىلەن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ:

ئەسلى ئۆز (ID) يەنى ئىنساننىڭ تۈپكى ھاياتى ئېنېرگىيىسى

ياشاش تەبىئىتى (ئېروس)

ئۆلۈم تەبىئىتى (ساناتوس)

لىبىدو (جىنسىي تەبىئەت)... شادلىق پرىنسىپى

ئۆز ئۆزى (ئۆزلۈك تەبىئەت)... رېئاللىشىش پرىنسىپى

بېسىلىش (ھەۋەسنىڭ بېسىمىغا ئۇچرىشى)

سابلىماتسىيە (جەمىيەت ئېتىراپ قىلغان شەكىلدە ئوتتۇرغا چىقىش)

سىرتقا يۈزلەنگەن يەنى جىدەل ـ ماجىرا، ھەسەت ھۇجۇم ھۆكۈمرانلىق خاراكتېرلىك ھەرىكەت، قاتىلللىق قاتارلىقلار بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ.

ئىچىگە يۈزلەنگەن، يەنى ئۆز ـ ئۆزىدىن بىزار بولۇش، غەمكىنلىك، ئۆلۈۋېلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يوشۇرۇن ئاڭنى تەشكىل قىلغان ئەسلى ئۆز قىسمىنى ياشاش تەبىئىتى ۋە ئۆلۈم تەبىئىتىدىن ئىبارەت ئىنساننىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى ئىككى تەبىئىي ئىقتىدارغا بۆلۈشكە بولىدۇ. ئادەمنىڭ پۈتكۈل مىجەز خاراكتېرى، كەسپىي تاللىشى، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئادەمدىكى ياشاش تەبىئىتى بىلەن ئۆلۈم تەبىئىتىدىن ئىبارەت ئىككى خىل قارىمۇ قارشى بولغان تەبىئىي ئىقتىدارنى ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئىگىلىگەن ئورنىنىڭ قانداقلىقى بەلگىلەيدۇ. ئادەمدىكى ياشاش تەبىئىتى ئومۇمەن جىنسىي ھەۋەس تەبىئىتى ۋە ئۆزلۈك تەبىئىتى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. جىنسىي ھەۋەس ئىنساندىكى ئەۋلاد قالدۇرۇش يەنى ھاياتنى مەڭگۈلۈك داۋام قىلدۇرۇش خاھىشىنى ئىپادىلەيدىغان تەبىئىي ئىقتىدار بولۇپ، ئىنساندىكى بارلىق شادلىق ۋە گۈزەللىك تۇيغۇلىرى مانا شۇ تەبىئەتتىن كېلىدۇ. ئاڭنىڭ بېسىمى تۈپەيلىدىن ئۇ رىياللىقتا ماسلىشىشقا مەجبۇر بولۇپ، شەكلىنى ئۆزگەرتىپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ئىنساندىكى جىنسىي تەبىئەت (ئىپتىدائىي ھەۋەس ياكى لىبىدو دەپمۇ ئاتىلىدۇ) خۇددى ئادەمدىكى ئوزۇقلۇققا بولغان ئېھتىياجغا ئوخشاش بىرخىل ھاياجان يەنى ئېچىرقاش تۇيغۇسى بولۇپ، جىنسىيەت نەزەرىيىسى فرىئۇدنىڭ پىسخىكىلىق ئانالىز تەلىماتىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەتتىكى بارلىق ئۇتۇقلىرىنى جىنسىي ھەۋەسنىڭ تۈرتكىسىدىن بولغان دەپ قارايدۇ. شۇڭا ھازىرقى زامان مەدەنىيەت ۋە ئانتروپولوگىيە تەتقىقاتچىلىرى ئۆز تەتقىقاتىدا مەدەنىيەتنىڭ يىلتىزىنى ئىنساندىكى جىنسىي ئاڭدىن ئىزدەيدۇ. فرىئود يەنە

بىر تەرەپتىن روھىي كېسەللىكنىڭ كېلىپ چىقىشىنىمۇ جىنسىيەت ئارقىلىق چۈشەندۈردى. فرېئۇدنىڭ پسىخىكىلىق ئانالىز تەلىماتى غايەت زور بىرخىل ئىدىيىۋى سىستېما بولۇپ، بىنورمال جىنسىي پسىخىكىنى تەتقىق قىلىشتا يېڭى يول ئاچقان. ئۇنىڭ بايقاشلىرى ئىنسانىيەت تارىخىدا بۇرۇن بولۇپ باقمىغان بايقاش بولۇپ ھازىرقى زامان دۇنياسىدىكى ئەڭ يېڭى ئىلىم بولغان روھىي ئانالىز پېنىنى شەكىللەندۈرگەن. بىز تۆۋەندىكى بابلاردا خىلمۇ ـ خىل جىنسىي بىنۇرماللىقلار توغرىسىدا توختالغاندا پسىخىكىلىق ئانالىز ئۇسۇلى بويىچە ھەر بىر كېسەللىك ئالامىتى ھەققىدە تەھلىل ئېلىپ بارىمىز. بۇ ئارقىلىق پسىخىكىلىق ئانالىز ھەققىدە كىتابخانلار تېخىمۇ ئەتراپلىق چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولالىشى مۇمكىن.

پسىخىكىلىق ئانالىز تەلىماتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ۋەكىلى شۋېتسىيىلىك روھىي كېسەللىك ئالىمى كارل ياڭ (1875ـ1961) بولۇپ، ئۇ فرېئۇدنىڭ شاگىرتى. ئۇنىڭ پسىخىكىلىق ئانالىز پېنىنىڭ تەرەققىياتىدىكى رولى ئىنتايىن مۇھىم. ئۇ فرېئۇدنىڭ ئىنسان پسىخىكىسىنى پەقەت شەخسنىڭ ئاڭسىزلىقى بىلەنلا چۈشەندۈرۈشكە قوشۇلماي، بۇ نەزەرىيىگە مۇھىم تولۇقلاش بېرىپ «كوللېكتىپ ئاڭسىزلىق» تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

كارل ياڭنىڭ قارىشىچە ئادەمدە پەقەت ئۆزىگىلا خاس بولغان ئاڭسىز ئاڭدىن باشقا يەنە پۈتكۈل مىللەت ۋە ئىرىققا خاس بولغان كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئاڭمۇ بولۇدۇ. ئادەمدىكى شەخسىي يوشۇرۇن ئاڭنىڭ مەزمۇنى بىز يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك بولۇپ، كارل ياڭ فرېئۇدنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى ئاساسەن قوبۇل قىلغان، بىراق ئۇ ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىنى تەشكىل قىلغان يەنە بىر مۇھىم ئاڭنىڭ كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئاڭ ئىكەنلىكىنى، ئىنسانلارنىڭ پسىخىكىسىنى ئانالىز قىلغاندا پەقەت ئۇنىڭ شەخسىي يوشۇرۇن ئېڭىنىلا تەھلىل قىلغاندا يەنە نۇرغۇنلىغان

پسخىكىلىق ھادىسىلەر ۋە روھىي كېسەللىك ھالەتلىرىنى تەھلىل قىلىشتىكى بەزى مەسىلىلەرگە جاۋاپ تاپقىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئادەمدىكى شەخسىي يوشۇرۇن ئاڭدىن باشقا كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئاڭنىڭمۇ بارلىقىنى بايقىغان.
كارل ياڭنىڭ قارىشى بويىچە روھىي كېسەللىكنىڭ كېلىپ چىقىشىدا ئىنساننىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى ئىپتىدائىي تەبىئىي ئېنېرگىيىنىڭ رىياللىق ۋە ئىجتىمائىيلىق تەرىپىدىن بېسىمغا ئۇچرىشىدىن باشقا، يەنى ئىنسادىكى ئەپسانىۋىي تەپەككۇرنىڭ بارغانسېرى رېئاللىشىپ كېتىۋاتقان ۋە ماددىلىشىپ كېتىۋاتقان ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بېسىمغا ئۇچرىشىمۇ موھىم رول ئوينايدۇ.
ئىنسان دۇنيادا يوشۇرۇن ئاڭدىكى بىرخىل ئەپسانىۋىي خاھىشنىڭ رول ئويىنىشى بىلەن رىياللىقتىن ھالقىغان بىرخىل يۈكسەك دۇنيانى تەسەۋۋۇر قىلىشقا تايىنىپ ياشايدۇ. يۈكسەكلىك ئارقىلىق ئۆزىگە تەسەللىي بېرەلەيدۇ. ئىنساننىڭ رىياللىقتىن ھالقىش ئىستىكى ماددا ۋە رېئال دۇنيا تەرىپىدىن بېسىمغا ئۇچرىسا ئىنساننىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى كوللېكتىپ ئاڭسىزلىق تۈيۈقسىز پارتلاپ چىقىپ ئادەمدىكى روھىي كېسەلنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ ماددىي جەھەتتىكى ئۇچقاندەك تەرەققىياتى كىشىلەرنى پەقەت ماددىنىلا كۆرىدىغان، ماددىي دۇنيادىن ھالقىغان نەرسىلەرنى كۆرمەيدىغان قىلىپ قويماقتا. كۈنسېرى ماددىلىشىپ كېتىۋاتقان ئىنسانىيەت جەمىيىتى ئىنساننىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى رىياللىقتىن ھالقىش ئىستىكى، يەنى ئەپسانىۋىي تەپەككۇرنى ئىنكار قىلىپ بېرىۋاتقاچقا ئىنسانلاردىكى بۇ خىل ئىستەك چىقىش يولى تاپالماي، مۇشۇ سەۋەبتىن ئىنسانلاردىكى بەزى روھىي كېسەللىكلەر كېلىپ چىقماقتا.
كارل ياڭنىڭ قارىشى بويىچە كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئاڭدىكى ئەپسانىۋىي تەپەككۇرنىڭ يىلتىزى شۇ مىللەتنىڭ ياكى شۇ ئادەم

تەۋە بولغان كوللېكتىپنىڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادى ۋە ئەپسانىلەردىكى ئەسلى تىپ بولۇپ، سانسىز ئەسىرلەر داۋامىدا بۇ خىل دىنىي ئېتىقاد ۋە ئەپسانىلەردىكى ئەسلى تىپ ئېرسىي هالدا ئاشۇ مىللەتنىڭ هەر بىر ئەزاسىنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا ئەۋلادمۇ ـ ئەۋلاد ساقلىنىدۇ. گەرچە ئۇ مىللەت هازىر باشقىچە بىر مەدەنىيەت مۇهىتىدا ياشاۋاتقان، ئاشۇ ئېتىقاد ۋە ئەپسانىلەر ئاللابۇرۇن ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەن بولسىمۇ، بىراق ئاشۇ مىللەت ئەزالىرىدىن بولغان هەر بىر شەخسنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا ساقلىنىپ قالغان بولۇدۇ.

مەسىلەن: مەن ئۈچ ياش ۋاقتىمدا مۇنداق بىر چۈش كۆرگەنىدىم: چۈشۈمدە ئاسماندىن يەرگىچە سوزۇلغان كۆپ ـ كۆپ نۇر ئىچىدە بورا ئۇستىدە ئولتۇرغان بىر ئايال ئاستا لەيلەپ تۆۋەنگە چۈشۈۋاتقىدەكمىش. بۇ هالەت هازىرغىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. ناهايىتى ئېنىق ئېسىمدە بورا ئۇستىدە ئولتۇرغان ئايال بىزنىڭ كىچىك ئەترەتنىڭ باشلىقىنىڭ ئايالى ئىدى. مەن قاتتىق قورقۇپ، يىغلاپ ئويغىنىپ كەتكەنىدىم، شۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللاردىن كېيىن يەنى تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقاندا ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىمىز ئۇيغۇرلارنىڭ «ئوغۇزنامە» ئېپوسى هەققىدە سۆزلىگەنىدى، مەن ئاشۇ ئېپوستىكى ئوغۇزخاننىڭ ئالدىغا بىر گۈزەل قىزنىڭ كۆپ ـ كۆك نۇر ئىچىدە ئاسماندىن چۈشكەنلىكى هەققىدىكى تەسۋىرنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ ئاشۇ كىچىك ۋاقتىمدا كۆرگەن چۈشۈمدىكى تەسۋىرگە نەقەدەر ئوخشايدىغانلىقىغا هەيران قالدىم. بىراق ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى چۈشۈمدىكى ئايال بىزنىڭ مەهەللىدىكى كادىر باشلىقنىڭ ئايالى ئىدى. كېيىن كارل ياڭنىڭ نەزەرىيىسى بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن ئاندىن بۇ چۈشۈمنىڭ ئەسلى مەنىسىنى چۈشەندىم. چۈشۈمدىكى ئايالنىڭ ئېرى دايىم مەهەللىدىكى دېهقانلارنى ئۇرۇپ ـ تىللاپ ئىشقا هەيدەيتتى. دادام ئوقۇتقۇچى بولغاچقا مەكتەپكە كەتتى، شۇڭا ئۆيدە ماڭا قارايدىغان ئادەم يوق

ئانام مېنىمۇ ئېتىزلىقتا ئەمگەك مەيدانىغا ئېلىپ چىقاتتى. بەلكىم ئاشۇ ئەمەلدار مېنىڭ ئېڭىمدا ئاشۇ چاغدا كۈچ ۋە ھوقۇقنىڭ ئەڭ چوڭ ۋەكىلى بولۇشى مۇمكىن، چۈشۈمدە بولسا ئۇنىڭ ئايالى مېنىڭ ئالدىمغا چۈشمەكتە ئىدى. يەنى مەندىكى ئىستەك خۇددى ئوغۇزخانەدەك ئاشۇ ئاسماندىن چۈشكەن ئايالنى ئەمرىمگە ئېلىش بولۇپ، ئۇنىڭ مېنىڭ ئايالىمغا ئايلىنىشى مېنىڭ ئۆزەمنى ئاشۇ زوراۋان كادىرنىڭ ئورنىغا قويۇش بولۇپ، شۇندىلا مەن ھوقۇقدار يەنى ئوغۇزخانەدەك جاھانغا ھۆكۈمران بولغان بۈيۈك شەخس بولالايتتىم. بۇ مىللەتنىڭ كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى ھوقۇق ئىرادىسىنى ئىپادىلەيدىغان ئەپسانىنىڭ مېنىڭ چۈشۈمدە سىمۋوللۇق ئۇسۇلدا ئوتتۇرىغا چىقىشى بولۇپ، ئاشۇ چۈشكە بۇنىڭدىن باشقىچە تەبىر بەرگىلى بولمايدۇ.

مەن چۈش كۆرگەن ۋاقىت 1972 - يىلى. مېنىڭ ئاشۇ مەدەنىيەت تۈپتىن ۋەيران قىلىنغان دەۋرلەردە، ئۇيغۇرلار ھەتتا ئۆزىنىڭ قايسى مىللەت ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇلۇپ قېلىشقا يۈزلەنگەن ۋاقىتتا ئوغۇزنامە ھەققىدىكى ئەپسانىنى بىراۋدىن ئاڭلاپ قېلىشىم مۇمكىن ئەمەس. مەن بۇ چاغدا پەقەت ئۈچ ياشتا بولۇپ، ئۇلارنى چۈشىنىشۈم تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. كارل ياڭنىڭ قارىشى بويىچە بۇ بىرخىل ئىرسىيەتكە ئوخشاش ئامىل بولۇپ، ئۇ مەندە تۇغۇلۇشۇم بىلەن تەڭلا يوشۇرۇن ئېڭىمدا مەۋجۇت ئۇ كېيىن شەكىللەنگەن نەرسە ئەمەس.

فرېئۇد ۋە كارل ياڭلارنىڭ نەزەرىيىسى ھازىر غەربتە تېبابەت ۋە پسىخلوگىيە ساھەلىرىدە كەڭ قوللۇنۇۋاتقان، ئەمەلىي سىناقلاردىن سانسىز قېتىم ئۆتكەن ۋە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان نەزەرىيە بولۇپ، پاكىتلىق ۋە ئىلمىي.

# 2. باب: جىنسىي چوقۇنۇش ھادىسىسى ھەققىدە

## روھىيەتنىڭ سەلتەنەتلىك دەۋرلىرى

بىر مىللەتنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ۋە مىللىي ئېڭىنى تەتقىق قىلىشتا ئاشۇ مىللەتنىڭ ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى قېدىرىپ تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مىللىي پسىخىكىسىنىڭ يېتەكلەشتىكى يىلتىزىنى تېپىپ چىقىش ئىنتايىن موھىم. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا قەدىمىي ئۆرپ ئادەت ۋە ئىپتىدائىي ئېتىقاد ھەققىدىكى تەتقىقات بىزنى مىللىي ئاڭنىڭ ئەڭ مۇھىم مەنبەلىرى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. قەدىمقى ئۆرپ - ئادەت ۋە ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادنىڭ ئىزنالىرى بىزگىچە پەقەت خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ساقلىنىپ قالغان بەزى ئىزنالار، ھازىرقى ئۆرپ ئادىتىمىزدىكى بەزى غۇۋا ئىزنالار، ئارخىلوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق بايقالغان قىياتاش سۈرەتلىرى ۋە باشقا فولىكلور تۈسىنى ئالغان سەنئەت مىراسلىرى ئارقىلىقلا يېتىپ كەلگەن. باشقا مەقسەتچانلىقى كۈچلۈك بولغان يازما يادىكارلىقلاردا بۇ خىل ئىزنالار ئازراق ياكى سىياسىي ئىجتىمائىي مەقسەتلەر تۈپەيلىدىن شەكلى ئۆزگەرگەن ياكى بۇرمىلانغان بولۇپ، باشقىچە قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىققان. لېكىن ئۇ يەنىلا بىزنىڭ نەزەرىمىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بۇ بىزنىڭ بۇرمۇلۇنۇش ۋە شەكلىنى ئۆزگەرتىش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىقمۇ بەزى نەرسىلەرنى بايقىۋالالايمىز.

ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي مەدەنىيەت ئىزنالىرى ئىچىدە بىزنىڭ ئالاھىدە دىققىتىمىزنى تارتىدىغان غايەت زور بىرخىل مەدەنىيەت ھادىسىسى تىۋىنىش بولۇپ ئۇ بىزگە ئىنسانىيەتنىڭ گۆدەكلىك دەۋرىدىكى ئىنتايىن باي ۋە پايانسىز بولغان روھىي دۇنياسىنى نامايان قىلىدۇ. ھازىرقى ماددىي مەدەنىيەت

دۇنياسىدىكى ئىنسانلارنىڭ روھىي جەھەتتىكى نامراتلىقى بىلەن سىلىشتۇرۇپ قارايدىغان بولساق بىز قەدىمقى ئىنسانلارنىڭ مەنىۋىي دۇنياسىنىڭ خۇددى گۆدەك باللارنىڭ قەلبىدەك چەكلىمىسىز، ئەركىن ۋە ھاياجانلىق ئىكەنلىكىنى بايقاپ، ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا قايىل بولماي قالمايمىز. بۇ ھەرگىزمۇ بىزدىكى قەدىمكىگە چوقۇنۇش ھېسسىياتى ياكى قەدىمپەرەسلىك سەۋدالىقىدىن ئەمەس. بىز ھازىرقى ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتى ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان دەۋردە ياشاۋاتىمىز. كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغىدەك مۆجىزىلىك ئىشلار ئىلىم - پەن ساھەسىدە دايىم يۈز بېرىپ تۇرماقتا. مانا بۇ بىزدە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى دېيدىغان خاتا سېزىمنى پەيدا قىلماقتا. ئەمەلىيەتتە ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى پەقەت ماددا ئۈستىدىلا بولدى. روھىي جەھەتتە بولسا ئىنسانىيەت خاراپ بولۇشقا قاراپ يۈزلەندى. ماددىنىڭ سەلتەنەتى روھنىڭ خارابلىقى ئۈستىدە قەد كۆتۈردى. ئىلىم - پەننىڭ تەرەققىياتى پەقەت كىشىلەرنىڭ ماددىي جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشنى ئاسانلاشتۇرۇش رولىنىلا ئوينىدى. مانا بۇ ئىنسانلارنى پەقەت ماددىغىلا ئىشىنىدىغان، رېئالىزمچى قىلىۋەتتى. ئىنسانلارنىڭ روھىي دۇنياسىنى پەقەت ماددا ۋە رىياللىق ئىگىلەپ، ئۈلارنىڭ تەپەككۇرىنى بوغدى. ئۈلارنىڭ روھىدا كىررىس ۋە مەنىسىزلىك پەيدا قىلدى. خۇددى تۇرمۇشنىڭ مەنىسىزلىكىدىن قاتتىق بىزار بولغان ئادەم ئۆزىنىڭ چۆچەك، ئەپسانە ۋە خام خىياللار ئىچىدە ياشىغان، بەخۋاش باللىق دەۋرلىرىنى سېغىنغاندەك ئىنسانىيەت ئىختىيارسىز ئاشۇ قەدىمقى دەۋرلەرنى — ئەپسانە ۋە خام خىياللار بىلەن ياشىغان چۈشتەك گۈزەل دەۋرلەرنى سېغىنىدىغان بولۇپ قالدى.

جىنسىي چوقۇنۇش ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل تەبىئەتنى جىنسىيەت ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئىنسانلاردىكى ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادلارنىڭ

كېلىپ چىقىشىدا جىنس ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان.

يوق نەرسە بارلىققا كېلىدۇ. مەسىلەن بالا. ئەر بىلەن ئايالنىڭ جىنسىي بىرىكىشى يېڭى بىرجاننى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. يېڭى بىر نەرسىنى پەقەت جىنسىي ئالاقىلا بارلىققا كەلتۈرەلەيدۇ. مانا بۇ ئىنسانلارنىڭ يارىلىش ھەققىدىكى ئەڭ دەسلەپكى تەسەۋۋۇرى. ئۇلار دۇنيا ۋە پۈتكۈل كائىناتنى ئەسلىدە يوق ئىدى، كېيىن بارلىققا كەلگەن دەپ ئويلايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە بىر نەرسىنى يوقتىن بار قىلالايدىغان كۈچ پەقەت جىنسىي ئالاقە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار پۈتكۈل كائىناتنىمۇ جىنسىي ئالاقىدىن بارلىققا كەلگەن دەپ قاراشقان. شۇڭا جىنسىيەت قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا پەقەتلا بىرخىل لەززەت ۋە ئېھتىياج ياكى ئەۋلاد قالدۇرۇش ۋاستىسى ئەمەس بەلكى ئىنتايىن مۇقەددەس ۋە سىرلىق بولغان بىرخىل غايىۋى كۈچ. مانا بۇ خىل ئىدىيە قەدىمكى ئىنسانلاردىكى جىنسقا چوقۇنۇش ئادىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا كائىناتتىكى ھەممە ماددىنىڭ جېنى بار بولۇپ، ھەممە نەرسىدە جىنسىي پەرق بولۇدۇ. مانا بۇ جىنسىي پەرق دۇنيادىكى بارلىق يارىتىشلارنىڭ مەنبەئى. شۇڭا قەدىمكى ئىنسانلار جىنسىيەتنى بىرخىل چەكسىز قۇدرەتكە ئىگە ئىلاھىي كۈچ دەپ قارايدۇ. مانا بۇ تا ھازىرغىچە ئىنسانلارنىڭ جىنسىيەتكە ئالاھىدە بىرخىل سەزگۈر مەسىلە سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشىنىڭ تۈپكى ئاساسى. ئىنسانلار مەيلى جىنسنى مەينەت پەس ئىش دەپ ھېسابلاپ چەكلىسۇن، ئۇنى گۇناھ ھېس قىلسۇن مەيلى جىنسىيەتنى بىرخىل سىرلىق پەردە بىلەن ئورۇسۇن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ جىنسىيەت مەسىلىسىنى باشقا نەرسىلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ بولغۇسىز دەرىجىدە ئالاھىدە ئورۇنغا قويۇدۇغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ جىنسىيەتنى بىرخىل سىرلىق ئىلاھىي كۈچ دەپ قارىشىدىن قېلىپ قالغان ئىدىيىۋى ئادەت.

قەدىمكى ئىنسانلاردا ئورتاق دېيىشكە بولۇدۇغان بىرخىل

قاراش ئىنسانلارنىڭ يەر بىلەن ئاسماننى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل جىنسىي ئالاھىدىلىككە ئىگە گەۋدە دەپ قارىشى بولۇپ، قەدىمقى رىملىقلار: ئەسلىدە ئاسمان بىلەن زىمىن قوش جىنسلىق ئىلاھنىڭ بىرلا گەۋدىسى ئىدى. كېيىن ئۇ ئەركەك ۋە چىشى بولۇپ ئىككىگە پارچىلىنىپ كەتكەن دەپ قارايتتى.

ئاسمان ۋە زېمىننى ئادەم بىلەن ئوخشاش ئەزالارغا ۋە ھېس تۇيغۇغا ئىگە دەپ قارايدىغان ئادەت قەدىمكى گىرېتسىيە، ھىندىستان، جۇڭگو، پولىنېزىيە، يېڭى زېللاندىيەلىكلەر ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانىلىرىدا مەۋجۇت ئىدى. قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ قارىشىدا دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇداتلار جىنس پەرقى بار ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ جىنسىي ئالاقە قىلىشىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ئاسمان ئەركەك يەر چىشى. قوياش ئاسماننىڭ ئەرلىك جىنسىي ئەزاسى بولۇپ، ئۇنىڭ نۇرى بارلىق ھاياتلىقنىڭ مەنبىئى. ھاۋانى بۇلۇت بېسىش، چاقماق چېقىش، ھاۋا گۈلدۈرلەش قاتارلىقلار ئاسماننىڭ جىنسىي ھاياجىنىنىڭ قوزغۇلۇشى بولۇپ، يامغۇر ۋە قارلار ئۇنىڭ ئابى ـ مەنىسى (سپېرمىسى). مانا مۇشۇ يامغۇر ۋە قار قاتارلىق يېغىنلار زېمىندا ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرىدۇ. جانلىقلارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ قارىشىدا بارلىق مەۋجۇدات مانا مۇشۇنداق يەر بىلەن زېمىن ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي ئالاقىدىن بارلىققا كەلگەن.

بۇ خىل قاراشلار ئۆز نۆۋىتىدە تەرەققىي قىلىپ قوياشقا چوقۇنۇش، يەرگە چوقۇنۇش، سۇغا چوقۇنۇش قاتارلىق ئەڭ ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقادلارنى شەكىللەندۈرگەن. بەزى قىياتاش رەسىملىرى ۋە قەدىمكى ئەپسانىلەردىن قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىمۇ كۆككە چوقۇنۇش ۋە يەرگە چوقۇنۇش قاتارلىق ئادەتلەرنىڭ بارلىقىنى بىلەلەيمىز. مەسىلەن: ئۇيغۇرلار قەدىمدە ئاسماننى تەڭرى دەپ ئاتىغان. تەڭرى سۆزى قەدىمقى ھۇن تىلىدا كۆك ئاسمان دېگەن مەنىدە بولۇپ، كۆككە چوقۇنۇش ئېتىقادى

تۇپەيلىدىن ئۇ كېيىن خۇدا ياكى ئىلاھ دېگەن مەنانى بىلدۈرىدىغان سۆزگە ئايلانغان. ئۇ سۆز ھازىرغىچە تىلىمىزدا خۇدا مەنىسىدە ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە. ئۇيغۇرلارنىڭ قوياشقا چوقۇنۇش ئادىتى ھەققىدە ئارخىلوگىيىلىك ئىسپاتلار بار. كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنى تەرەپتىن تېپىلغان بۇنىڭدىن 3000 يىل بۇرۇنقى قەبرىگە نۇر چاقناپ تۇرغان قوياش شەكلى بېرىلگەن. چوغاي تاغلىرىنىڭ خان ئولا چوققىسىدىكى تاغلىق جىلغىلاردىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىگە مەنسۇپ قىياتاش رەسىملىرىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ قوياشقا باش ئۇرۇش ئۈچۈن تۇرغان ئادەمنىڭ سۈرىتى ئۇچرايدۇ. ئالمۇتا ئەتراپىدىكى تامبالتاش قىياسىغا قوياش ئېتىقادىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان رەسىمدە ئۆكۈزگە دەسسەپ تۇرغان. بېشى نۇر چېچىپ تۇرغان قوياش شەكلىدە، تېنى ئادەم شەكلىدە قىلىپ قوياش ئىلاھىنىڭ ئىككى ھالىتى تەسۋىرلەنگەن.

قوياشقا ئېتىقاد قىلىش ئەمەلىيەتتە جىنسىي چوقۇنۇش ئادىتىنىڭ بىرخىل كېڭەيتىلگەن شەكلى بولۇپ، قوياشنى بىرخىل ھاياتىي كۈچ مەنبەئى ياكى بىرخىل ئەرلىك جىنسىيەتنىڭ ئەڭ مۇقەددەس ۋە ئىلاھىي گەۋدىسى دەپ قارىشىدىن كېلىپ چىققان.

يەرگە چوقۇنۇش كۆككە چوقۇنۇش بىلەن تەڭ مەۋجۇت بولغان چوقۇنۇش ئادىتى بولۇپ ئۇنىڭ قالدۇقلىرى ئۇيغۇرلاردا تا ھازىرغىچە ساقلانماقتا. مەسىلەن، بىز يەرنى «يەر ئانا» دەپ ئاتايمىز. بۇ خىل ئاتاش ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدە يەرنى ئاياللىق جىنسىي ئالاھىدىلىككە ئىگە دەپ قارىشىدىن كېلىپ چىققان. دۇنيادىكى باشقا نۇرغۇنلىغان خەلقلەرگە ئوخشاش ئۇيغۇرلارمۇ قەدىمكى ئەپسانىلەردە ياكى ھازىرقى ئېتىقاد قاراشلىرىدا ئادەم تۇپراقتىن يارىتىلغان دەپ قارايدۇ. خوتەندىن توپلانغان بىر قەدىمىي ئەپسانىدە بىر بوۋاقنىڭ خۇددى ئايال كىشىنىڭ ئەمچىكىدەك شەكىلگە كىرگەن يەرنى ئېمىپ چوڭ بولغانلىقى

تەسەۋۋۇرلەنگەن. بۇلاردا شۇ نەرسە ناھايىتى گەۋدىلىككى، قوياش ھامان ئەركەك، تۇپراق ھامان چىشى دەپ تەپەككۇر قىلىنغان.

قەدىمكى تۈرك ئەپسانىلىرىدە ئىنساننى ئاتا تەڭرى «ئۆلگىن» بىلەن ئانا تەڭرى «ئۇماي» يارتقان دەپ قارىلىدۇ. ناھايىتى ئېنىقكى قائىدە بويىچە بۇ ئىككى تەڭرىنىڭ ئەركىكى ئاسمان چىشىسى يەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

A. ئانوخىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ خاتىرىلىۋالغان رىۋايەتتە ئۆلگىننىڭ ئاي بىلەن قۇياشنىڭ ئارىسىدا يولتۇزلارنىڭ ئۈستىدە ياشايدىغانلىقى ئېيتىلغان. بۇ يەردە گەرچە ئۆلگىن ئادەم شەكلىدە تەسۋىرلەنمىسىمۇ بىراق ئۇنىڭ جايلاشقان ئورنىدىكى كەڭلىك بىزگە ئۇنىڭ بىر ئادەم ئەمەس بەلكى پۈتكۈل ئاسماندىن بىشارەت بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. پەقەت تىلدىكى ئىپادىلەش جەھەتتىكى ئاجىزلىق تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ ئەرلىك جىنسىي ھالىتىنى ئىپادىلەش ئېھتىياجىدىن ئۇ ئەر كىشى دەپ تەسۋىرلەنگەن. بۇ كونكرېت تەسۋىر كونكرېت نەرسىنى تەسۋىرلىمەستىن ئەمەلىيەتتە ئابستراكت ئۇقۇمنى كۆرسىتىدۇ. ئەپسانىۋىي تەپەككۇرى راۋاجلانغان بىراق نەزەرىيىۋى تەپەككۇرى راۋاجلانمىغان قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئابستراكت ئۇقۇمنى ئىپادىلەشتىكى بىردىن بىر يولى كونكرېت نەرسە ئارقىلىق ئابستراكت نەرسىنى ئىپادىلەشتىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بۇ ئەپسانىدىكى «ئۆلگىن» نى كۆك ئىلاھى دەپ ئېيتالايمىز. بۇ ئەپسانىدىكى يەنە بىر ئىلاھ «ئۇماي» بولۇپ ئۇ يەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. «ئۇماي» ئانا تەڭرى بولۇپ چىشى جىنسلىق.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار كائىناتنى ئۈچكە بۆلۈپ تەسەۋۋۇر قىلغان. بۇ توغرىدىكى ئەپسانىۋىي قاراشلار ھازىرمۇ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مەۋجۇت. ئالەمنىڭ ئۈستى يەنى ئاسمان — تەڭرىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى. زېمىن ئىنسانلار تۇرۇشلۇق جاي. زېمىننىڭ ئاستى جىن - ئەرۋاھلار ياشايدىغان قاراڭغۇ ماكان بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھازا ئاچقاندا بىلىگە ئاق بەلباغ باغلىشى دەل «بىز ئوتتۇرلۇقتا يەنى

زېمىنىدا ياشاۋاتىمىز» دېگەن قاراشنىڭ بەلگە بىلەن ئىپادىلىنىشى. مەن كىچىك چاغلىرىمدا كىشىلەردىن بۇنداق چۈشەندۈرۈشلەرنى كۆپ ئاڭلىغانىدىم. قەدىمكى ئۇيغۇر ئەپسانىلىرىدا ئۇماي ئانا ئۈستۈنكى نۇرلۇق جاي بىلەن ئاستىنقى قاراڭغۇ جاينىڭ ئوتتۇرىسىدا دېيىلگەن. دېمەك، ئۇماي ئانىنىڭ يەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقى شۈبھىسىزدۇر. «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» نىڭ 83 ـ قۇرىدا «تەڭرى ئۇماي، مۇقەددەس يەر ـ سۇ بىزگە مەدەت بېرىدۇ» دېيىلگەن. دېمەك، بۇ يەردىمۇ «ئۇماي» يەر سۇ بىلەن بىر گەۋدە قىلىپ ئېيتىلغان. قەدىمكى ئاشۇ ئەپسانىدە (يارىلىش ئەپسانىسى) ئايال تەڭرى ئۇماي بىلەن ئەر تەڭرى ئۆلگىنىنىڭ جىنسىي مۇناسىۋىتى تىلغا ئېلىنمىغان. پەقەت كۆكتىن تامغان يامغۇر ئۆلگىنىنىڭ شالىسى ئىكەن دېيىلگەن. بەلكىم بۇ بىرخىل ئېغىز زىناسىنى كۆرسەتسە كېرەك. بۇنى بىز بىرخىل جىنسىي ئالاقە شەكلى دېمەي باشقىچە چۈشەندۈرەلمەيمىز. چۈنكى يامغۇر ھەققىدىكى بۇ ئىدىيە ئۇيغۇرلاردا تا ھازىرغىچە ساقلانغان بولۇپ، يامغۇر تىلەش پائالىيەتلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ «كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق» دەپ كۆككە بېقىپ خۇداغا نالە قىلىشى يەنىلا ئۇيغۇرلارنىڭ يامغۇرنى بىرخىل جىنسىي ئالاقىنىڭ ئىپادىسى دەپ قارايدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. «كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق» دېگەن سۆزدە ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئىككى مەنبە يەنى ئابى مەنى بىلەن ئانىلىق تۇخۇمنىڭ بىرىكىشى ناھايىتى ئېنىق ئېيتىلغان. كۆكتىن تامدۇق دېگەننىڭ مەنىسى ئاسماندىن مەنى بولۇپ تامدۇق دېگەنلىك بولۇپ، يەردىن ئۈندۇق دېگەننىڭ مەنىسى زېمىننىڭ بالا ياتقۇسىدا ئۈنۈپ چىقتۇق دېگەندىن ئىبارەت.

قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ جىنسىي چوقۇنۇش ئادەتلىرى ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي تەپەككۇر ئۇسۇلىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ دۇنيانى ۋە ئۆزىنىڭ ماھىيىتىنى كۈزۈتۈش

ئۇسۇلىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ھەم سىرلىق ھەم ئىنتايىن گۈزەل شېئىرىي تۈس ئالغان بولۇپ، بۇنى قەدىمكى ئىنسالارنىڭ تەبىئەت ۋە جەمىيەت توغرىسىدىكى ساددا چۈشەنچىلىرى، بالىلارچە دانالىقى دەپ قاراش، ئۇنى ھازىرقى زامان ئىلىم - پېنى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئۇنى قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ تەبىئەت ھادىسىلىرىنى چۈشەنمىگەنلىكتىن كېلىپ چىققان بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈش ياكى تەبىئەت ھادىسىلىرى سىرلىق تۇيۇلۇپ، ئۇنىڭدىن قورقۇشتىن كېلىپ چىققان بالىلارچە تەسەۋۋۇرلار، بۇ بىرخىل قالاقلىق دەپ قاراش ئىنتايىن خاتا ۋە بىر تەرەپلىمە قاراش بولۇپ، بۇنداق قاراش مەدەنىيەت ئانتروپولوگىيە تەتقىقاتى ئۈچۈن ئىنتايىن زىيانلىق.

قەدىمكى ئەپسانىلەر ۋە ئېتىقاد ئادەتلىرى ئىلمىي ھەقىقەت بولمىسا بىراق ئۇ بىر خىل شېئىرىي ھەقىقەت. بىز ئىنسانىنىڭ روھىي ماھىيىتى نۇقتىسىدىن ئۇنى كۆزەتسەك ھەقىقەت ئەمەس دېيەلمەيمىز. ئۇلار ئىلىم - پەن بىلەن ئوخشاش قىممەتكە ئىگە. بىز ئىنسانلارنىڭ نادانلىق دەۋرىنىڭ زادى قايسى دەۋر ئىكەنلىكى ھەققىدە ئالدىراپ يەكۈن چىقىرىۋەتمىگىنىمىز ياخشى.

قەدىمكى ئەپسانىلەر ۋە ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ يىلتىزى جىنسىيەت. شۇ نەرسىنى تەكىتلەپ ئۆتۈش ئىنتايىن مۇھىمكى: قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ نەزەرىدىكى جىنسىيەت ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ نەزەرىدىكى جىنسىيەت بىلەن زادىلا ئوخشىمايدۇ. ھازىرقى زامان ئادەملىرى جىنسىيەتنى پەقەت بىرخىل كۆڭۈل خوشى دەپ بىلىدۇ. جىنسىيەت ئۈچۈن ئۆزىنى ئەسەبىيلەرچە ئۇرىدۇ-يۇ، يەنە بىر تەرەپتىن جىنسىيەتنى كۆزگە ئىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ جىنسىيتى ئىنتايىن يىرگىنچلىك تۈس ئالغان، بىر پۈتۈنلۈكى بۇزۇن تاشلانغان، ئىنتايىن پاسكىنا جىنسىيەت. قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ جىنسىيىتى بولسا چەكسىزلىككە ئىگە، سىرلىق ۋە مۇقەددەس تۈس ئالغان يۈكسەك جىنسىيەت. ئۇ

ھەرگىزمۇ ئاددى ئويۇن ياكى كۆڭۈل خوشى ئەمەس. ھازىرقى زامان ئادەملىرىدىكى كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئاڭدا قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئاشۇ قاراشلىرى ساقلىنىپ قالغان. كارل ياڭنىڭ ئۇسۇلى بويىچە تەھلىل قىلغاندا ئۇلارنىڭ بۇ نەرسىلىرىدىن مۇستەسنا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئادەملەر ھامان يوشۇرۇن ئاڭدىكى بەزى خاھىشلارنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىغاچقا ئاڭدا ئەكسىچە ئاشۇ خاھىشلارنىڭ قارشى تەرىپىگە ئۆتۈۋالىدۇ. يوشۇرۇن ئاڭدىكى جىنسىقا چوقۇنۇش خاھىشى رول ئوينىغانسېرى كىشىلەرنىڭ ئېڭى بۇنى ئىنكار قىلىپ ئاڭدا يوشۇرۇن ئاڭغا قارشى بولغان جىنسىتىن بىزار بولۇش ۋە ئۇنى ئاددى ئىش دەپ قاراش خاھىشى كۈچىيىدۇ. شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر جىنسىيەتنى مۇھىم ئىش بىلمەيدۇ. ئەمما ئەنە شۇ ئۇششاق چۈششەك ۋە ئەرزىمەس ئىش ئۈچۈن دايىم پالاقلاپلا يۈرۈيدۇ. ئۇلارنىڭ ئېغىزىدا بۈيۈك ئىشلار ۋە غايىلار، بىراق يوشۇرۇن ئېڭىدىكى جىنسىيەتنى مۇقەددەس بىلىش خاھىشى ئۇلارنى ئارام تاپقۇزمايدۇ. دەل ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا تەڭلا مەۋجۇت بولغان بۇ قارىمۇ - قارشىلىق ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ پۈتكۈل روھىي كىرزىسىنىڭ مەنبەئى.

قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ كائىناتنىڭ يارىتىلىشىنى ۋە ئادەملەرنىڭ يارىتىلىشىنى ئىككى جىنس نۇقتىسىدىن چىقىپ چۈشەندۈرۈشى ئەلۋەتتە كېيىنكى دىنلاردىمۇ بەزى ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن.

قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ نەزەرىدە ئاسمان ئەرلىك، يەر ئاياللىق جىنسىدا يەنى ئەر ئۈستىدە ئايال ئاستىدا ئۇلار بىر بىرىگە قارىشىپ تۇرغان مۇشۇ قائىدە بويىچە بولغاندا ئادەملەرنىڭ جىنسىي ئالاقىسىمۇ ئاشۇنداق شەكىلدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. شۇڭا بىراخمان دىنىدا مۇشۇ خىل ئادەتتىن باشقا شەكىلدە جىنسىي ئالاقە قىلىش گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. خىرىستىئان دىنى ۋە ئىسلام دىنىدا بۇ ھەقتە ئېنىق بەلگىلىمە

بولمىسىمۇ بىراق خەلق ئارىسىدىكى قائىدىلەردە ئاشۇ خىل شەكىلدىن باشقا شەكىلدە بىللە بولۇش ۋە كۆندۈزدە بىللە بولۇش گۇناھ دەپ قارىلىدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ جىنسقا چوقۇنۇشى بىلەن جىنسىي گۇناھ، پاسكىنا ۋە مەينەت دەپ قارىشى قارىمۇ ـ قارشى ئەمەس. جىنسقا چوقۇنۇش بىرخىل دۇنيانى كۆزۈتۈش ۋە پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇ ھەرگىزمۇ شەھۋانىيلىقنى تەرغىپ قىلىش ياكى شەھۋانىيلىقنى ئۇلۇغلاش ئەمەس. ئىپتىدائىي گۇناھ تەلىماتىغا ئاساس بولغان «تەۋرات» دا ئەڭ دەسلەپكى ئىنسانىنىڭ گۇناھىغا خۇدانىڭ غەزىپى كېلىپ ئۇلارنى جەننەتتىن ھەيدەپ چىقارغانلىقى يېزىلغان. ئۇلارنىڭ گۇناھى ئەقىل مىۋىسىنى يېيىش. بۇ يەردىكى ئەقىل ئۇلارنىڭ بىرىكىش ھەققىدە ئەقىلگە ئىگە بولۇشىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ جىنسىي بىرىكىشى يېڭى بىر جاننىڭ يارىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. بۇ خىل يېڭى بىر جاننى يارىتىش يەنى بالا تېپىش قىلمىشى ئىنسانىنىڭ قۇدرەتتە ئۆزىنى خۇداغا تەڭلەشتۈرۈشى بولۇپ، بۇ خۇداغا شېرىك كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت. مانا بۇ ئىنسانلاردىكى ئىپتىدائىي گۇناھ تۇيغۇسىنىڭ كېلىپ چىقىشى بولۇپ، جىنسىي ئالاقە قىلىش خۇداغا شېرىك كەلتۈرۈش دېگەن بۇ يوشۇرۇن قاراش كىشىلەردىكى جىنسىيەتكە بولغان جىنايى تۇيغۇنىڭ مەنبەئى. مانا شۇ سەۋەبتىن جىنسىيەت نومۇسلۇق ئىش ھېسابلىنىدۇ. بۇ نومۇس ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىدىن قالغان نومۇس تۇيغۇسى. بۇ خىل قاراشنىڭ تۈپكى يىلتىزى يەنىلا جىنسىيەتنى بىرخىل يارىتىش كۈچى دەپ قاراش بولۇپ، بۇ قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ جىنسىيەتنى ئۇلۇغلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب بولغان ئۇنى بىرخىل يارىتىش كۈچى دەپ قاراش بىلەن ئوخشاش.

كىشىلەرنىڭ بەزى جىسىملارغا چوقۇنۇشى، مەسىلەن، دەرەخ، تاغقا، سۇغا... ھەرگىزمۇ تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ سىرىنى بىلەلمەي ئۇنىڭدىن قورقۇشتىن ئەمەس، بەلكى بۇمۇ

ئاشۇ جىنسىي چوقۇنۇشنىڭ داۋامى بولۇپ، چوقۇنغان تەبىئەت جىسىملىرى قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ نەزەرىدىكى يارىتىش كۈچى بولغان تەبىئەتتىكى جىنسىي ئالاقىدە موھىم رول ئوينايدىغان ياكى سىمۋوللۇق مەنىگە ئىگە ئەسلى تىپلاردىن ئىبارەت. بۇ ئەسلى تىپلارنىڭ پۈتكۈل تەبىئەتنىڭ جىنسىيىتىنى ئىپادىلەشتىن باشقا ئايرىم مەنىسى يوق.

ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى كۆزىتىش ئۇسۇلى ۋە پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئاساسىي دۇنيانى بىرخىل جىنسىي كۈچتىن پەيدا بولغان دەپ قاراش بولۇپ، بۇ قاراش بارا-بارا تەرەققىي قىلىپ نوقۇل جىنسىي مەنادىن يىراقلاپ، ئەسلىدىكى جىنسىي مەنبەنى تاپقىلى بولمايدىغان بولۇپ، قالدى، يەنى ئۇ بىرخىل مەدەنىيەتكە ئايلىنىپ كەتتى، بىراق يەنە بىر قىسىم رايونلاردا ۋە مىللەتلەردە بولسا ئۇنىڭ جىنسىي تۈسى بارغانسېرى قويۇقلىشىپ، ئاخىرىدا پەقەتلا جىنسىي ئەزا ۋە جىنسىي ئالاقىگە مەركەزلىشىپ قالدى.

بەزى ئالىملارنىڭ ئېنىقلىشىچە قەدىمكى سۈرىيەلىك ئاياللار ياغاچ بىلەن ياسالغان ئەرلىك جىنسىي ئەزانىڭ مودېلىنى دايىم ئېسىۋېلىپ يۈرۈيدىكەن، ئۇنى تۇمار ئورنىدا يامان كۆزلەردىن ياكى نەس بېسىشتىن ساقلايدۇ دەپ قارايدىكەن. 10 ـ ئەسىردە يېزىپ قالدۇرۇلغان «ئىبنى فەزلان ساياھەتنامىسى»دە قەدىمكى باشقىرتلارنىڭ جىنسىي ئەزاغا چوقۇنىدىغانلىقى مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «ئۇلارنىڭ (باشقىرتلارنىڭ) ھەممىسى ياغاچنى زەكەر شەكلىدە ياساپ بوينىغا ئېسىۋالىدىكەن. سەپەرگە چىقىدىغان ياكى بىرەر دۈشمەنگە ئۇچراپ قالىدىغان بولسا ئۇنى سۆيىدىكەن ۋە ئالدىغا يىقىلىپ سەجدە قىلىپ: «ئەي رەببىم! ماڭا مۇنداق... مۇنداق ئىشلارنى قىلىپ بەر» دەيدىكەن. تەرجىمانغا «ئۇلارنىڭ بىرىدىن سوراپ باق، ئۇنى خۇدا دېيىشتە قانداق دەلىللىرى بار؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنى (جىنسىي ئەزاسىنى) ياراتقۇچى دەپ تونۇيدۇ؟» دېدىم. سورالغان كىشى جاۋابەن: «چۈنكى مەن ئۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىدىن چىقتىم، ئۇنىڭدىن

باشقا مېنى ياراتقان نەرسىنى بىلمەيمەن» دېدى.


باشقىرتلار قەدىمكى تۈركلەرنىڭ بىر قەبىلىسى بولۇپ، ئەينى چاغدا تۈركلەر ئاساسەن شامانىزىمغا ئېتىقاد قىلاتتى، ئىبنى فەزلان يەنە ئۆز ساياھەتنامىسىدە ئۇلارنىڭ باشقا تەبىئەت ھادىسىلىرىغىمۇ چوقۇنىدىغانلىقىنى ئېيتقان، دېمەك، ئۇلار بىر تەرەپتىن جىنسىي ئەزاغا بىۋاستە چوقۇنسا يەنە بىر تەرەپتىن تەبىئەت ھادىسىلىرىگە جىنسىي سىمۋول بېرىپ چوقۇنغان.

جىنسىي ئەزاغا چوقۇنۇش دۇنيادا ناھايىتى ئەۋج ئالغان بىرخىل ئادەت شەكلى بولۇپ، ئاۋىستىرالىيە ۋە ئافرىقا قىتئەلىرىدىكى بەزى ياۋايى قەبىلىلەردە ھازىرمۇ ئۇچرۇتۇش مۇمكىن، بەزى ئافرىقىلىقلار ئەرلەرنىڭ ۋە ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا ئوخشاش شەكىلدىكى نەرسىلەرنى ياساپ دەرەخلەرگە ئېسىپ قويىدىكەن ھەم جىنسىي ئەزاسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان شەكىلگە ئىگە نەرسىلەرنى مۇقەددەس بىلىپ، يىغىپ ساقلاپ قويۇدىكەن. ھىندىستاندىكى بىر نەچچە مەشھۇر ئىبادەتخانىدا، ئىبادەتخانىنىڭ ئىچكى ۋە سىرتقى تاملىرىغا نۇرغۇنلىغان جىنسىي ئەزا شەكىللىرى چىقىرىلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا ئۇلار ئاياللاردىكى كۆپۈيۈش كۈچىنى كالىنىڭ كۆپۈيۈش كۈچى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدىكەن. شىمالىي ئافرىقىدىكى بەزى قەبىلىلەر ئولتۇراقلاشقان مەھەللىلەرنىڭ ئۆگزىلىرىگە غايەت زور بولغان جىنسىي ئەزانىڭ شەكىللىرى تىكلەپ قويۇلۇدىكەن. ئەنگىلىيىلىكلەر شىمالىي ۋە غەربىي ئافرىقىنى بېسىۋالغان چاغدا بارلىق جىنسىي ئەزانىڭ ھەيكەللىرىنى ئېلىپ تاشلاپ ئافرىقىلىقلارنىڭ جىنسىي ئەزاغا بولغان چوقۇنۇشىنى چەكلەپ، مىللەتنىڭ جىنايەتلىك روھىنى قۇتقۇزماقچى بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئېتىكىلىق ئىلاھ بىلەن تەبىئىي ئىلاھ ئوتتۇرىسىدا قانلىق توقۇنۇش يۈز بەرگەن. توقۇنۇش نەتىجىسىدە ئاخىرى جىنسىيەت ئىلاھى مەغلۇپ بولۇپ ئالۋاستىغا ئايلانغان، يەنى شىمالىي ئافرىقىلىقلارنىڭ ئەپسانىلىرىدىكى ئىلاھلارنىڭ ھەر بىرى

بىردىن ئالۋاستى دەپ قارىلىپ ئېتكىلىق دىن بىلەن مۇرەسسەلىشىپ ئۇنىڭ بىر تەركىۋى قىسمىغا ئايلانغان.

بەزى مىللەتلەر تەبىئەت ئىلاھچىلىقىدىن پەلسەپىۋى ئىلاھچىلىققا ئۆتكەندە ئۇلارنىڭ بەزى دەسلەپكى دىنىي مۇراسىم ۋە ئادەتلىرى ئۆزىنى نىقاپلاپ سىمۋوللۇق شەكىللەرگە ئىگە بولدى. شۇنىڭغا ئوخشاش جىنسقا چوقۇنۇش ئادەتلىرىمۇ بارا - بارا سىمۋوللۇق تۈس ئېلىپ شەكلىنى ئۆزگەرتىپ يېڭى دىنغا ماسلىشىپ سىڭىپ كىرىۋالدى. مەسىلەن: قەدىمكى ھىندىلارنىڭ بىراخمان ۋە بۇددا دىنىدىكى بەخت ئامەتنى بىلدۈرىدىغان بەلگە ئەسلىدە توپلۇشۇپ جىنسىي ئالاقە قىلىشنىڭ مەزمۇنىدا ئىدى. كېيىنچە ئۇ بارا - بارا ئۆزىدىكى بۇ مەزمۇننى يوقۇتۇپ بىر ئابستراكت بەلگىگە ئايلىنىپ قالدى.

بىر ئايال كۆپ ئەرلىك تۈزۈم ئارىئانلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان ھىندىستاندا قاتتىق ئەۋج ئالغانىدى، بۇ خىل تۈزۈمنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئەسلى سەۋەب بەلكىم ئاياللارنىڭ بەكمۇ ئازىيىپ كەتكەنلىكىدىن بولسا كېرەك. بىر ئايال مەلۇم بىر جەمىيەتتىكى نۇرغۇن ئاكا - ئۇكا قېرىنداشلارغا ئورتاق خوتۇن بولغان. ھازىرمۇ ھىمالايا تاغلىرىدا ياشايدىغان بەزى مىللەتلەردە بۇ خىل ئادەت ساقلانماقتا. ھىندىستاننىڭ بەزى جايلىرىدا بۇ خىل ئادەت تاكى 1890 - يىلى ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ھىندىستاندا بۇ خىل تۈزۈمنى قاتتىق چەكلەش ھەققىدە بۇيرۇق چىقارغىچە داۋاملاشقان.




پان ئارىئانچىلىق ئىدىيىسى ئۈچۈن بەلگە قىلىپ گىتلىر 2 - دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئىشلەتكەن بەلگە (ئىلمەك كىرست بولسا كېرەك، رەسىم ئۆچۈپ كەتكەن — م) بىر مەزگىل ئارىئانلارنىڭ مىللىي روھىنىڭ سىمۋولى بولۇپ كەلگەنىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ قەدىمكى ئارىئانلاردىكى بىر خوتۇن كۆپ ئەرلىك تۈزۈمنىڭ

بەلگىسى بولۇپ، ئاياللاردىكى كۆپىيىش ئىقتىدارىغا چوقۇنۇشنىڭ مەھسۇلى. مەيلى ئەينى دەۋردە ئاياللار ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن جانلىقلار چىشىسىنىڭ قورسىقىدا پەيدا بولۇپ دۇنياغا كېلىشى ئايال جىنسلىقلارنىڭ جىنسىيىتىنى ئىلاھلاشتۇرغان.

يۇقۇرىقى بەلگە پەقەت ھىندىلاردىلا مەۋجۇت بولۇپ قالماستىن بەلكى ئوتتۇرا ئامېرىكىدىكى ئازتېكلارنىڭ مەدەنىيەت خارابىلىرى ئىچىدىنمۇ تېپىلغان. ئازتېكلارمۇ ئۇنى بەخت ـ ئامەت بەلگىسى قىلىپ ئىشلەتكەن. ئېرلاندىيىلىكلەر خىرىستىئان دىنىغا ئىشىنىشتىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ كىرىست بەلگىسىمۇ بۇ شەكىلدە بولۇپ، دايىم ئەتراپىغا بەزى شەھۋانىي قاپارتما رەسىملەر ئىشلەنگەندى.

نىستورىئان دىنىنىڭ بەلگىسىمۇ جىنسىي بىرىكىشنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ ئىككى دانە ئۈچ بۇلۇڭدىن تەركىب تاپقان. ئۇ ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزا رايونىنىڭ ئۈچ بۇرجەك شەكلى بىلەن ئەرلەرنىڭ جىنسىي رايونىنىڭ ئۈچ بۇجەك شەكلىنىڭ بىرىكىشىدىن ئىبارەت. يەھۇدىيلارنىڭ قارىشىچە داۋۇدنىڭ قالقىنى شۇنداق شەكىلدە ئىدى. شۇڭا يەھۇدىيلار ھازىر بايراقلىرىدا ئاشۇ بەلگىنى يەھۇدىيلارنىڭ مىللىي روھىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئىشلەتمەكتە.



بەلگۈشۇناس ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىغا قارىغاندا قەدىمكى دەۋرلەردە ئىشلىتىلگەن نۇرغۇنلىغان بەلگىلەر ۋە نەقىشلەر ئىچىدە ئۈچ بۇلۇڭ شەكلى پۈتۈنلەي جىنسىي مەناغا ئىگە بولۇپ ئۈچى ئاستىغا قارىغان ئۈچ بۇلۇڭ ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسىنى ئۈستىگە قارىغان ئۈچ بۇلۇڭ ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئەزاسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرىكىشى بولسا ئىككى جىنسنىڭ بىرىكىشىدىن ئىبارەت بولۇپ، سىرلىق يارىتىش كۈچىدىن بىشارەت بېرىدۇ.

جىنسىي بىرىكىشنى ئىپادىلەيدىغان نۇرغۇنلىغان بەلگىلەر بار بولۇپ، بەزىلىرى تا ھازىرغىچە ئىشلىتىلمەكتە. مەسىلەن، ماتېماتىكىدىكى بىرنى بىلدۈرىدىغان «1» بەلگە ئەرلىك جىنسىي ئەزانىڭ بەلگىسىدىن ئىبارەت، يوقلۇقنى بىلدۈرىدىغان «0» بولسا ئاياللىق جىنسىي ئەزانىڭ شەكلىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ جىنسىي مەنىسى ناھايىتى روشەن «1» بىلەن «0» قوشۇلۇپ يېزىلسا «10» بولۇدۇ. يەنى بىر خانە كۆپىيىدۇ. دېمەك، ئىنسانلار جىنسىي بىرىكىش ئارقىلىق كۆپىيىشنى ئىپادىلىگەن. بىر ئايال ئۆزى يالغۇز بولسا ئۇ نۆلگە تەڭ يەنى يوققا ھېساب بولۇدۇ، بىر ئەر بىلەن بىرىككەندە بولسا كۆپىيىپ بىر توپ بولۇدۇ. سانلارنىڭ خانە ھېسابلىنىشى دەل مۇشۇ خىل پىكىر قىلىش ئۇسۇلىدىن كېلىپ چىققان.

تووي مۇراسىمىدا بارماقتا ئۈزۈك سېلىشمۇ جىنسىي بىرىكىشنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئۈزۈك ئاياللىق جىنسىي ئەزاغا، بارماق ئەرلىك جىنسىي ئەزاغا ئوخشايدۇ، ئۇلارنىڭ بىرىكىشى ئىككى جىنسنىڭ بىرىكىشىدىن بىشارەت بېرىدۇ. بۇ ئادەتمۇ ئەسلىدە مانا مۇشۇنداق كېلىپ چىققان.

قەدىمكىلەرنىڭ جىنسىي چوقۇنۇش ئادەتلىرىنىڭ بەزى قالدۇقلىرىنى ھازىرقى بەزى قۇرۇلۇش شەكىللىرىدىنمۇ كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. ئافرىقىدا ھازىرمۇ ئەرلىك جىنسىي ئەزا شەكلىدە سېلىنغان مۇنارلارنى ئۇچرۇتۇش مۇمكىن. ھىندىستاندىكى بىر ئىبادەتخانىنىڭ دېرىزىسىنىڭ شەكلى جىنسىي ئەزا شەكلىدە بولۇپ، دەرىزىلەرنىڭ ئۈستى ئەگمەچ، ئوتتۇرىدىكى دەرىزە ئۇزۇن بولۇپ، ئىككى ياندىكى دەرىزە پاكار. بۇ خىل دەرىزىنى ئامېرىكىدىكى سانت لويىستىكى بىر چېركاۋدىمۇ تاپقىلى بولۇدۇ. ئۇنىڭ شەكلى مۇنداق: (رەسىم چۈشۈپ قالغان)

ھىندىستاندىكى ئورمانلىقلاردا ئەرلىك جىنسىي ئەزا شەكلىدىكى مېھرابلارنى كۆپلەپ ئۇچراتقىلى بولۇدۇ. تۇغماس ئاياللار دايىم كېلىپ ئۇ يەردە كۆجە كۆيدۈرۈپ، جىنسىي ئەزاسىنى

ئۇنىڭغا سۈركەپ بالا يۈزى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. نۇرغۇنلىغان نەقىشلەردىنمۇ بىر جىنسىي چوقۇنۇشنىڭ ئىزنالىرىنى كۆرەلەيمىز.

مەسىلەن، ئۇيغۇرلارنىڭ نەققاشچىلىقىدا يۇمىلاق شەكىلگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىلگەن بولۇپ، يۇمىلاق شەكىل ئاياللىق گۈزەللىكىدىن بىشارەت بېرىدۇ. ئاياللارنىڭ تېنىدە ناھايىتى سىرلىق بولغان يۇمىلاق ھالەت كۆپ بولىدۇ. مەسىلەن، ئاياللارنىڭ كۆكسى، ساغرىسى، ئاياللار مۇشۇ جەھەتتە ئەرلەردىن پەرقلىنىدۇ. شۇڭا يۇمىلاق شەكىللەر نەققاشلارنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى ئاياللىق گۈزەللىكىنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئۇلار نەقىش ئىشلەش جەريانىدا يۇمىلاق شەكىللەرنى ھەرگىزمۇ ئاڭلىق ھالدا ئاياللىق گۈزەللىكىنى ئىپادىلەيمەن دەپ تاللىغان ئەمەس، پەقەت يۇمىلاق شەكىللەر ئىختىيارسىز ئۇلارنى مەپتۇن قىلغان. ئۇلارغا شەكىل يۇمىلاق بولسا چىرايلىق كۆرۈنگەن خالاس، بىراق نېمىشقا چىرايلىق كۆرۈنىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمىگەن. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى ئاياللىق گۈزەللىكىنىڭ ئەسلىي تىپى يوشۇرۇن رول ئويناپ ئۇنى شۇنداق قىلىشقا ئۈندىگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ نەقىشلىرىدە بۇنداق يۇمىلاق شەكىلنىڭ كۆپ بولۇشى ئۇلارنىڭ ياشاش شارائىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، جۇغراپىيەشۇناس ۋە ئىرسىيەتشۇناسلارنىڭ قارىشىچە ئىسسىق بەلباغدا ۋە قۇملۇق قۇرغاق رايونلاردا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ ئەرلىك جىنسىي ھەۋىسى قاتتىق كۈچلۈك بولىدىكەن. مانا بۇ خىل ئەرلىك جىنسىي ئېچىرقاش ئىجتىمائىي ئەخلاق قاتارلىق ئامىللار تەرىپىدىن بېسىلغانلىقى ئۈچۈن قېنىش تاپالماي سابلىماتسىيەلىشىپ، ئۇلارنىڭ سەنئەت ئىجادىيىتىدە ئىپادىلەنگەن.

بىز ئۇيغۇرلارنىڭ نەقىشلىرى بىلەن خانسۇلارنىڭ نەقىشلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باقساق ئۇلارنىڭ تامامەن

ئوخشىمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. خانسۇچە نەقىشلەردە تۈز سىزىق ئاساس بولۇپ، بۇ نەم ۋە مۆتىدىل ئاسىيا ئىقلىمىدا ياشىغان خىتاي خەلقىنىڭ ئەرلىك جاسارىتىگە ۋە ئەرلىك جىنسىي ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقىنىڭ بىشارىتى. سىگموند فرېئودنىڭ قارىشى بويىچە «سەنئەت چۈش دېمەكتۇر». دېمەك، ئۇلار ئۆز سەنئىتىدە مۇكەممەل بىر ئەرگە ئايلىنىشنى چۈشەيدۇ.

قەدىمكى جىنسىي چوقۇنۇش ئادەتلىرىنى تەتقىق قىلىش بىر مىللەتنىڭ قىممەت قارىشى ۋە پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

# 3. باب

## جىنسىي ئوبيېكتتىكى بىنورماللىق

نورمال كىشىلەرنىڭ جىنسىي ئوبيېكتى يات جىنسلىق بولۇپ، ئۇلارنىڭ جىنسىي تەلپى ۋە جىنسىي ئىنتىلىشلىرى پۈتۈنلەي يات جىنسلىق كىشىلەرگە قارىتىلغان بولىدۇ. يات جىنسلىقتىكى جىنسىي پەرق قانچە كۈچلۈك بولسا ئۇنىڭغا شۇنچە مەپتۇن بولىدۇ، ئۆزىدە ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان بىرخىل تەبىئىي ئىنتىلىش ھېس قىلىدۇ. جىنسىي ئوبيېكت تاللىغاندا ھايات، ساغلام ۋە بالاغەتكە يەتكەن يات جىنسلىقنى تاللايدۇ. بۇ تەبىئەت قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇپ، جەمئىيەت ۋە ئەخلاق تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان.

جىنسىي بىنورماللىققا گىرىپتار بولغانلارنىڭ جىنسىي ئوبيېكتى بولسا بۇ خىل نورمال بولغان تەبىئىي يولدىن چىقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ جىنسىي تەلپى ۋە جىنسىي ئىنتىلىشى يا ئۆزى بىلەن ئوخشاش جىنسلىقلارغا ياكى بالىلارغا

ياكى قىزلارغا، بەزىلىرىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىغا، بەزىلىرىنىڭ بولسا جانسىز نەرسىلەرگە، ھايۋاناتقا ھەتتا جەسەتكە قارىتىلغان بولۇشى مۇمكىن.

جىنسىي ئوبيېكت بىنورماللىقىمۇ خىلمۇ ـ خىل ۋە ئاجايىپ غارايىپ بولۇپ، بىنورماللىق شەكىللىرى ناھايىتى كۆپ، بىنورماللىق دەرىجىسىمۇ بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغانلىرى ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى، نارسىدىلەرگە ئاشىقلىق، سەۋدالىقى، قىزلارغا ئاشىقلىق سەۋدالىقى، يېقىن تۇغقانلار جىنسىي مالىمانچىلىقى، جەسەتكە ئاشىقلىق سەۋدالىقى، نەرسىگە ئاشىقلىق سەۋدالىقى، ھايۋانغا ئىنتىلىش سەۋدالىقى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

ئۇيغۇر مەتبۇئات ساھەسىدە كىشىنى چۆچۈتىدىغان ھەم ھەيران قالدۇرىدىغان بۇنداق غەلىتە جىنسىي بىنورماللىقلار ئىلگىرى كىشىلەرگە چۈشەندۈرۈلمىگەچكە، بۇ نەرسىلەرنىڭ كىتاب يۈزىدە كۆرۈلۈشى ئاجايىپ غەلىتە، ئەقىلگە سىغمايدىغان، بىمەنە ھېكايىلەردەك تۇيۇلۇشى مۇمكىن، ئەمەلىيەتتە بۇ نەرسىلەر بىزنىڭ ئەتراپىمىزدا ۋە كىشىلەر ئارىسىدا مەۋجۇت. پەقەت ئەخلاققا خىلاپلىقى تۈپەيلىدىن كىشىلەردىن يوشۇرۇن ئېلىپ بېرىلغاچقا، جەمىيەتتە ئاشكارا مۇنازىرە قىلىنمىغاچقا، كىشىلىرىمىز پەقەت ئىجتىمائىي تۈس ئالغان يۈزەكى كۆرۈنۈشلەردىن باشقا نەرسىلەرنى، بولۇپمۇ ئەخلاقسىز ناچار قىلمىشلارنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمىغاچقا بۇ نەرسىلەر بىزنىڭ جەمىيىتىمىزدە مەۋجۇت ئەمەستەك كۆرۈنىدۇ. شۇڭا ئۆزىمىزدىكى ئىجتىمائىي يېتەرسىزلىكلەرنى كۆرۈپ يېتىشتىن باشقا بىر قەۋەت ئىجتىمائىي ئەخلاق چۈمبەردىسىنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنغان پىسخىك جاراھەتلەرنىمۇ كۆرۈپ يېتىشىمىز لازىم. كېسەلنى تونىماي ساقىيىش مۇمكىن بولمىغاندەك، پىسخىك بىنورماللىقلارنى بىلمەي تۇرۇپ، روھىي جەھەتتە ساغلام، پىكرى ئەقلىي ۋە توغرا بىر مىللەت ھالىتىدە مەۋجۇت بولۇۋېرىشىمىز

تەس.

## 1. ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى

ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى — جىنسىي ئوبيېكت تاللاشتا ئۆزى بىلەن ئوخشاش بولغان جىنستىكى باشقىلارنى جىنسىي تەلەپكە ئوبيېكت قىلىپ تاللايدىغان بىرخىل بىنورمال جىنسىي پسىخىكا بولۇپ ئۇ ئۆزىنىڭ تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە، ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ تۈپكى ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە خىلاپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدىكى بىر ساقايماس جاراھەت سۈپىتىدە ئىنسانىيەتنى روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ئازاپلاپ كەلدى.

ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى قەدىمكى دەۋرلەردىن بېرىلا مەۋجۇت بولۇپ، ئىنسانىيەت قۇتۇلالماي كېلىۋاتقان بىرخىل روھىي چۈشكۈنلۈك ۋە ئەسەبىيلىك سۈپىتىدە تا ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە. ئۇنىڭ زادى قايسى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەنلىكى ھەققىدە ھازىرغىچە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. بىراق نورمال ئىنسانىي غورۇر ۋە ئەخلاق تەرىپىدىن قاتتىق چەكلەنگەن تۇرۇپمۇ، ئىنسانلارنىڭ مەسخىرە ۋە ھاقارەتلىرى، ئەجەللىك زەربىلىرى بىلەنمۇ تۈگىمەي كېتىۋاتقانلىقى ۋە بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ كۈچىيىۋاتقانلىقى ھازىرقى رىئال پاكىت.

دۇنيادا ھەربىر كەتلىنىلەيدىغان بارلىق جانلىقلار ـ قۇرۇت ـ قوڭغۇزدىن تارتىپ شىر ـ يولۋاسلارغىچە، پاشا ـ چىۋىندىن تارتىپ، ئات ـ كالىلارغىچە ھەممىسىنىڭ تۈپكى تەبىئىتى ئەركىكى بىلەن چىشىسىنىڭ جۈپلىشىشى ئارقىلىق ئەۋلاد قالدۇرۇش بولۇپ، ئوخشاشمىغان جىنستىكىلەر بىر ـ بىرىنى جەلپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدا ئوخشاش جىنسلىقلارنىڭ ئۆزئارا جۈپلىشىش خاھىشى بارلىقى تا ھازىرغىچە بايقالغىنى يوق، بىراق پەقەت ئىنساندىلا ئەركەك بىلەن ئەركەك، چىشى بىلەن چىشى جۈپلىشىدىغان بۇنداق

كېسەللىك ھالىتىدىكى بىنورمال جۈپلىشىش خاھىشى مەۋجۇت. شۇڭا بىز بۇنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان بىر يىرگىنىچلىك ئۆسمە دەپ قارايمىز.

جىنسىي بېسىم، جىنسىي تاجاۋۇزچىلىق ياكى بالىلىق دەۋرلەردىكى بىنورمال جىنسىي تەجرىبە قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن ئادەمنىڭ يات جىنسلىقلار بىلەن بولغان نورمال ئالاقىسى بۇزۇۋېتىلسە، بېسىمغا ئۇچرىسا ياكى بۇرمۇلىۋېتىلسە ئۇنىڭ ئەسكى تەبىئىتىدىكى يات جىنسلىقلارغا بولغان ئىنتىلىش ھېسسىياتى نورمال يولدىن چىقىپ كېتىپ، ئوخشاش جىنسلىقلارغا مەپتۇن بولۇدىغان ھالەتكە ئۆزگۈرۈدۇ - دە، ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى كېلىپ چىقىدۇ، ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتىنىڭ كېلىپ چىقىشى خىلمۇ - خىل ۋە مۇرەككەپ بولۇپ، نۇرغۇن يىللاردىن بېرى ئالىملار ئۇنى ھەم فىزولوگىيىلىك ھەم پسىخلوگىيىلىك نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلىپ كەلمەكتە.

ھېرمان، پالگاي، رولاننى، كرودنى قاتارلىق فىزىئولوگىيە ئالىملىرى ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا فىزىئولوگىيىلىك ئاساس ئىزدىدى. مەسىلەن، ئۇلار قوش كېزەكلەر ئىچىدە ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتىگە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ سۈيدۈكى تەركىۋىدىكى ئۇرۇقدان كىتونى ماددىسىنىڭ ئاز كۆپلىكى قاتارلىقلارنى تەكشۈرگەن. بوغۇز چاشقانغا ھورمۇن ئوكۇلى ئۇرۇش ئارقىلىق بالىسىنىڭ جىنسىي ھەرىكەت ئالاھىدىلىكىنى ئۆزگەرتكىلى بولۇدىغان بولمايدىغانلىقىنى تەجرىبە قىلغان. بۇنداق فىزىئولوگىيىلىك ئىزدىنىشلەر خېلى كۆپ نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ بىراق ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتىنىڭ زادى نېمە سەۋەبتىن بولۇدۇغانلىقىغا بىرەر قانائەتلىنەرلىك جاۋاپ تاپالمىدى.

1971 - يىلى كولدنىي، مىرستېرس قاتارلىق ئالىملار بىلەن خارۋارت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىببىي ئېنىستوتى ھەم مىسسۇرى

سانتالويس جىنسىي فىزىئولوگىيە تەتقىقات فوندى جەمىيىتىنىڭ تەتقىقاتچىلىرى بىر توپ بەچچىۋاز ئەرلەرنىڭ تېنىدىكى تېستوستېروننىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسىنى تەكشۈرگەن. تەكشۈرۈلگۈچى تېنى ساغلام بولغان 30 نەپەر بەچچىۋاز بولۇپ ئۇلارنىڭ ھەممىسى بەچچىۋازلىق تۇرمۇشى ئۆتكۈزىدۇ. تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە ئۇلارنىڭ قويۇقلۇق دەرىجىسىنىڭ نورمال ئەرلەرنىڭكىدىن تۆۋەن ئىكەنلىكى بايقالغان. 1992 - يىلى 8 - ئايدا نېرۋا فىزىئولوگىيە ئالىمى سىنون لەيۋي بەچچىۋازلار بىلەن نورمال ئەرلەرنىڭ مېڭە قۇرۇلمىسىدىكى كىچىككىنە، بىراق ئەھمىيىتى ناھايىتى زور بولغان بىر پەرقنى تېپىپ چىققان. بۇ خىل پەرق جىنسىي ھەرىكەتكە تەسىر يەتكۈزىدىغان نېرۋىدا بولۇپ، ئۇ بەچچىۋازلارنىڭ نېرۋا توپىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنىڭ نورمال ئەرلەرنىڭكى يېرىمىغا باراۋەر كېلىدىغانلىقىنى بايقىغان، بۇ ئاياللارنىڭ نېرۋا توپىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى بىلەن ئوخشاش. 20 يىلدىن بېرى ئەرلەر بىلەن ئاياللارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك پەرقىنى تەتقىق قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ ئالىم ئەرلەرنىڭ ئەرلىك جىنسىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئۇرۇغدانىدىن ئاجرىلىپ چىقىدىغان جىنسىي ھورمۇن تېستوستېرونى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغانىدى، ئۇنىڭ قارىشىچە ئەرلەرنىڭ ئاستىنقى مېڭە پوستىلىقىنىڭ مەلۇم بىر كىچىككىنە نېرۋا تۈگۈنىدىكى بۇ قۇرۇلما ئەرنىڭ ئاياللارنى ياخشى كۆرۈش ھاياجىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇ 19 نەپەر بەچچىۋاز، 16 نەپەر نورمال ئەر ۋە 6 نەپەر ئايالنىڭ جەسىدىنى ئوپېراتسىيە قىلىپ ئۇلارنىڭ ئاستىنقى مېڭە پوستىلىقىنىڭ نېرۋا تۈگۈنىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇ ئۆز پەرىزىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىغان. بىراق بۇ نېرۋا تۈگۈنىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنىڭ بىر تۇتاش رولى تېخى ئېنىق ئەمەس، بەلكىم ئۇ بەچچىۋازلار بىلەن نورمال ئەرلەرنىڭ مېڭە تۈزۈلۈشىدىكى ئاساسىي پەرق بولۇشى مۇمكىن. يەنە بىر

تەتقىقاتچى روگېر گاسكال يېڭى تۇغۇلغان ئەركەك چاشقاننى سىناق قىلىش ئارقىلىق هورمون شارائىتتىكى نورماللىسىزلىقنىڭ مېڭە تۈزۈلۈشىنى ئوخشاش جىنىسلىقلار بىلەن مۇھەببەتلەشكۈچىلەرنىڭكى بىلەن ئوخشاش قىلىپ ئۆزگەرتىۋېتىدىغانلىقىنى بايقىغان. ئۇ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئەر ـ ئاياللارنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ ئالدىنقى بىرلەشمە قىسمىنىڭ قۇرۇلۇشىدا پەرق بارلىقىنى ئىسپاتلىغان. ئۇنىڭ بايقىشىچە چوڭ مېڭىنىڭ ئالدىنقى بىرلەشمە قىسمىنىڭ ئاياللارنىڭ ئەرلەرنىڭكىدىن چوڭ بولۇپ، ئوخشاش جىنىسلىقلار بىلەن مۇھەببەتلەشكۈچى ئەرلەرنىڭمۇ نورمال ئەرلەرنىڭكىدىن چوڭ ئىكەن. بىراق چوڭ مېڭە ئالدىنقى بىرلەشمە قىسىم قۇرۇلمىسىنىڭ جىنسىي هاياجاندىكى رولى تېخى ئېنىق ئەمەس، ئۇ بەلكىم جىنسىي هورمۇن سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئىككى ئالىم نۇرغۇن يىللىق تەتقىقات ئارقىلىق پەقەت پەرقىنىلا تېپىپ چىقالىغان بولۇپ، بىراق بۇ پەرقنىڭ زادى ئوخشاش جىنىسلىقلار مۇھەببىتىگە گىرىپتار بولۇشىنىڭ سەۋەبى ئىكەنلىكى تېخى ئىسپاتلانمىدى. («ئۆيىمۇ ئۆي شادلىق» ژورنىلىنىڭ 1993 ـ يىل 2 ـ سان 32 ـ بېتىگە قاراڭ)

ئوخشاش جىنىسلىقلار بىلەن مۇھەببەتلىشىش زادى بەزى ئادەملەردىكى تۇغما هادىسىمۇ ياكى كېيىن شەكىللەنگەن ئەهۋالمۇ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش تېخى تۈگىمىدى. ئوخشاش جىنىسلىقلارنىڭ مۇھەببەتلىشىش سەۋەبىنى فىزىئولوگىيىلىك نۇقتىسىدىن ئىسپاتلاشقا ئۇرۇنۇش دېگۈدەك غەلىبە قىلالمىدى. پىسخولوگىيە نۇقتىسىدىن ئىسپاتلاش بولسا كىشىنى بىر قەدەر قايىل قىلالىغۇدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشسىمۇ بىراق بارلىق بىمارلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان پىسخىك داۋالاش ئۇسۇلى تېخى يوق. شۇڭا ئىنسانىيەت يەنىلا بۇ خىل يىرگىنچلىك رەزىل كېسەل

سەۋەبىدىن ئىگىرىماقتا.

گېرمانىيە پەيلاسوپى ئارتور شوپېنخائۇئېر ئوخشاش جىنسىلىقلار مۇھەببىتى ھەققىدە توختۇلۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئەرلىك جىنسىي بۇرمىلىنىش كېسەللىك نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا تەبىئەت قانۇنىيىتىگە قارشى بولۇپلا قالماستىن كىشىنى ئادەتتىن تاشقىرى غەزەپلەندۈرىدىغان ۋە سەسكەندۈرۈدىغان غەلىتە ھادىسە بولۇپ، بۇ خىل ئىنسان تەبىئىتى پۈتۈنلەي بۇرمىلانغاندا، قالايمىقانلاشقاندا، چۈشكۈنلەشكەندىلا پەيدا بولۇدىغان قىلمىش ناھايىتى ئاز كۆرۈلۈدىغان بولۇشى كېرەك ئىدى. بىراق ئەمەلىي تەجرىبىلەر بىزگە دەل ئەكسىچە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرۇدۇ، بۇ خىل رەزىل ئادەت شۇنچە پەسكەش شۇنچە يىرگىنچلىك بولسىمۇ دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە، ھەممە دەۋردە بولغان ئىكەن.»

ئەخلاق ۋە تەرتىپ بىلەن كونترول قىلىنغان مەدەنىيەتلىك ئىنسانىيەت جەمىيىتى بىزگە ناھايىتى مۇقىم ۋە خاتىرجەم كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئاستىدا جىنسىي بىنورماللىقنىڭ ئىنتايىن كەڭ ھالدا يوشۇرۇنۇپ ياتقىنىنى ھېس قىلغىنىمىزدا بىزنى ئەنسىزلىك باسىدۇ. بىز بارلىق قىممەت قاراشلىرىدىن ئىختىيارسىز گۇمانلىنىپ قالىمىز. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ مۇكەممەللىكتىن تېخى ناھايىتى يىراق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماي قالمايمىز.

پىسخىكىلىق ئانالىز ئالىمى سىگمۇند فرىئۇدنىڭ قارىشىچە ھەر قانداق ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا جىنسىي بىنۇرماللىقنىڭ مەنبىئى مەۋجۇت بولۇدۇ ۋە تۇرمۇشتا ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئادەم پەقەت ئۆزىدىكى بىنورمال جىنسىي ئىستەكنى بېسىۋالالىسا ۋە ئۇنىڭ تۈپكى ئېنىرگىيىسىنى مەدەنىيەت تەرەپكە بۇرىيالىسا ئۇ نۇرمال ئادەمگە ئايلىنالايدۇ، ئەكسىچە بىنورمال جىنسىي ئىستىكىنى بېسىۋالالماي، بۇ خىل ئىستەكنىڭ قۇلىغا ئايلانسا، بۇنىڭ تۈپكى ئېنىرگىيىسى

مەدەنىيەتكە ۋە جەمىيەتكە قارشى ئېنىرگىيە ئايلىنىپ ئۇ ئادەم پۈتكۈل جەمىيەت يىرگىنىدىغان غەلىتە مەخلۇققا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ھەممىمىزگە مەلۇمكى جىنسىي بۇرمىلىنىش دايىم مەدەنىيلىك قەدىمىي دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلىپ يۇقىرى باسقۇچقا يەتكەندە ئەۋج ئالىدۇ، ئۇنىڭدا ئەھمىيىتى ناھايىتى زور بولغان كۈچ بار» دېمەك، بۇ كۈچ ياكى ساراڭلىقتا يەنى مەدەنىيەتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلىنىدۇ.

4000 يىل ئىلگىرى مىسىردا ئەرلەر بىلەن ئەرلەرنىڭ توي قىلىشىغا يول قويۇلغان بولۇپ، جاھالەت دەۋرىدىكى جىنسىي چوقۇنۇش ئادەتلىرى بويىچە ئەرلەر بىلەن ئەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي مۇناسىۋەت ناھايىتى مۇقەددەس ھەرىكەت دەپ قارىلىپ، ئىپتىدائىي دىن بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن.

يېڭى گۋىنىيە دېڭىز قىرغىقىدىكى ۋە شىمالىي ئافرىقىنىڭ دېڭىز بويلىرىدا ياشايدىغان بەزى ياۋايى قەبىلىلەر ئارىسىدا ئوخشاش جىنىسلىقلارنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا چوقۇنۇش ئەۋج ئالغان بولۇپ، ئۇلار ئوغۇل بالا چوڭ ئەر كىشىگە ئايلىنىش ئۈچۈن چوقۇم چوڭ ئەرلەرنىڭ ئىسپىرمىسىنى ئوزۇقلۇق قىلىشى كېرەك دەپ قارالغان. شۇنىڭ بىلەن ئوخشاش جىنىسلىقلارنىڭ ئېغىزغا زىنا قىلىش قىلمىشلىرى ناھايىتى ئومۇملاشقان. 8 ياشتىن 17 ياشقىچە بارلىق ئوغۇل بالىلار ئوخشاش جىنىسلىقلارنىڭ ئوپچە جىنسىي تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىنلا ئاندىن يات جىنىسلىقلار بىلەن توي قىلىشىغا يول قويۇلغان. ئۇلارنىڭ قىيا تاش رەسىملىرىدە رەت ـ رەت تۇرغان ئەرلەرنىڭ بىر قاتار بەچچىۋازلىق قىلمىشلىرى تەسۋىرلەنگەن.

«كېيىنكى خەننامە» ناملىق كىتابتا خەن سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى خەن يۈەندى بىلەن دۇڭ شىيەننىڭ بەچچىۋازلىق ئىشلىرى خاتىرىلەنگەن. خەن يۈەندى قەيەرگە بارسا دۇڭ شىيەننى بىللە ئېلىپ بارىدىكەن. بىر مەيگە چۈشۈپ، بىللە يېتىپ

قويۇپ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدىكەن. «كېيىنكى خەننامە» دە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت شۇنچىلىك چوڭقۇر تەسۋىرلەنگەنكى ھەتتا دۇڭ شىيەننىڭ دايىم بېشىنى خەن يۈەندىنىڭ بىلىكىگە قويۇپ ياتىدىغانلىقىنى، بىر قېتىم خەن يۈەندى ئويغۇنۇپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولغاندا دۇڭ شىيەننى ئويغۇتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن دۇڭ شىيەن بېسىپ ئۇخلاپ قالغان يېڭىنى كېسىپ قويۇپ ئاندىن ئورنىدىن تۇرغانلىقى خاتىرىلەنگەن. شۇندىن تارتىپ «پېشىنى كېسىش» دېگەن سۆز خانسۇلاردا ئوخشاش جىنىسلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى بىلدۈرىدىغان ياپتا سۆز ئاتالغۇغا ئايلانغان.

چىنلىقلارنىڭ «تەس ئىشلار ھەققىدە» (خەن فېيزى) «كۆلكە خاتىرىسى» (يۇمۇرلار توپلىمى)، «كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلاردىن خاتىرىلەر» (شۈيۈئى) قاتارلىقلارنىڭ كىتابلىرىدا ئوخشاش جىنىسلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ۋەقەلىرى خېلى كۆپ تەسۋىرلەنگەن. چاڭچىلىلەردە ئەرلەرنىڭ ئايالچە كېيىنىپ چىقىشى جىنلىقلارنىڭ سەنئەت نومۇرلىرىدىكى بىر ئادەت بولۇپ، ئوخشاش جىنىسلىقلار مۇھەببەتلىشىدىغان پۇرسەت دەپ قارىلىپ كەلگەن. چاڭچىلىلەردە ئەرلەر ئاياللارنىڭ رولىنى ئېلىپ، ئاۋازىنى ئىنچىكە چىقىرىپ، ئۆزىدىكى ئاياللىق خۇسۇسىيەتنى ئىپادىلەشكە جېنىنىڭ بارىچە تىرىشقان. بۇ بەچچىۋازلار بىلەن ھېجىقىزلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئىپادىلىشىگە ياخشى پۇرسەت ھەم جەمىيەت ئورتاق ئېتىراپ قىلغان شەكىل بولۇپ، چىنلىقلار ئارىسىدا ئوخشاش جىنىسلىقلار مۇھەببىتىنىڭ ئاشكارا ھېسداشلىققا ئېرىشكەنلىكىنىڭ ئىسپاتى.

ئامېرىكا قەتئەسىدىكى يەرلىك قەبىلىلەر ئارىسىدا ئاياللار بىلەن ئاياللارنىڭ خۇددى ئەر خوتۇندەك بىللە ئۆتۈشى ئادەتكە ئايلانغان بولۇپ، بەزى ئاياللار چاچلىرىنى ئەرلەرنىڭكىگە ئوخشاش ياسىۋېلىپ، ئەرلەرنىڭ ئوۋچىلىق ئىشلىرىغا قاتنىشىدىكەن، ئۆمۈر بويى ئەرلەر بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلمايدىكەن. بۇخىل

ئادەت ئۇلارنىڭ جەمىيىتى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان.

بىز يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان ياۋايى مىللەتلەردىكى توسالغۇسىز جىنسىي قالايمىقانچىلىقلارنى فرېئودنىڭ مەدەنىيەت ھەققىدىكى ئانالىز نەزەرىيىسىگە سېلىپ تەھلىل قىلساق ئۇنىڭ «جىنسىي كۈچ بېسىۋالسا، ئۇ مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان كۈچكە ئايلىنىدۇ» دېگەن قاراشلىرىغا قايىل بولماي قالىمىز. ئەگەر ئاشۇ مىللەتلەرمۇ ئۆزىدىكى جىنسىي ئېنېرگىيىنى كونترول قىلالىغان بولسا بۇ ئېنېرگىيە قالايمىقان جىنسىي ئالاقىلەر بىلەن ئۇيراپ ئىسراپ بولماستىن بەلكى شەكلى ئۆزگۈرۈپ مەدەنىيەتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلىنىپ، بۇ مىللەتلەر بۇنداق ياۋايى ھالەتتە ياشىمىغان بولاتتى.

ياۋايى مىللەت بىلەن مەدەنىيەتنىڭ پەرقى ئۇلارنىڭ جىنسىي تۇرمۇش ئادەتلىرىدە ئەڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ياۋايى مىللەتتە يالىڭاچلىق ۋە جىنسىي قالايمىقانچىلىق، مەدەنىيەتلىك مىللەتتە بولسا ئەخلاق ۋە چەكلىمە ئەۋج ئالغان بولۇدۇ.

ئوخشاش جىنسلىق مۇھەببەتلەشكۈچىلەر جەمىيەت ۋە كىشىلەرنىڭ نەپرىتىگە ئۇچراپلا قالماي ھەتتا تەبىئەت دۇنياسىنىڭ نەپرىتىگىمۇ ئۇچرىدى. ئوخشاش جىنسلىق مۇھەببەتلەشكۈچىلەر ئارىسىدا ئەيدىز كېسىلىنىڭ تارقىلىش نىسبىتى ناھايىتى يۇقۇرى بولۇپ خۇددى ئامېرىكا ئاقساراي خادىمى بۇچىنىدىن 1983 ـ يىلى ئېيتقاندەك: «بىچارە بەچچىۋازلار تەبىئەت دۇنياسىغا جەڭ ئېلان قىلىشۋىدى ھازىر دەل تەبىئەت دۇنياسى ئۇلارنى قورقۇنچلۇق جازالار بىلەن جازالاۋاتىدۇ».

ئوخشاش جىنسلىق مۇھەببەتلەشكۈچىلەرنىڭ تۈرلىرى خىلمۇ ـ خىل بولۇپ، ئاساسەن مۇنداق بىر نەچچە تۈرگە بۆلۈنۇدۇ:

**1. ھېچىقىزلىق**

بۇ ئوخشاش جىنسلىقلار بىلەن مۇھەببەتلەشكۈچىلەرنىڭ ئىچىدىكى ئايال رولىنى ئوينايدىغان ئەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار ئاياللاردىن سەسكىنىدۇ، پەقەت ئەرلەرگىلا مۇھەببەت باغلايدۇ،

يۈرۈش تۇرۇش ۋە قىلىقلىرىدا بارلىق ئامىللار بىلەن ئاياللىق خۇسۇسىيەتنى ئىپادىلەشكە تىرىشىدۇ.

مىسال: بىر مەلۇم ئەر، ئۇرۇمچىدە ئاشخانا ئاچقان. كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەن ئەرلەرگە ھەقسىز تاماق بېرىپ يېقىنچىلىق ئىپادىلىگەن. بەزىلەر بىلەن دوست بولۇپ جىنسىي مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئۇلارغا قىلمىغان ياخشىلىقى قالمىغان، ھەقسىز تاماق بېرىش ۋە پۇل قەرز بېرىپ تۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئەرلەرنىڭ ئۆزى بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىشىنى تەلەپ قىلغان. ئۇنىڭغا قەرزدار بولۇپ قالغان بەزى ئەرلەر ئۇنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇپ بېرەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئىلاجسىز ئۇنىڭ جىنسىي تەلىپىنى قاندۇرۇشقا مەجبۇر بولغان، بىراق كۆپىنچە ئەرلەر ئۇنىڭ تامىقىنى يەپ، پۇلىنى خەجلىۋېلىپ ئۇنىڭ بىنورمال تەلىپىنى سەزگەندە ئۇنى قاتتىق ئۇرغان ياكى ئۇنى ئۇرۇپ - تىللاپ بىر مۇنچە ھاقارەت قىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئالغانلىرىنى قايتۇرۇپ بېرىپ، سەسكىنىش ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن قايتا ئۇچراشمايدىغان بولغان.

باشقىلارغا پۇل بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق جىنسىي تەلىپىنى قاندۇرۇش تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ئاخىرى ھەقىقىي بىر ئايالغا ئايلىنىش نىيىتىگە كېلىپ بۇنىڭ ئامالىنى ئىزدىگەن. 1988 - يىللاردىن باشلاپ دوختۇرخانىمۇ دوختۇرخانا قاتراپ يۈرۈپ جىنسىنى ئۆزگەرتىش ئوپېراتسىيىسى قىلىش كويىدا يۈرگەن. بىراق دوختۇرلار بۇنى رەت قىلغان. ئەرلىك جىنسىي ئەزاسىنى ئاياللىق جىنسىي ئەزاسىغا ئۆزگەرتىش مۇمكىن بولمىسا ئەرلىك جىنسىي ئەزانى ئېلىپ تاشلىۋېتىشنى ئوتتۇرىغا قويغاندىمۇ دوختۇرلارنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىغان. ئۇ دوختۇرلار ئالدىدا قاتتىق ھەسرەت بىلەن «خۇدايىم مېنى ئايال قىلىپ يارىتىپ تۇرۇپ تېنىمنى نېمىشقا ئەرلەرنىڭكى بىلەن ئوخشاش قىلىپ قويغان بولغىيتتى» دەپ يىغلاپ نالە قىلغان.

كېيىنچە ئۇ چاچلىرىنى قويۇپ بېرىپ، ئايالچە كىيىملەرنى

كىيىپ ئايال سىياقىدا يۈرگەن ھەم تونۇش بىلىشلەر يوق يەرلەردە يۈرگەن. ئۆزىگە ئايالچە ئىسىم قويۇپ، ئەرلەرگە ئۆزىنى ئايال دەپ تونۇشتۇرغان ھەم رېستۇران، دېسكۇخانىلاردا ئىنتايىن چۈشكۈن ۋە ئەسەبىي تۇرمۇش كەچۈرگەن.

ئۇنىڭ چىرايى كىچىك چاغلىرىدىن تارتىپلا ئاق - پىشماق چىرايلىق بولۇپ، چوڭ بولغاندا ساقال ناھايىتى شالاڭ ھەتتا يوق دېگۈدەك چىققان. شۇڭا ئۇ ئايالچە ياسانسا ئاياللاردىن پەرقلەندۈرۈش تەس ئىدى. ئۇ كېچىلىرى دېسكۇخانىلارنىمۇ - دېسكۇخانا ئارىلاپ يۈرۈپ ئەرلەر بىلەن تونۇشۇپ ھەر كۈنى دېگۈدەك يېڭى تونۇشقان ئەرلەرنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىپ ئۇلار بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلغان. ئۇ ئىنتايىن چىڭ بىرخىل ئەتىرەڭ رەزىنكىنى جىنسىي ئەزا قىسمىغا تارتىۋالغان، رەزىنكە چىڭ چاپلىشىپ تۇرغاچقا ئۇنىڭ زەكىرى بارلىقى بىلىنمەيدىغان بولغان. ئۇ پەقەت مەقەت يولىنىلا ئوچۇق قويۇپ كېچىسى ئەرلەرگە پەقەت مەقەت يولىنى تۇتۇپ بەرگەن. ئەرلەر بولسا ئۇنى ئاياللىق جىنسىي ئەزا دەپ چۈشىنىپ ئالاقە قىلىۋەرگەن. پەقەت بىر قېتىم بىر ئەر ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىۋېتىپ بۇنى بايقاپ قالغان ۋە قاتتىق غەزەپلىنىپ ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس قالغان.

تەھلىل: يوقۇرىقى مىسالدىكى بىمار تولۇق ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتىگە گىرىپتار بولغۇچى بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇشىدىكى سەۋەبىنى بىز ئۇنىڭ پىسخىكىسىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىقلا مەلۇم دەرىجىدە تېپىپ چىقالايمىز. ھەر بىر ئادەمنىڭ جىنسىي پىسخىكىسىنىڭ ئۆزگۈرۈشى ۋە بۇرمىلىنىشى بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان پىسخىكىلىق جەريان بولۇپ، بارلىق جىنسىي بۇرمىلىنىشى (جىنسىي ئوبېكتىنىڭ بۇرمىلىنىشى) كونكېرت ئەھۋالغا قاراپ ئايرىم تەھلىل قىلىش زۆرۈر.

بۇغدا دوختۇرخانىسى يۇقۇرىقى مىسالدىكى بىمار بىلەن

ئۇچرۇشۇپ تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە خىل ئەھۋالنى ئىگىلىدى:

1. بىمارنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ ئەسلى نورمال ئەر بولۇشى مۇمكىن ئىكەندۇق، بىراق مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدا ئۇنىڭ دادىسىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان بىر كىشى ئۇنىڭ دادىسىدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئۇ 5 - 6 ياش ۋاقتىدا كوچىدا ئويناۋاتسا كەمپىت بېرىپ ئالداپ خالى جايغا ئېلىپ بېرىپ بېگىز بارمىقىنى ئۇنىڭ مەقەت يولىغا تىقىۋەتكەنىكەن. بىمار ئۆزىنىڭ ھېجىقىز بولۇپ قېلىشىنى مۇشۇ سەۋەب بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرگەن.

2. بىمارنىڭ ئاتا - ئانىسى ئالتە پەرزەنتىنىڭ ھەممىسى ئوغۇل بالا بولغاچقا قىز پەرزەنتلىك بولۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىشقان، بىراق 7 - پەرزەندىمۇ ئوغۇل تۇغۇلۇپ قالغان. ئاتا - ئانىسى ئۆزلىرىدىكى قىز پەرزەنتلىك بولۇش ئارزۇسىنى شەكىلدىن قاندۇرۇش ئۈچۈن دايىم ئۇنى قىز بالىچە ياساپ قويۇپ، قىز بالا ئوينايدىغان تەشتەمەك، تەپكۈچ قاتارلىق ئويۇنلارغا قىزىقتۇرغان. پەقەت ئۇ ئەقلىنى تېپىپ مەكتەپكە كىرگەندىلا ئۇنى ئۆز جىنسىي سالاھىيىتىگە قايتۇرغان.

3. كىچىك چاغلىرىدا تولا كېسەل تارتقاچقا ناھايىتى مىشچان، ئاجىز خىيالچان بالا بولۇپ چوڭ بولغان. ئوغۇللار بىلەن ئويىنىماقچى بولسا ئوغۇل بالىلار ئۇنى ئاجىز، ئويۇننى ياخشى ئوينىيالمايدۇ دەپ كەمسىتىپ ئارىغا قوشمىغان. شۇڭا ئۇ ئويۇن ئوينىسا قىزلار بىلەن بىرگە ئوينايدىغان بولغان. ئۆزىدە خۇددى قىزلارغا خاس نازۇك خاراكتېر يېتىلدۈرگەن.

بىمار ئېيتقانغا ئوخشاش مەقەت يولىغا بارمىقىنى تىقىۋېتىش ئارقىلىق «ھېجىقىز قىلىۋېتىش» توغرىسىدىكى گەپلەر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملاشقان قاراش بولسىمۇ لېكىن بۇ پەقەت خەلق ئارىسىدا ئېقىپ يۈرگەن رىۋايەت خاراكتېرلىك سۆز بولۇپ، يېتەرلىك ئىلمىي ئاساسى يوق. مەقەت يولىغا قولنى تىقىۋېتىش سەۋەبىدىن بىراۋنىڭ ھېجىقىز بولۇپ قېلىشىنى

فىزىئولوگىيە نۇقتىسىدىن تازا ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ، پسىخىكىلىق نۇقتىدىنمۇ ئۇ تازا يېتەرلىك ئاساس بولالمايدۇ. بىراق ئۇيغۇرلار بارلىق بەچچىۋازلىق قىلمىشىنى مۇشۇ نۇقتىدىن چۈشەندۈرۈشكە ئادەتلەنگەن. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا مۇشۇنداق قاراش تارقالغانلىقى سەۋەبىدىن بىمار ھەققىدىكى بۇ گەپلەرنى بىمار راستىنلا شۇنداق بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدا يالغان ئەسلىمە پەيدا بولۇپ، ئۆزىنىڭمۇ باشقىلار تەرىپىدىن مەقەت يولىغا بارماقنى تىقىۋېتىش زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلىقىغا ئىشەنگەن بولۇشى مۇمكىن.

ئەگەر ئۇ راستىنلا بىراۋنىڭ بارمىقىنى مەقەت يولىغا تىقىش زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ھېچقىنىز بولۇپ قېلىشىدا بۇ قىلمىش ھەقىقەتەن مەلۇم رول ئوينىغان بولۇشى مۇمكىن. بىراق پەقەت شۇلا سەۋەبتىن جىنسىي بۇرمىلىنىش كېلىپ چىققان دېسەك مېنىڭچە توغرا بولمايدۇ.

پسىخىكىلىق ئانالىز تەلىماتىنىڭ قارىشىچە ئادەم جىنسىي جەھەتتە بالاغەتكە يېتىش جەريانىدا بىر نەچچە خىل جىنسىيەت تەرەققىيات باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرىدۇ. 1. ئېغىز باسقۇچى، 2. مەقەت باسقۇچى 3. يوشۇرۇن باسقۇچ 4. ئوخشاش جىنىسلىقلار باسقۇچى 5. جىنسىي ئەزا باسقۇچى 6. يات جىنىسلىقلارغا ئاشىق بولۇش باسقۇچى. ئادەم مانا مۇشۇ باسقۇچلارنى تولۇق باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئاندىن ھەققىي نورمال جىنسىي قابىلىيەتكە ئىگە ئادەمگە ئايلىنىدۇ. مۇشۇ ئالتە باسقۇچ جەريانىدا مەلۇم ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىسا ياكى مەلۇم غەيرىلىك كۆرۈلسە ئۇنىڭ نورمال جىنسىي پەرقىگە ئىگە ئادەم بولۇپ يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**1. ئېغىز باسقۇچى**

ئىنسان ھېس قىلىدىغان گۆشتىن ئىبارەت بۇ تەندىكى بارلىق خۇشيېقىش تۇيغۇسىنىڭ ھەممىسى مەلۇم جىنسىي تۇيغۇدىن ئىبارەت، ئادەم تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ ئۆلگىچە جىنسىي تۇيغۇ

ئۈنىڭغا ھەمراھ بولىدۇ. بىراق، ئىنسانلار پەقەت بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ئىككى جىنىس ئوتتۇرىسىدا جىنسىي ئەزالار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان مۇناسىۋەتنى جىنسىيەت دەپ چۈشەنگەچكە ئاشۇ خىل شەكىلدىن باشقا بارلىق شەكىللەردىكى جىنسىي تۇيغۇ بىلەن تامامەن ئوخشاش بولغان، يەنى مۇسكۇللارنىڭ يىغىلىپ بوشاپ ھەرىكەت قىلىشىدىن ئىبارەت تۇيغۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى جىنسىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىمايدۇ. ئەمەلىيەتتە مۇسكۇللارنىڭ يىغىلىپ بوشاپ ھەرىكەت قىلىشى ۋە بۇ ھەرىكەتنى غىدىقلايدىغان قىلىقلار پەيدا قىلغان سەزگۈلەرنىڭ ھەممىسى جىنسىي ئالاقە پەيدا قىلغان سەزگۈ بىلەن ئوخشاش سەزگۈدۇر. شۇڭا پىسخىك ئانالىز تەلىماتىنىڭ قارىشىچە ئىنساندىكى تۇنجى ھوزۇرلىنىش تۇيغۇسى دەل ئېغىزدا بولىدۇ. بالىلاردىكى ئېغىزنىڭ ھەرىكەت مەپتۇنلىقى بۇ ھەرىكەتتىن ھوزۇرلىنىش  ھەرىكەتنىڭ پەيدا قىلغان غىدىقلىشى ۋە ئېغىزدا نەملىك پەيدا بولۇش بىلەن ئاياللارنىڭ جىنسىي ئالاقە قىلغاندا جىنسىي ئەزاسىنىڭ غىدىقلىنىشى ۋە غىدىقلىنىپ يۇقىرى پەللىگە يەتكەندە سۈيۈقلۇق ئاجرىتىپ چىقىشى بەدەننىڭ ئوخشاش بىرخىل ھوزۇرلىنىش جەريانىدىن ئىبارەت. بالىلار تۇغۇلغاندىن تارتىپ 3 ياشلارغا كىرگىچە جىنسىي جەھەتتە ئېغىز باسقۇچىدا تۇرىدۇ. شۇڭا بۇ جەرياندا بالىلار توختىماي ئاغزى بىلەن ھەپىلىشىدۇ. مەسىلەن، ئىمىزگىدىن ھېچنىمە چىقمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ توختىماي ئىمىۋېرىدۇ، ئىمىزگە ئاغزىدا بولمىسا يىغلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىمىزگە ئىمىشى ھەرگىزمۇ سۈت ئىمىۋاتىمەن دەپ ئالدىنىشى ئەمەس. چوڭلار بولسا ئىمىزگىنى ئەمچەكنىڭ رولىنى ئويناپ بالىلارنى ئالدايدۇ دەپ قارايدۇ، ئەمەلىيەتتە ئانا ئەمچەكنى تەڭلىسە بالا ئاغزىدىكى ئېمىزگىنى چىقىرىۋېتىپ دەرھال ئاغزىنى ئەمچەككە ئېلىپ بارىدۇ. ئەگەر بالا ئەمچەك بىلەن ئىمىزگىنى پەرقلەندۈرەلمىگەن بولسا، ئانىسى ئەمچەكنى تەڭلىسە دەرھال

ئىمىزگىنى تاشلاپ ئەمچەككە ئاغزىنى ئېلىپ بارمىغان بولاتتى. بىز ھەرخىل ئاددى سىناقلارنى ئېلىپ بېرىپلا بالىلارنىڭ ئىمىزگىنى ھەرگىزمۇ ئەمچەك بىلەن ئوخشاش دەپ ئالدانمايدىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز. بالىلارنىڭ ئىمىزگە ئىمىشى پەقەت ئېغىزنىڭ غىدىقلىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈندۇر. بالىلار ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ داۋاملىق تەنبىھ بېرىشلىرىگە قارىماستىن دايىم بارمىقىنى ئاغزىغا سېلىۋالىدۇ. بەزى ئاتا ـ ئانىلار تېخى ئويۇنچۇق ئويناشنى بىلمىگەن بالىلارغا ئويۇنچۇق ئېلىپ بېرگەن بولسىمۇ ئۇ بالا دەرھال ئويۇنچۇقنى ئاغزىغا سېلىۋالىدۇ. ئاتا ـ ئانا بالىلارنىڭ ھەممە نەرسىنى ئاغزىغا سېلىپۋېلىپ ئوينىشىدىن بەكرەك ئاغرىنىدۇ. بىراق بالىلار توسقانغا ئۇنىمايدۇ. ئاتا ـ ئانىسى تىللىسا يوشۇرۇن ھالدا نەرسىلەرنى ئاغزىغا سېلىۋالىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بالىلارنىڭ بۇۋاقلىق دەۋرىدە ئاغزىدىن ھوزۇرلىنىدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، بالىلاردىكى ئىمىزگىدىن ھوزۇرلىنىش، بارمىقىنى ئاغزىغا تىقىۋېلىش، نەرسىلەرنى ئاغزىغا سېلىۋېلىش قاتارلىق ئىشلارنى بىز پەقەت ئېغىزدىن ھوزۇرلىنىش دەپ قارىماي باشقىچە چۈشەندۇرۇشكە ئىلاجىسىزمىز. مانا بۇ ئادەملەرنىڭ جىنسىي يېتىلىشىدىكى تۇنجى باسقۇچ — ئېغىز باسقۇچىدىن ئىبارەت.

**2. مەقەت باسقۇچى**

ئېغىز بالىلاردىكى تۇنجى خوشىيېقىش رايونى بولۇپ، بەزى بالىلاردىكى ئۇنىڭ دەۋرى ناھايىتى قىسقا، بەزىلىرىدە ناھايىتى ئۇزۇن بولىدۇ. بەزىدە تۆت ـ بەش ياشقىچە ئىمىدۇ، 9ـ10 ياشلارغىچە بارمىقىنى شورايدىغان ئادەتلەرنى تاشلىيالمايدۇ. بەزىلەردە بۇ خىل دەۋر ھەتتا بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىنمۇ باشقا جىنسىي پائالىيەتلەرگە يانداشقان ھالدا مەۋجۇت بولۇۋېرىدۇ. ئېغىز ئارقىلىق جىنسىي ئالاقە قىلىشنىڭ كېلىپ چىقىشى دەل مۇشۇ سەۋەبتىن.

مەقەت باسقۇچى بولسا، ئېغىز باسقۇچىغا ئۇلۇشۇپ كەلگەن باسقۇچ بولۇپ، ئادەم تېنىدىكى خوشيېقىش رايونى سىرتقى كۈچلەرنىڭ بېسىمى بىلەن ئېغىزدىن بارا - بارا مەقەت رايونىغا كۆچۈپ بارىدۇ. ئاتا - ئانىلار دەسلەپتە بالىلىرىنى ئەمچەكتىن ئايرىيدۇ. ئاندىن بارا - بارا ئۇلارنى ئىمىۋېرىشتىن توسايدۇ. ئۇلارنىڭ بارمىقىنى ۋە قالايمىقان نەرسىلەرنى ئاغزىغا سېلىۋېلىشىنى بولسا يامان ئادەت دەپ ھېسابلاپ تېخىمۇ چەكلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئېغىزدىن ھوزۇرلۇنۇشى چەكلەنگەنلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ تېنىدىكى ھوزۇرلۇنۇش رايونى مەقەت رايونىغا كۆچۈپ بارىدۇ. بالىلاردا بارابارا مەقەت يولىدىكى غىدىقلىنىشتىن ھوزۇرلۇنىدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ. ئادەملەرنىڭ 3-4 ياشتىن 7-8 ياشقىچە دەۋرى مەقەت دەۋرىدىن ئىبارەت. مەقەت باسقۇچىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى بالىلار بۇ دەۋردە ناھايىتى روشەن ھالدا چوڭ تەرەتتىن ھوزۇرلۇنۇش تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. چوڭ تەرەت قىلغاندا ئۇزاقتىن ئۇزاق ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ. پوقنى ئۈچەي يولى بىلەن بىرلا كۈچ بىلەن چىقىرىۋېتىشنى خالىمايدۇ. چوڭ تەرەت قىلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ ناھايىتى كۈچۈنۈپ ئىنجىقلىغان ھالدا تاھارەت قىلىشىنى داۋاملاشتۇرۇشقا تىرىشىدۇ. بۇ ئۇنىڭ چوڭ تەرەت قىلغاندىكى مۇسكۇللارنىڭ مىتىلدىشىدىن ئالغان ھوزۇرغا قىيالماسلىقى بولۇپ، پەقەت چوڭلار «بولدى، تەرەت قىلىپ بولدۇڭ تۇرە ئورنىڭدىن» دېگەندىن كېيىنلا ئىلاجسىز ئورنىدىن تۇرىدۇ. مەقەت يولىدىكى ھوزۇرلۇنۇشمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلغان جەريان بولۇپ، 3-4 ياشتىن 7-8 ياشقىچە ئادەمدىكى ئاساسىي جىنسىي لەززەت مەقەت يولىدا بولىدۇ. كېيىن ئادەمنىڭ يېشىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ مەقەت يولى جىنسىيەتتىكى مەركەزلىك ئورنىدىن قالىدۇ. بىراق مەقەت باسقۇچىنىڭ تەسىرى ئادەمدە خېلى ئۇزۇنغىچە ساقلىنىشى مۇمكىن، ساقلانغان تەسىرىنىڭ ھەر بىر ئادەمدىكى دەرىجىسى ۋە سالمىقى ئوخشىمايدۇ. بەزى

كىشىلەر بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىنمۇ مەقەت يولىدىن ھوزۇرلىنىش قىسمەن مەۋجۇت بولىدۇ. مەسىلەن، بوۋاسىر كېسىلى مەقەت يولىدىكى غىدىقلىنىشنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، بۇ يەنىلا شۇ كىشىدە مەقەت يولىدىن ھوزۇرلىنىشنىڭ مەۋجۇتلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق ئاساسىي جىنسىي لەززەت جىنسىي ئەزاغا مەركەزلەشكەن بولسا مەقەت يولىدىكى بۇنداق بىلىنەر ـ بىلىنمەس قالدۇق تەسىرلەرنى بىنورماللىق ھېسابلاشقا بولمايدۇ. بىراق بەزى ئادەملەردە مەقەت يولى مەزگىلىنىڭ تەسىرى ناھايىتى ئېغىر بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاز ـ تولا بەچچىۋازلىققا بېرىلىش خاھىشى كۆرۈلىدۇ. بەزى ئادەملەرنىڭ جىنسىيىتى بولسا مەقەت يولى باسقۇچىدىلا تۇرۇپ قالىدۇ. جىنسىي تۇيغۇسى باشقا ئەزالارغا تەرەققىي قىلمايدۇ. بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىنمۇ باشقا جىنسىي ئەزالىرىدا قوزغىلىش پەيدا بولماي، پەقەت مەقىتىدىلا پەيدا بولىدۇ. مەقەت يولى ئۇنىڭ پەقەت بىرىندىبىر جىنسىي لەززەت رايونى بولۇپ قالىدۇ.

يۇقۇرىقى مىسالدا سۆزلەنگەن بىمار دەل مانا شۇنداق جىنسىي تەرەققىياتى مەقەت يولى باسقۇچىدا تۇرۇپ قالغان كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ باللىق دەۋرىدە باشقىلارنىڭ بارمىقىنى مەقەت يولىغا تىقىۋېتىش زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغانلىقى ھەقىقەتەن راست بولسا، بۇ ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئاشۇ قېتىملىق نۇمۇس تۈپەيلىدىن مەقەت يولىنىمۇ ھەقىقىي بىر جىنسىي ئەزا دەپ خاتا تونۇۋېلىشىنى ۋە كېيىنكى چاغلاردا جىنسىي لەززەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلگەندىن كېيىنمۇ ئاڭسىز ھالدا ئاشۇ خاتا تونۇشتىن قۇتۇلالماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا مەقەت يولىغا قولىنى تىقىۋېتىش بىلەن ئۇنىڭ كېيىن ھېجىقىز بولۇپ قېلىشىدا چوقۇم باغلىنىش بار، بىراق بۇنى ئۇنىڭ بىردىن بىر سەۋەبى دەپ قاراشقا بولمايدۇ. بۇ پەقەت ئۇنىڭ ھېجىقىز بولۇپ قېلىشىدىكى نۇرغۇن سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

ئۇنىڭ ئاياللارغا خاس نازاكەتكە ئىنتىلىشىنى كەلتۈرۈپ

چىقارغىنى ئائىلە تەربىيىسى بولۇپ، ئۇنىڭ كىچىك چاغلىرىدا قىزلارچە ياساندۇرۇپ قويۇلۇشى ئۇنىڭ ئۆز جىنسىي سالاھىيىتىگە بولغان تونۇشىنى بۇرمىلىغۇەتكەن. بۇخىل بۇرمىلانغان تونۇش ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا ساقلىنىپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىكى تەبىئىي جىنسىي ئىستىكىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. يەنى ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك تەلپىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. كېيىنچە ئۇ گەرچە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي جىنسىي سالاھىيىتىنى تونۇپ يەتسىمۇ بىراق كېيىنكى بىلىملەر جەريانىدا شەكىللەنگەن تونۇش بىلەن بەدەندىكى تۈپكى تونۇش ماسلاشماي قالغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىر ھېجىقىزغا يەنى بەدىنىي ئەركىشى روھى ئايال كىشىدىن ئىبارەت بىر غەلىتە مەخلۇققا ئايلانغان.

دادا، ئانا ۋە بالا ئوتتۇرىسىدىكى ئۈچ بۇرجەكلىك مۇناسىۋەتتىكى تەڭپۇڭلۇقمۇ كىشىلەرنىڭ جىنسىي ئوبيېكتىدىكى نورماللىق ياكى بىنورماللىقنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى.

ئادەم دۇنياغا تۆرەلگەندىن كېيىن ئومۇمەن تۇنجى بولۇپ ئۇچرىشىدىغىنى ئاتا ـ ئانىسى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئۇنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى بولۇپ، ئۇنىڭ كىملىكى بارلىق مۇناسىۋەت ئۇسۇلى ۋە ياشاش ئۇسۇلىغا ئەڭ دەسلەپكى ئەندىزە مۇقەررەر ھالدا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىپ ئۇنىڭ كېيىنكى بارلىق قىممەت قارىشى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

ئانا ـ بالىنىڭ نەزىرىدە مېھرى ـ مۇھەببەتنىڭ ئەندىزىسى، دادا بولسا كۈچ ۋە ھوقۇقنىڭ ئەندىزىسى، بالا بارلىق گۈزەللىكنى ئانىدىن ئەندىزە ئالىدۇ. بارلىق جاسارەت ۋە ھوقۇقنى دادىدىن ئەندىزە ئالىدۇ. بالىنىڭ ئاتا ۋە ئانىسىدىن قوبۇل قىلغىنى تەڭپۇڭ بولسا ئۇ نورمال ئادەم بولىدۇ، تەڭپۇڭ بولمىسا بىنورمال بولىدۇ. بۇنىڭغا ئەڭ تىپىك مىسال بولالايدىغىنى فىرانسىيىنىڭ مەشھۇر سىمۋولىزمچى شائىر ئارتۇر رىبائودتۇر.

ئارتۇر رىمبائۇد (Arthur Rimbaud )نىڭ دادىسى دېڭىز ئارمىيە ئوفىتسېرى بولۇپ، دايىم دېڭىزلاردا سەپەردە ئارمىيە تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرەتتى. رىمبائۇد بولسا دايىم ئانىسى بىلەن بىللە ياشىغان. دادىسى بىلەن بولسا ناھايىتى ئاز بىرگە بولاتتى. بالىلىق گۈزەللىك تۇيغۇسىنى ئۇ ئاپىسىدىن ئالغان. ئۇ دايىم ئاپىسى بىلەن بىرگە بولغاچقا ئۇنىڭ روھى مۇھەببەت ۋە گۈزەللىك بىلەن تولغان. شۇڭا ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى چاغلىرىدىلا لاتىن تىلىدىكى شېئىرىيەت مۇسابىقىلىرىغا قاتنىشىپ دايىم بىرىنچى بولاتتى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئاجايىپ گۈزەل بولۇپ، تالانتى بالدۇر يېتىلگەنىدى. ئۇنىڭ شېئىردىكى گۈزەل تۇيغۇلار كىشىلەرنى مەپتۇن قىلغان. كېيىن ئۇ پارىژغا بارغاندىن كېيىن شېئىرلار توپلىمىنى نەشىر قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ناھايىتى تېزلا دۇنيا شېئىرىيەت مۇنبىرىدىكى كۆز چاقنىتىدىغان چولپانغا ئايلانغان. ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىك ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىكى نازاكەت بولۇپ، بۇنىڭدىن بىز رامبونىڭ روھى دۇنياسىنىڭ ئانىسىنى ئەندىزە قىلىپ ئالغان گۈزەللىك بىلەن تولۇپ تاشقانلىقىنى كۆرەلەيمىز.

رېمبائۇد كىچىك چاغلىرىدىن تارتىپ دادىسىنى دايىم ئىشىك ئالدىغا چىقىپ دادىسىنى ئۈنسىز چاقىراتتى. بۇ خىل ئەرلىك كۈچ ۋە ھوقۇققا بولغان سېغىنىش ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرلىرىدىلا مەۋجۇت ئىدى. بالىلىق دەۋرىدىكى ئەرلىك روھىغا قانماسلىق كېيىنكى دەۋرلەردە ئۇنىڭ ئەرلەرنى سېغىنىدىغان، ئەر كىشىنى ياخشى كۆرىدىغان بىنورمال پىسخىكىسىنى شەكىللەندۈرگەن.

ئۇ دايىم ئانىسى بىلەن بىللە بولغاچقا ئاياللارغا بولغان ئىستىكى بالىلىق چاغلىرىدىلا قېنىپ قالغان، ئۇ ئەندىزە ئالىدىغان ئەر تۇرمۇشىدا مەۋجۇت بولمىغاچقا. ئۆزىگە ئانىسىنى ئەندىزە قىلغان، شۇڭا ئۇ ئانىسىغا ئوخشاش ئاياللىق پىسخىكا يېتىلدۈرۈپ چوڭ بولغان. ئۇنىڭ بالىلىق چاغرىلىرىدىكى روھىدىكى ئەرلەرنىڭ ۋەكىلى بولغان دادىغا تەلپۈنىشى ۋە بۇ

تەلپۈنۈشىنىڭ قاندۇرۇلماسلىقى ئۇنىڭ جىنسىي خاھىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر قىلىپ ئۇنى ئەرلەرنى سېغىنىدىغان قىلىپ قويغان.

دېمەك، بالىلىق ۋاقتىدىكى بۇرمىلانغان جىنسىي چۈشەنچە ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا ساقلىنىپ ئۇنىڭ كېيىنكى چاغلىرىدىكى جىنسىي بۇرمىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

يەنە بىر مەشھۇر سىمۋولىزىمچى شائىر پول ۋېرلىن ئەينى دەۋردە داڭقى جاھانغا پۇركەتكەن شائىر بولۇپ، 62 ياش ۋاقتىدا 61 ياشلىق رىمنائۇد بىلەن تونۇشۇپ قالغان. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئايالى ۋە پەرزەنتى بار ئىدى. ئۇ ئايالنى تاشلاپ رىمائۇد بىلەن بەچچىۋازلىققا بېرىلىپ كەتكەن. ئىككىسى ئائىلە، خىزمەت دىگەنلەرنىڭ ھەممىسىدىن ۋاز كېچىپ، بىرلىكتە ئەنگلىيە، بېلگىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن.

ئۇلار 2 يىل بەچچىۋازلىق تۇرمۇشىنى كۆچۈرگەندىن كېيىن ئاخىرى رىمبائۇ ۋېرلىندىن ئايرىلىش قارارىغا كەلگەن. ئۇ ئۆزىدىكى بىنورمال جىنسىي ئىستەكتىن قاتتىق ئازاپلانغان بىراق قۇتۇلالمىغان. ئۇ ئىككىسى قاتتىق روھىي ئازاپ ئىچىدە ئەقلىنى يوقۇتۇپ بىر - بىرى بىلەن ئېلىشقان. بىريوسېلدىكى ئۆيدە ۋېرلىن تاپانچا بىلەن رېمائۇدنى ئاتقان، بەختكە يارىشا ئوق رېمبائۇدنىڭ بېلىكىگە تېگىپ يارىلانغان. ۋېرلىن بۇنىڭ ئۈچۈن قانۇن بويىچە جازالىنىپ ئىككى يىل تۈرمىدە ياتقان.

كېيىنكى چاغلاردا رىمبائۇد ئۆزىدىكى ئەرلىكنى ئىستەپ دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا سەرسان بولۇپ يۈرگەن. جان - جەھلى بىلەن ئەرلىك ئوبرازىغا بېرىلگەن، ھەقىقىي بىر ئەرنىڭ ئوبرازىنى ئۆزىدە پەيدا قىلىشقا تىرىشقان. يارىسى ساقىيىش بىلەن تەڭلا ئەنگلىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيەلەرگە بېرىپ تەۋەككۈلچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. ئىسپانىيىدە دان كارلو توپىلىڭىغا قاتناشقان. گوللاندىيە مۇستەملىكە ئارمىيىسىگە ياللانما ئەسكەر بولۇپ، ھېيىئوقچە كەلگەن. سېرىكچىلەر

ئــۆمـكى بــــلـەن ئايلانغـــان. ئافرىقىغـــا بېرىـــپ ئابنىســـىيە پادىشـاھىنىڭ سـودا ئەترىتـى ئىچىـدە مەخسـۇس قـورال يـاراق ئىشـلىرى بىـلەن شـوغۇللانغان. 73 ياشـلىق قىسـقا ئۆمرىنىـڭ ئاخىرىغىچە ئۆزگۈرۈشچان ۋە ئالاھىدە مۇھىت ئىچىدە ياشىغان. مانا شـۇنداق خەتەرلىـك ئىشـلار ۋە تەۋەككـۈلچىلىكلەرگە ئـادەتتىن تاشقىرى بېرىلىپ كېتىشىنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭ پىسخىكىسىدىكى نورمالسـىزلىق بولـۇپ، ئۆزىـدە كەم بولغـان ئەرلىكنـى تولـدۇرۇش ئۈچۈن ئەسەبىيلەرچە ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت.

يەنە بىـر مەشـھۇر ئەنگىلىـيە يازغۇچىسـى ئوسـكار ۋايلـدتىن ئىبارەت.

ئوسـكار ۋايلـد ئۆزىنىـڭ دراما، ھېكـايە، شېئىر ۋە چۆچەكلىرى بىـلەن مىليۇنلىغـان كىتابخانىلارنىـڭ قەلبىنـى ئۇتقـان مەشـھۇر شائىر ئىدى. ئەينى چاغدا ياۋروپادا باش كۆتۈرگەن «سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت» دېگەن ئىـدىيىنى ئـۆزلىرىگە بـايراق قىلغـان، سـەنئەتتە گۈزەللىكنى ھەممىدىن يۇقۇرى ئورۇنغا قويۇدىغان ئەدەبىي ئېقىم ئىسـتېتزم بـاش كۆتۈرگەنـدى. ئوسـكار ۋايلـد ئىسـتېتىزمنىڭ مەشـھۇر ۋەكىللىرىـدىن بىـرى بولـۇپ، ئەينـى چاغـدا پۈتكـۈل جەمىـيەت تەرىپىـدىن قـاتتىق قەدىرلىنىـپ ناھايىتى ئېسىلزادە تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇ 37 يېشىـدا 21 ياشلىق قاملاشقان يىگىت ئالفېرد دوگلاس بىلەن تونۇشـۇپ قېلىـپ ئوخشـاش جىنىسـلىقلار مـۇھەببىتى قاينىمىغـا غەرق بولغـان. كېيىـن دوگلاسـىنىڭ دادىسىنىڭ سوتقا ئەرز قىلىشى بىـلەن ئـۇ 41 يېشـىدا 2 يىللىـق تۈرمە ھاياتىنى بېشىدىن كەچۈرگەن.

ئۇنـداقتا ئوسـكار ۋايلـدنىڭ ئوخشـاش جىنىسـلىقلار مۇھەببىتىگە گىرىپتار بولۇشى نېمە سەۋەبتىن؟ ئۇ يازغـان مەشـھۇر ئەسـەر «دورىئـان گىرېيىنىـڭ سۈرىتى» نـاملىق رومانىـدىكى بـاش قەھرىمـان، چىرايـى قاملاشـقان يىگىـت دورىئـان دەل ئاپتورنىـڭ پىروتوتىپىغا ئاساسەن يارىتىلغان پىرسوناژ بولـۇپ، ئاشـۇ ھـورزۇر ــ ھالاۋەتكە بېرىلگەن، سەزگۈنىڭ قـۇلى، چۈشـكۈن ۋە ئەخلاقسـىز

دورىئانىنىڭ تۇرمۇشى دەل ئۇنىڭ روھىدىكى ئۆزىنىڭ ئەندىزىسى بولۇپ، ئاپتور ئۆزىنى دورىئانىنىڭ ئوبرازىغا تەققىقلىغان، ئاپتور ئۆز قەلبىدىكى ئارزۇسىدا بولغان كەچۈرمىشلەرنى ھېكايە قىلىش ئارقىلىق خىيالىي ھالدا باشتىن كەچۈرۈپ چىققان.

ئوسكار ۋايلدىنىڭ ئەسەرلىرى ۋە ئۇسلۇبىدىكى ئىستېتىزملىق ئالاھىدىلىكتىن ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى ئايالچە نازۇكلۇق ۋە سىپتىلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇنىڭ خاراكتېرىدىكى بۇنداق ئايالالارغا خاس ئالامەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدا يەنىلا ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتى مۇھىم رول ئوينىغان.

ئوسكار ۋايلدىنىڭ ئانىسى ئەينى چاغدىكى بىرىتانىيىگە قاراشلىق ئېرلاندىيەلىك داڭلىق شائىر بولۇپ، ئوسكار ۋايلد ئانىسىغا ئادەتتىن تاشقىرى مەپتۇن بولۇپ كەتكەن. ئۇنىڭ كەسىپ تاللاشتا ئانىسىنى ئۈلگە قىلغانلىقىدىنلا ئۇنىڭ يەنە تۇرمۇشتىمۇ ئانىسىنى ئۈلگە قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ روھىي جەھەتتىكى پۈتكۈل يېتىلىشىدە ئانىسىنىڭ مۇھىم ئەندىزە بولغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇنىڭ دادىسىغا بولغان ھېسسىياتى باشتىن ئاخىرغىچە ئانچە ياخشى بولمىغان. ئۇنىڭ دادىسى بىر نەچچە قېتىم ئاياللار بىلەن ئاشىندارچىلىق سەۋەبىدىن باشقىلار بىلەن ماجىرالىشىپ سوتتا ئېيىپلانغان. شۇڭا ئۇنىڭ ئېڭىدا دادىسى باشتىن ئاخىر ناچار ئوبراز، ئانىسى باشتىن ئاخىر ياخشى ئوبراز تىكلىگەن. ئاپىسىغا چوقۇنغان، ئاپىسىنى سۆيگەن ئوسكار ۋايلد پسىخىك جەھەتتە تامامەن ئاپىسىنى دورىغان. شۇڭا ئۇ روھى جەھەتتە ئاپىسىغا ئوخشاش بىر مېھرى ـ مۇھەببەتلىك، گۈزەل ئايال بولۇشنى خالىغانكى دادىسىغا ئوخشاش ئەسكى ئەر بولۇشنى خالىمىغان. مانا بۇ ئۇنىڭ جىنسىي جەھەتتىكى ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىگە تەسىر قىلىپ، ئۇنىڭ ئەرلىك خاراكتېرىنى يارىتىشىغا توسالغۇلۇق قىلغان. شۇڭا بىر ئادەمنىڭ نورمال خاراكتېر يېتىلدۈرۈشىدە ئائىلە تەربىيىسى، بولۇپمۇ ئائىلە

ئەزالىرى ئوتتۇرسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ تەڭپۇڭلىقى ئىنتايىن مۇھىم.

كىشىلەر دايىم جىنسىي ئاجىزلىققا گىرىپتار بولغۇچىلارنىمۇ ھېجىقىزلار بىلەن ئارىلاشتۇرىۋېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىككىسى پۈتۈنلەي ئىككى ئۇقۇم. ھازىرقىدەك مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان، كىشىلەر رىقابەت ۋە ئىجتىمائىي كۆرەشلەر قايىنىمىدا خۇدىنى يوقاتقان دەۋىردە جىنسىي ئاجىزلىق قاتتىق ئەۋج ئالىدۇ. بەزى ئالىملارنىڭ ئوخشىمىغان رايونلاردا، ئوخشىمىغان مىللەتلەردە ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە قارىغاندا ئەرلەر ئىچىدە جىنسىي ئىقتىداردىن ئەنسىرەش كەيپىياتى ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت ئىكەن. جىنسىي ئىقتىدار ۋەھىمىسىنىڭ ئۆزى جىنسىي ئاجىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاساسىي سەۋەبلەرنىڭ بىرى. گەرچە ھازىر جىنسىي ئىقتىدارنىڭ نورماللىقىنى ئۆلچەيدىغان بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەم بولمىسىمۇ مەدەنىيەتلىك دەۋرنىڭ جىنسىي ئاجىزلىق ۋەھىمىسى ھەممە كىشىنىڭ دىگۈدەك روھىدا كاشىلا توغدۇرۇشقا ئۇرۇنماقتا. شۇڭا جىنسىي ئىقتىدار ئاجىزلىقى ھازىرقى دەۋردە كەڭ تارقالغان بىر كېسەل. بىراق ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى ئۇنداق ئەمەس.

بەزى ئەرلەر ئاياللارغا قىزىقمىسا ئۇنى جىنسىي ئىقتىدارى ئاجىز دېگىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئايال جىنسىي ئوبېكتىغا تەلپۈنۈشى يوق ياكى ئاجىز بولغىنى بىلەن ئۆزى بىلەن ئوخشاش جىنسلىقلارغا بولغان تەلپۈنۈشى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئوخشاش جىنسلىقلار بىلەن مۇھەببەتلەشكەندە جىنسىي ھەۋىسى يۇقىرى پەللىگە چىقىشى مۇمكىن. بىراق ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتىگە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى ئەخلاق ۋە ۋىجدان تۈپەيلى ئۆز قىلمىشىدىن قاتتىق ئازاپ ھېس قىلسا ئۇنىڭدا جىنسىي ئىقتىدار ئاجىزلىقى كۆرۈلۈشى مۇمكىن. جىنسىي ئاجىزلىق ئەمەلىيەتتە جىنسىي ئالاقىدە پىسخىلىكىق توسالغۇ

تۆپەيلىدىن ئۆزىنى روھىي جەھەتتە ئازادە تۇتالماسلىقتىن كېلىپ چىقىدۇ. گۇناھ تۇيغۇسى ۋە ۋىجدانى ئازاپ ياكى ئادەتتىن تاشقىرى جىنسىي بېسىم جىنسىي ئاجىزلىقنىڭ ئاساسى. بەزىلەر ئۆزىدىكى ئوخشاش جىنسلىقلارغا بولغان مۇھەببەت خاھىشىنى باشقۇرۇۋالغان بولسىمۇ، لېكىن يات جىنسلىقلارغا نىسبەتەن مۇھەببەت خاھىشى بولمىغاچقا يات جىنسلىقلار بىلەن بىرگە بولسا زەكىرى قاتماسلىقى مۇمكىن. مانا مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىدا ھېجىقىزلىق بىلەن جىنسىي ئاجىزلىق ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن.

## 2. بەچچىۋازلىق

بەچچىۋاز ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببەتلەشكۈچى ئەرلەر ئىچىدە ئەرنىڭ رولىنى ئوينايدىغان، جىنسىي ئوبېكتى ئەرلەرنىڭ مەقەت يولى بولغان بىنورمال ئەرلەرنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ئەرلەرنىڭ ئەرلەرنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى ئۇلاردا ئاياللىق مىجەزنىڭ بولغانلىقىدىن بولۇشى ناتايىن، ئەكسىچە بىز ئالدىنقى بۆلەكلەردە سۆزلىگەن ھېجىقىزلارنىڭ ئەكسىچە، ئەرلىك مىجەزنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى كۈچلۈك بولغانلىقىدىن بولۇشىمۇ مۇمكىن. قەدىمىي يۇناندا ئەڭ كۈچلۈك باتۇر ئەرلەر دايىم ئۆزىدىكى جىنسىي بۇرمىلىنىشنى ئىپادىلىگەن. ئۇلارنىڭ ئەرلەرنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى ھەرگىزمۇ ئۇ ئەرنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئەرلىك ئالاھىدىلىكىنى كۆرگەنلىكتىن ئەمەس بەلكى ئاشۇ بەدەن قۇرۇلۇشى زىلۋا، يۇرۇش - تۇرۇشى مۇلايىم، تارتىنچاق ئەرلەرنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاياللارغا خاس ئالاھىدىلىكنى كۆرگەنلىكتىن بولغان. مەشھۇر «بابۇرنامە» ناملىق كىتاپتىمۇ ئەينى دەۋردە جاھانغا ھۆكۈمەپ تۇرغان مۇستەبىت بابۇرنىڭ بىر سودىگەرنىڭ چىرايلىق، يۈزى تۇۋەن كەلگەن بىر ئوغلىغا ئەسەبىيلەرچە مەپتۇن بولۇپ قالغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بابۇر ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى تەسىراتلىرىنى يوشۇرماي يازغان. ئۇنىڭ ئۆزىدىكى بۇ تەسىراتتىن نومۇس قىلمىغىنىغا قاراپ بىز ئۇنىڭ بۇنى ئۆزىدىكى ئەرلىك

جىنسىي ئىقتىدارنىڭ كۈچلۈكلۈكى دەپ قاراپ پەخىرلەنگەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. بىراق ئەخلاقىي نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بۇ خىل قىلمىشمۇ باشقا ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتىگە ئوخشاشلا تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە، ئىنساننىڭ روھىي ماھىيىتىگە، ئىنسانىي ئەخلاققا قارشى يىرگىنچلىك قىلمىش.

بەچچىۋازنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭمۇ مۇرەككەپ سەۋەبلىرى بار. فىرئۇدنىڭ قارىشىچە بالىلار يېڭى تۇغۇلغاندا گەرچە ئۇلارنىڭ بەدىنىدە ئوغۇل قىزلىق ئالامەت بار بولسىمۇ لېكىن ئۇلارنىڭ روھىدا جىنسىي پەرق بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ روھىدىكى جىنسىي پەرق ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئەگىشىپ پەيدا بولۇدۇ ھەم كۈچىيىپ ماڭىدۇ. بالىلارغا تۇنجى ئۇچراشقان يات جىنسلىقلار يەنى ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرى ئۇلارغا بەرگەن تەسىر ئۇلارنىڭ كېيىنكى جىنسىي سالاھىيىتىنىڭ مۇقىملىشىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بولغان كومپلېكسى ئوڭۇشلۇق بىر تەرەپ قىلىنمىسا ئۇلار جىنسىي ئېغىش كۆرۈلۈدۇ. بالىلاردىكى جىنسىي تۇيغۇنىڭ يېتىلىش باسقۇچىدا كۆرۈلگەن ئوڭۇشسىزلىق ئۇلارنىڭ كېيىنكى جىنسىي خاھىشىغا يانا پىسخىك ئاساس سېلىپ قويىدۇ. بەچچىۋازلىق خاھىشىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىمۇ ئائىلىدىكى ئۈچ بۇرجەكلىك مۇناسىۋەت مۇھىم ئاساسلارنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن.

«بابۇرنامە»دىن كۆرۈۋېلىشقا بولۇدۇكى ئىمپىراتور بابۇرنىڭ پۈتۈن ئۆمرى سەلتەنەت داۋاسى بىلەن ھوقۇق ۋە ئىستىلا ئۇنىڭ روھىنى تولۇق ئىگىلىۋالغان. بۇ خىل پىسخىك ھالەت ئۇنىڭغا ئۇنىڭ دادىسىدىن قالغان بولۇپ، بابۇر دادىسىنى دورىغان. ئۇنىڭ دادىسى نۇرغۇنلىغان غۇلاملار ۋە كېنىزەكلەر ئىگىسى ئىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدە شەكىللەنگەن ئىككى قۇتۇپنىڭ بىرى ھەممىگە ئىگىدار، مۇتلەق ھوقۇققا ئىگە دادا بولسا، يەنە بىر

قۇتۇپ مۇتلەق بويسۇنغۇچىلار تۇپى بولغان ئانا ۋە ئەر ـ ئايال قۇللار ئىدى. بابۇرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى مانا مۇشۇ ئىككى قۇتۇپ بىلەن ئۆزىدىن ئىبارەت ئۈچىنچى قۇتۇپ ئارىسىدىكى ئۈچ بۇرجەكلىك مۇناسىۋەت ئىچىدە بولغان. ئۇ دادىسىدىن زوراۋانلىق ۋە هوقۇق دائىرىسىنى ئۆلگە ئالغان. ئەينى دەۋرلەردە ئىسلام ئەقىدىسى ئىنتايىن قاتتىق بولغان ئوتتۇرا ئاسىيادا بولۇپمۇ فېئودال پادىشاهلىق ئوردىلىرىدا جىنس ھەققىدىكى گەپ سۆزلەر قاتتىق ئېغىر ئەخلاقسىزلىق قاتارىدا چەكلەنگەچكە بابۇر ئۆزى چوڭ بولغان مۇهىت ئىچىدىكى ئىككىنچى قۇتۇپ بولغان مۇتلەق بويسۇنغۇچىلاردىن ئىنىگ ئانا، ئانا ۋە كېنىزەكلەر بىلەن ئەر قۇللار ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي پەرقنى ئىدراك قىلالمىغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى بويسۇنغۇچى ـ ھەممىسى دادىسىنىڭ مۇتلەق باشقۇرۇشى ئاستىدا، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېهرى ـ مۇهەببەت يەتكۈزگۈچى ـ ھەممىسى بالىغا خوشامەت قىلىدۇ. بالىنى پەپىلەيدۇ، بالىغا يىمەك بېرىدۇ، بالىنىڭ كۆڭلىنى ئالىدۇ، بابۇرنىڭ بالىلىق ئېڭىدا بۇلار ئارىسىدىكى ئەر ـ ئاياللىق پەرق ئايرىلمىغان، شۇڭا بابۇرنىڭ جىنسىي خاهىشى بالىلىق دەۋرىدىكى ئاشۇ خىل ئائىلە قۇرۇلمىسى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن. ئۇ دادىسىنىڭ باتۇرلۇق، زوراۋانلىق ۋە ئىگەللىۋېلىش خاراكتېرىگە ۋارىسلىق قىلغان. بۇ خىل ئىگەللىۋېلىش خاهىشى ھەم جىنسىي جەھەتتىكى ئىگەللىۋېلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بابۇرنىڭ بالىلىق ئېڭىدا دادىسى ئەر ـ ئايال بارلىق قۇللارنىڭ جىنسىي جەھەتتە ئىگەللىگۈچىسى ئىدى. شۇڭا بابۇرمۇ چوڭ بولغاندىن كېيىن ئاڭسىز هالدا ئەرلەرگە نىسبەتەنمۇ جىنسىي جەھەتتە ئىگەللەش ئىستىكىنى ئىپادىلىگەن.

ئادەمنىڭ نورمال پىسخىك ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ نورماللىقى ئىنتايىن مۇهىم. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى مىسالغا قاراپ باقايلى.

مىسال لو xx، ئەر، خانىسۇ، 27 ياش، توي قىلمىغان.

لو xx نىڭ باللىق ئۆسۈپ يېتىلىشىدە فىزئولوگىيىلىك نورماللىسىزلىق كۆرۈلمىگەن. 8 يېشىدا مەكتەپكە كىرگەن. دايىم مەكتەپتىن، ئائىلىدىن قېچىش ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ قالغان. ئۆگىنىشى بۇ سەۋەبتىن ناچارلىشىپ كەتكەن. 11 يېشىدا مەكتەپتىن چېكىنگەن. 1968 - يىلى مېنىڭگىت كېسىلى بولۇپ داۋالاش ئارقىلىق تولۇق ساقايغان. كېيىنچە خامۇشلۇق ۋە غالىتە ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن. ئۆزى تەنھا سىرتلارغا چىقىپ سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشنى ياقتۇرۇدىغان بولۇپ قالغان. ھەر قېتىم ئۆيدىن چىقىپ كەتسە كەم بولغاندا بىر نەچچە كۈن، كۆپ بولسا بىر نەچچە ئاي قايتىپ كەلمىگەن. دايىم ماشىنا بېكىتى، كوچا - كويلاردىكى خالىي جايلار ۋە بىنالارنىڭ لەمپىلىرى ئاستىدا ئالدىغا ئۇچرىغان يەردە يېتىپ، كىيىملىرى كىرلىشىپ، ئۈستى بېشى سېسىق پۇرايدىغان ھالدا يۈرگەن. ئاتا - ئانىسىنىڭ نەسىھەتى قولىقىغا كىرمىگەن. سەرگەردانلىق جەريانىدا ئۇ ئەرلەرنىڭ مەقەت يولىغا باسقۇنچىلىق قىلىشىغا ئۇچرىغان. 1986 - يىلى 6 - 7 - ئايلاردا لۇ xx سەرگەردانلىق جەريانىدا 10 ياشلىق بىر بالا بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ يېرىم ئاي ئارىلىشىپ يۈرگەن. بىر كۈنى توختۇتۇپ قويۇلغان پويىزدا بالا بىلەن بىللە يېتىپ بالىنىڭ جىنسىي ئەزاسىنى ئوينىماقچى بولغان. بالا ئۇنىمىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىشتىنىنىڭ كەمىرىنى چىقىرىپ بالىنىڭ بوينىغا سېلىپ بالىنى بوغقان ۋە يەنە بىر تال ئەتىركىنى بالىنىڭ يۈرەك ۋە جىنسىي ئەزا قىسىملىرىغا سانچىغان. بالا نەق مەيداندا ئۆلگەن. 1987 - يىلى 6 - 8 - ئايلار ئارىسىدا لو xx مەلۇم بىر جايدا تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرۈپ 14-15 ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالا بىلەن تونۇشۇپ قالغان. مەلۇم بىر كۈنى ئوخشاشلا يەنە بىر توختاغلىق ۋاگونغا چىقىپ بالىنىڭ زەكىرىنى ئوينىماقچى بولغان، بالا ئۇنىمىغان، ئۇ كەمىرىنى چىقىرىپ بالىنىڭ گېلىدىن بوغقاندا بالا قورقۇپ تۇرۇپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالىنىڭ مەقەت يولىغا جىنسىي ئەزاسىنى

كىرگۈزۈپ باسقۇنچىلىق قىلغان. 1988 ـ يىل 9 ـ ئايدا ئۇ يەنە مەلۇم جايدىكى پويىز ئىستانسىسىدا 15 ياشلار ئەتراپىدىكى يەنە بىر ئوغۇل بالا بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ، بىر ئايدەك ئارىلىشىپ يۈرگەن. ھەر كۈنى كەچتە ئىككىسى بىر ـ بىرىنىڭ جىنسىي ئەزاسىنى ئويناپ يۈرگەن. بىر كۈنى ئىككىسى بىر ۋاگونغا ئېسىلىپ چىقىپ، ۋاگوندا بىر ـ بىرىنىڭ زەكىرىنى ئويناشقان، بىرەر سائەتتىن كېيىن لو xx ئوراش قاچىلاشقا ئىشلىتىلىدىغان سولياۋ خالتىنى بالىنىڭ بېشىغا كەيدۈرۈپ بوغقان ھەم مىتىن بىلەن بالىنىڭ زەكىرىگە ئۇرۇپ ئۇنى ئۆلتۈرگەن. 1989 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى يەنە بىر قېتىم پويىز ۋاگونىدا تونۇشقىلى ئۇزۇن بولمىغان ئون ياشلىق بىر ئوغۇلنى بوغۇپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن مەقئىتىگە باسقۇنچىلىق قىلغان، جىنسىي ھەۋىسى بىر قېتىم يۇقۇرى پەللىگە يېتىپ 2 ـ قېتىم يەنە قوزغالغاندا بالىنىڭ جەسىتى قېتىشقاباشلىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالىنىڭ مەقەت يولىنى كېسىپ ئېلىۋېلىپ باسقۇنچىلىق قىلىشنى داۋاملاشتۇرغان. شۇ يىلى 10 ـ ئايدا قولغا ئېلىنغاندىمۇ قىلغانلىرىنى يوشۇرماي ئېيتقان (جىڭ جەنپېي تۈزگەن: «روھىي كېسەلگە ئەدلىيە باھا بېرىشتىكى قىيىن نۇقتىلار ۋە دېلو مىساللىرى» شاڭخەي تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتىنىڭ 1996ـيىل خەنزۇچە نەشرى 174ـ193ـبەتلەر)

بۇ مىسالدىكى لو xx ئائىلە ئەزالىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ناچارلىقى تۈپەيلىدىن ئۆيىدىن قېچىش ۋە سەرگەندارلىقنى ئۆزىگە ئىختىيار قىلغان. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ئۇنىڭ بەچچىۋازلىق قىلمىشى جىنسىي زوراۋانلىق بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئائىلىدىكى زوراۋانلىق يەنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ داۋاملىق ئۇرۇپ خارلىشى ئۇنىڭ پىسخىكىسىدىكى جىنسىي زوراۋانلىق خاھىشىنى شەكىللەندۈرگەن. (خارلىنىش كېسەللى ئۇنىڭ جىنسىي زوراۋانلىق ھەققىدە كېيىنكى بابلاردا ئايرىم توختىلىمىز. پايدىلىنىش ئۈچۈن شۇ بابقا قاراڭ) ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا

يۈز بەرگەن تۈنجى قېتىملىق جىنسىي تەجرىبە ئۆزى بىلەن ئوخشاش جىنىستىكىلەرنىڭ باسقۇنچىلىقىغا ئۇچراش بولغاچقا بۇ تەجرىبە ئۇنىڭ ئوخشاش جىنسلىقلار بىلەن مۇھەببەتلىشىدىغان جىنسىي خاھىشىنى پەيدا قىلغان. ئالىملارنىڭ قارىشىچە بىر ئەرنىڭ تۈنجى جىنسىي تەجرىبىسى يەنە بىر ئەر بىلەن بولغان بولسا ئۇ ئەر ئۇچۇن كېيىن ئۆسۈش جەريانىدا پەقەت ئەرلەرلا ئۇنىڭ جىنسىي قوزغۇلۇشىنى بارلىققا كەلتۈرەلەيدىغان ئوبيېكتقا ئايلىنالايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ تۈنجى جىنسىي تەجرىبىسى ئەخلاقى ۋە نامى ناھايىتى ناچار بىر ئايال بىلەن بولۇپ، بۇنىڭ ئۇچۇن ئازاپلانغان بولسا، بۇ تەجرىبە ئۇنىڭدا ئاياللاردىن بىزار بولۇدىغان روھىي ھالەتنى شەكىللەندۈرۈپ كېيىنكى چاغلاردا ئەرلەر ئۇنىڭ جىنسىي ئىنتىلىشىدىكى ئاياللارنىڭ ئورنىنى بېسىپ، ئۇنىڭ جىنسىي خاھىشى بۇرمىلىنىپ كېتىدۇ.

بەچچىۋازلىقنىڭ شەكىللىنىشىدە باللىق جىنسىي تەجرىبە، ئائىلە قۇرۇلمىسىدىكى غەيرىلىك ۋە باشقا پىسخىك يېتىلىشتىكى نورمالسىزلىقتىن باشقا يەنە مەلۇم ئالاھىدە شارائىتمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. بەزى بەچچىۋازلارنىڭ دەسلەپكى جىنسىي ئىنتىلىشى يات جىنسقا بولسىمۇ لېكىن يات جىنسلىقلارغا ئېرىشىش شارائىتى بولمىغاچقا ئوخشاش جىنسلىقلارنى مەزگىللىك ھالدا يات جىنسلىقلارغا تەدبىقلاپ تۈرۈپ جىنسىي ھاياجىنىنى قاندۇرۇش بىلەن بەچچىۋازلىق شەكىللىنىدۇ. يات جىنسلىقلار بىلەن ئۇچرۇشۇش شارائىتى بولمىغان جايلار مەسىلەن، تۈرمە، ھەربىي گازارمىلار، دېڭىز ئىشچىلىرى بار جايلار، يات جىنسلىقلار بىلەن چەكلەنگەن ياتاقلار قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بەچچىۋازلىقنىڭ شەكىللىنىشىدىكى مۇنبەت تۇپراقلار. لېكىن بۇنى مۇتلەق شەكىلدىكى ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى بۇنىڭ نۇرغۇنلىرى يات جىنسلىقلار بىلەن

ئۆچرۈشۈش چەكلەنگەن شارائىتتىن ئايرىلىپ، يات جىنسلىقلار بىلەن ئۆچرۈشۈش شارائىتى بار جايغا بارغاندا ئۇنىڭ جىنسىي ئوبيېكتىمۇ ئۆزگۈرۈشى مۇمكىن.

## 4 - باب

## جىنسىي ھەرىكەتتىكى بىنورماللىقلار

نورمال كىشىلەرنىڭ جىنسىي ھەرىكىتى ئەر - ئايال ئىككى تەرەپنىڭ جىنسىي ئەزالىرىنىڭ ئۆزئارا ئۆچرۈشۈشى ئارقىلىق بولىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىدىكى جىنسىي ئىستەكنى ھەممە ئادەمگە ئورتاق بولغان ئاشۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىق قاندۇرىدۇ. بىراق بەزى بىنورمال پسىخىكىغا ئىگە كىشىلەر بولسا ئۆزلىرىدىكى جىنسىي ئىستەكنى بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق قاندۇرماستىن بەلكى باشقىچە ئۇسۇللار بىلەن قاندۇرىدۇ، ئۇلارغا جىنسىي ئالاقىگە قارىغاندا بەزى غەيرى ھالەتتىكى جىنسىي قىلمىشلار لەززەتلىك، ھەتتا ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى جىنسىي ئالاقە قىزىقتۇرالمايدۇ. نورمال جىنسىي ئالاقە ئەر - ئايالدىن ئىبارەت ئىككى كىشى ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. لېكىن بىنورماللار بولسا ئۆزىنى ئۆزى رازى قىلالايدۇ. مەسىلەن، ئانانىزىم قىلىش، ئوغۇرلۇق، مارىلاش ۋە ئۆزىنى خارلاش. نورمال جىنسىي ئالاقە مۇھەببەت ئۇستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ. ئەر - ئايال بىر - بىرىگە ئۆز مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيدۇ. بىراق بىنورماللار ئۇنداق ئەمەس. بەزى بىنورماللار يات جىنسلىقلارنى خارلاش ئارقىلىق جىنسىي ھەۋىسىنى قاندۇرىدۇ، ۋاھاكازا.

جىنسىي ھەرىكەتتىكى بىنورماللىقلارمۇ ئاجايىپ غارايىپ ۋە خىلمۇ - خىل بولۇپ، كىشىنى چۆچۈتىدىغان قاتىللىقلارمۇ، كىشىنى ھاڭ - تاڭ قالدۇرىدىغان غەلىتە بىمەنىلىكلەرمۇ بار. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغانلىرى خارلاش سەۋدالىقى، خارلىنىش سەۋدالىقى، ئۆزىنى خارلاش سەۋدالىقى، مارىلاش

سەۋدالىقى، ئانانىزم، شەھۋەتخورلۇق، سەت گەپ مەستانىلىقى، ئاشكارىلاش سەۋدالىقىدىن ئىبارەت. بىز تۆۋەندە جىنسىي ھەرىكەتتىكى بۇ خىل بىنورماللىقلار ھەققىدە بىر ـ بىرلەپ توختىلىمىز.

## 1. جىنسىي زوراۋانلىق

جىنسىي زوراۋانلىق خۇمارى (Algolagnia) جىنسىي ھەۋەسنى قاندۇرۇشتا زوراۋانلىقنى ۋاستە قىلىدىغان بىر خىل جىنسىي ھەرىكەت بىنورماللىقى بولۇپ، بۇ خىل بىنورماللىققا گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ ئېڭىدا جىنسىي مۇھەببەت ئۇقۇمى زوراۋانلىق بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن. ئۇلارنىڭ جىنسىي ھەۋىسىنى نورمال جىنسىي ئالاقە قاندۇرالمايدۇ. پەقەت زوراۋانلىق ـ ھەرىكەتلىرىلا ئۇلارنىڭ جىنسىي ھەۋىسىنى قوزغىتالايدۇ ۋە قاندۇرالايدۇ. جىنسىي زوراۋانلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى نورمال جىنسىي ئالاقە قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ جىنسىي نىشانى پەقەتلا زوراۋانلىق، جىنسىي زوراۋانلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى نورمال جىنسىي ئالاقە قىلالايدۇ. بىراق جىنسىي ئالاقىگە زوراۋانلىقنى تەڭكەش قىلمىسا جىنسىي ھەۋىسىنى يۇقىرى پەللىگە چىقىرالمايدۇ. ياكى جىنسىي ئاجىزلىق ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. پەقەت زوراۋانلىق ئارقىلىقلار جىنسىي مەقسەتكە يېتىدىغان بىمارلارنىڭ بەزىلىرى ئادەتتىكى زوراۋانلىق ۋاستىلىرىنى (مەسىلەن، بېرتىۋا بىلەن كىيىملەرنى تىلىۋېتىش، ئاياللارنىڭ چېچىنى كېسىپ ئويناش، ئاياللارنى شاپىلاق بىلەن ئۇرۇش) قوللىنىپ جىنسىي ھەۋىسىنى قاندۇرسا، بەزىلىرى ئېغىر دەرىجىدە زەخىملەندۈرۈش ھەتتا ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق جىنسىي ھەۋىسىنى قاندۇرىدۇ، بۇلار جىنسىي ھەۋىسىنى قاندۇرۇشتا زوراۋانلىقتىن باشقا ۋاستە ياكى ھەرىكەتلەرنى قوللانمايدۇ، پەقەت زوراۋانلىقلا ئۇلارنىڭ بىردىن بىر

جىنسىي ھەرىكەتتىن ئىبارەت. ئۇلار زوراۋانلىق بىلەن شۇغۇللانغاندا گەرچە جىنسىي ئالاقە قىلمىسىمۇ زوراۋانلىق ھەرىكىتىنىڭ يۇقۇرى پەللىگە چىقىشىغا ئەگىشىپ جىنسىي ھەۋىسى يۇقۇرى پەللىگە يېتىپ ئىسپېرما ئېتىلىپ چىقىدۇ، شۇڭا جىنسىي زوراۋانلىقنىڭ جەمىيەتكە كەلتۈرىدىغان زىيىنى ئېغىر بولۇپ، كىشىنى تاڭ قالدۇرۇدىغان، غەلىتە ۋە قورقۇنچلۇق ئىشلار كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ ۋەھىمىگە سالىدۇ. جىنسىي زوراۋانلىق ئۈچ خىل بولۇپ، خارلاش سەۋدالىقى، خارلىنىش سەۋدالىقى ۋە ئۆزىنى خارلاش سەۋدالىقىدىن ئىبارەت. بەزى بىمارلاردا بۇ ئۈچ خىل كېسەللىكنىڭ ئىككىسى ياكى ھەممىسى تەڭلا مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن، بىز بۇلارنى ئۇنىۋېرسال جىنسىي زوراۋانلىق دەيمىز.

سىگمۇند فرئېۇدنىڭ قارىشىچە ئادەتتىكى جىنسىي ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاز - تولا زوراۋانلىق تۈسىنى ئالغان بولىدۇ، ھەر قانداق ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىن جىنسىي زوراۋانلىق خاھىشىنىڭ ئېلېمېنتلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ. بولۇپمۇ ئەرلەرنىڭ جىنسىي ھەۋىسىدە تاجاۋۇزچىلىق ۋە ئىستىلا ھەۋىسى، تامامەن ئىگىللەپ بويسۇندۇرۇش ئىستىلى بار بولىدۇ. بۇنى قەدىمدىن تا ھازىرغىچە بولغان ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەنئەنىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان. جىنسىي ھەرىكەتتە ئاياللارنىڭ ئاستىدا ئەرلەرنىڭ ئۈستىدە بولۇشىنىڭ ئۆزىلا ئەرلەردىكى ئۈستۈنلۈك خاھىشىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا بىر خىل ئەنئەنە بولۇپ ئورنۇشۇپ كەتكەن، ئاندىن ئەرلەرنىڭ جەمىيەتتىكى ئورنىنىڭ يۇقۇرىلىقى، ئائىلىدىكى ئورنىنىڭ يۇقۇرىلىقى بالىلارنىڭ ئېڭىدا «ئەرلىك دېمەك بويسۇندۇرۇش ۋە تاجاۋۇز» دېگەن ئاڭنى شەكىللەندۈرىدۇ. مانا بۇنىڭ بىلەن تەبىئىي ھالدا ئەرلەردە زوراۋانلىق خاھىشى شەكىللىنىدۇ.

ئوغۇل بالا دادىنى دورىغاندا ئەڭ ئالدى بىلەن دادىنىڭ ئەرلىك خاراكتېرىنى دورايدۇ، ئائىلىدىن ئىبارەت بۇ ئەڭ كىچىكلىتىلگەن

جەمئىيەتتە بالا دادىنىڭ ئائىلىدىكى ئورنىغا قاراپ بىر خىل باشقۇرۇش ۋە ھوقۇق ئىرادىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. دادىسىنى دوراپ ئاياللارنى ئىگىلىۋېلىش ۋە مۇتلەق بويسۇندۇرۇش ئىستىكىدە بولىدۇ. لېكىن كېيىن ئۆسۈپ يېتىلگەندىن كېيىن ئىجتىمائىي تەربىيە جەريانىدا شەكىللەنگەن ئېڭىدا ئاياللار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ زوراۋانلىق بىلەن زىيانكەشلىككە ئۇچراش مۇناسىۋىتى ئەمەس بەلكى ئۆزئارا ياخشى كۆرۈش مۇناسىۋىتى ئىكەنلىكىنى تونۇپ، بۇ خىل تونۇش ئاساسى ئىدىيە بولۇپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تامامەن ئىگىلەش ھەۋىسى بىلەن مۇھەببەت ھەۋىسىنى ئۆزئارا كېلىشتۈرۈپ ئادەم ئۆزىگە خاس جىنسىيەت قارشىنى پەيدا قىلىدۇ. بويسۇندۇرۇش خاھىشى بىلەن ياخشى كۆرۈش خاھىشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئادەمنىڭ ئېڭىدا نورمال تەڭشەلسە ئۇ ئادەم نورمال بولىدۇ. ئەگەر ئىگىللەش ۋە تاجاۋۇز خاھىشى چېكىدىن ئاشقان تەرەپكە قاراپ تەرەققىي قىلىپ كەتسە ياكى مۇھەببەت ئۇقۇمىنىڭ ئورنىنى زوراۋانلىق ئىگىلەپ كەتسە جىنسىي زوراۋانلىقتىن ئىبارەت بىنورمال جىنسىي پسىخىكا پەيدا بولۇپ قالىدۇ. بەزى ئادەملەر ئۆزىدىكى ئېپتىدائىي بويسۇندۇرۇش ۋە زوراۋانلىق خاھىشىنى رىياللىق بىلەن مۇرەسسەلەشتۈرەلمەيدۇ ياكى ئۇنىڭ جىنسىي تەبىئىتىدىكى تاجاۋۇزچىلىق ئېلېمېنتى ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا ئۇنىڭ پسىخىكىسىدا مۇستەقىل ھالدا تەرەققىي قىلىپ ياكى كۈچىيىپ سىرتنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلمايدۇ، مانا بۇ جىنسىي زوراۋانلىقنىڭ پسىخىك سەۋەبلىرىنىڭ بىرى.

جىنسىي تەلەپتىكى زوراۋانلىق خاھىشى پەقەت تۇرمۇشتا ئىگىلىۋېلىش، كۈنلەش ۋە باشقۇرۇش بولۇپ، تۇرمۇش ئۇسۇلى شەكلىدە ئەقىلگە مۇۋاپىق ھالدا ئىپادىلەنسە بۇ نورمال بولىدۇ، بىراق بۇ خىل جىنسىي زوراۋانلىق خاھىشى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە خارلاش ۋە خارلىنىش ئارقىلىق جىنسىي تەلەپنى قاندۇرۇش شەكلىدە ئىپادىلەنسە بۇ جىنسىي بىنورماللىق

ھېسابلىنىدۇ. تۆۋەندە بىز ھەرخىل جىنسىي زوراۋانلىقلار ھەققىدە ئايرىم ــ ئايرىم توختىلىمىز.

### 1. جىنسىي خارلاش سەۋدالىقى

خارلاش سەۋدالىقى (Active Algolagina, Sadism) باشقىلارنى خارلاش ئارقىلىق جىنسىي ھەۋەسنى قاندۇرىدىغان بىر خىل ججىنسىي بىنورماللىق بولۇپ، بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىمارلار جىنسىي ھەۋەسنى نورمال جىنسىي ئالاقە بىلەن ئەمەس بەلكى جىنسىي ئوبيېكتى ئازاپلاش ياكى جىنسى ئالاقىغا ئازاپلاشنى تەڭكەش قىلىش ئارقىلىق قاندۇرىدۇ. جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن خارلاش ھەرىكىتى ئېلىپ بارمىسا ئۇلار جىنسىي ھەۋەسنى قاندۇرالمايدۇ ياكى جىنسىي تەلەپتىكى ئاجىزلىق كۆرۈلىدۇ.

سادىزم (Sadism) ئاتالغۇسى ياۋرۇپا تىللىرىدا خارلاش كېسەللىكىنىڭ ئورتاق ئاتىلىشى بولۇپ 18 ــ ئەسىردە ئۆتكەن فرانسىيىلىك ماركىز دوناتئېن ئالفۇنسې فرانسوئىس دې سادې (Donatien Alphonse Froncoisde Sade)نىڭ ئىسمىدىن كېلىپ چىققان. سادې 1740 ــ يىلى فرانسىيىدە بىر ئاقسۆڭەك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ كېيىن ھەربىيلىككە قاتناشقان، 7 يىل ئۇرۇش ئوتلىرى ئىچىدە دەھشەتلىك تۇرمۇشنى باشتىن كەچۈرگەن. دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ماركىز بولغان ۋە بىر گۈزەل قىز بىلەن توي قىلغان. تويدىن كېيىن ئۇ ئايالى بار تۇرۇپمۇ دايىم پاھىشىخانىلارغا كىرىپ يۈرگەن، ئايال ئارتىسلارنى ئۆيىگە باشلاپ كىرگەن. ئايالىنىڭ سىڭلىسى بىلەن ئىش پەش تارتىشىپ يۈرگەن، ھەر بىر ھەرىكىتىدە ئەسەبىيلەرچە شاللاق ھالىتىنى ئىپادىلىگەن. ئۇنىڭ ئايالى بىلەن بولغان جىنسىي تۇرمۇشى تازا كۆڭۈللۈك بولمىغان، چۈنكى پەقەت شاللاقلىق ۋە چېكىدىن ئاشقان ھاياجانلىق سەۋدايىلارچە ھەرىكەتلا ئۇنىڭ جىنسىي ھەۋەسنى قوزغىتالايتى. ئەخلاق ۋە قانۇن ئىچىدىكى نىكاھ بولسا ئۇنى ئازاپلىغان. شۇڭا ئۇ پاھىشىخانىلاردىن ھاياجان

ئىزدىگەن، بارا ــ بارا جىنسىي ئەسەبىيلىكنىڭ پاتقىقىغا پاتقان، ئادەتتىكى شاللاقلىقلار ئۇنى رازى قىلالماي ئۇ تېخىمۇ كۆپ روھىي ۋە جىسمانىي غىدىقلاشلارنى ئىزدىگەن. بارا ــ بارا ئاياللارنى خارلاشتىن ئىبارەت بۇ خىل روھىي غىدىقلىنىشنىڭ ئىچىگە غەرق بولغان. نۇرغۇنلىغان ئاياللارنى خارلاش ئارقىلىق جىنسىي ھەۋىسىنى قاندۇرغان. ئۇ دايىم قامچا بىلەن ئۇرۇش، پىچاق سانجىش، داغلاش، بوغۇش، چىشلەش، تاتىلاش، كىيىملەرنى يىرتىش، يوتىلارنى تىلىۋېتىش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن ئاياللارنى خارلىغان. ئۇ ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى خاتىرىلەپ ئۇنىڭدا ئۆزى ئىشلەتكەن 600 خىل جىنسىي خارلاش ۋاستىلىرىنى تاپشۇرغان. ئۇنىڭ خارلاش خۇمارى شۇ قەدەر ئەسەبىيلەشكەنكى نەچچە قېتىم تۈرمىگە كىرىپمۇ ئۆزگەرمىگەن. 28 يېشىدىن باشلاپ 20 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتنى تۈرمىدە ئۆتكۈزگەن. فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىي مەزگىلىدە تۈرمىدىن بوشۇتۇلغان. كېيىن ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە قاتناشقان، كېيىن يەنىلا جىنسىي تەلۋىلىك بىلەن شۇغۇللىنىۋېرىپ يېڭى ھۆكۈمەت تەرىپىدىنمۇ قولغا ئېلىنغان. ئاخىرىدا روھىي كېسەل دەپ قارىلىپ روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا تەقىپ قىلىنىپ داۋالانغان. ئۇ ساراڭلار دوختۇرخانىسىدا «ھەرەمخانا پەلسەپەسى»، «رەزىللىك سەلتەنەتى»، «جۇستىنا ياكى گۈزەل ئەخلاقنىڭ بەختسىزلىكى»، «سۆيگۈ جىنايىتى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان، بۇ ئەسەرلەردە جىنسىي خارلاش پسىخىكىسى ناھايىتى ياخشى يورۇتۇپ بېرىلگەن.

سادىي ئۆچ خىل ھاكىمىيەتنى باشتىن كەچۈرگەن، ئۇ ھەممىلا ھاكىمىيەت تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغان، ئىنسانلار تەرىپىدىن مەدەنىيەتلىك جەمىيەتنىڭ ئورتاق دۈشمىنى دەپ قارىلىپ ھەممىلا جايدا چەكلەنگەن. ئىوبزورچى ۋىلىيام خاردمان سادىغا مۇنداق باھا بەرگەن: «سادىي ئەڭ ئىپلاس ئەڭ قورقۇنچلۇق، كىشىنى بىزار قىلىدىغان لۈكچەك، ئىنسان تەبىئىتىنىڭ نومۇسى» كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ئۇ بىر ھەقىقىي ئالۋاستىغا

ئايلانغانىدى.

ئۇ 1814 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن. 1834 ـ يىلى ئۇنىڭ ئىسمىدىن تۇرلەپ چىقىلغان «سادىزم» دېگەن ئاتالغۇ جىنسىي خارلاش كېسەللىكىنى بىلدۈرىدىغان ئىلمىي نام سۈپىتىدە لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن. 1876 ـ يىلى پسىخولوگىيە ئالىمى كراففىت ئېبىڭ «بىنورمال پسىخىكىلىق جىنسىي ھەرىكەتلەر» ناملىق كىتابىنى نەشىر قىلغان. بۇ كىتابتا سادېنىڭ ئىسمى ھەقىقىي ئىلمىي ئاتالغۇ بولۇپ تۇراقلاشتۇرۇلغان.

1763 ـ يىلى 10 ـ ئايدا جېنا تەيستال ئىسىملىك بىر ئايال ئۆزىنى خارلىغان بىر ئەرنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلغان. بۇ ئايال بەزىدە پاھىشە قىلىش ئارقىلىق تۇرمۇشنى قامدايتى. كېيىن ئۇ بۇ ئەرنىڭ دەل ماركىز دې سادې ئىكەنلىكىنى تونۇپ قالغان ۋە سادېنى ئىنتايىن قورقۇنچلۇق غەلىتە قىلىقلار بىلەن خورلاپ مېنى ئازاپلىدى دەپ ئېيىپلاپ ئۇنىڭ بۇ ۋەھىمىلىك ۋە ھۆرمەتسىزلىك بىلەن تولغان قىلمىشى ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان. تەكشۈرۈش ئارقىلىق سادې شەھۋەتكە بېرىلىش ۋە خۇداغا شەك كەلتۈرۈش جىنايىتى بىلەن تۈرمىگە تاشلانغان.

1768 ـ يىلى ئېستىر بايرىمىدا يەكشەنبە كۈنىدە تاسادىپىي روسې كەيلى ئىسىملىك ئىشسىز قالغان بىر توقۇمۇچۇلۇق ئىشچىسى بىلەن تونۇشۇپ قالغان، ئاندىن ئۇنى ئىجارىگە ئالغان بىر ئۆيگە باشلاپ بارغان. كېيىن ئۇ سادېنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلغان ئۇنىڭ ئېيتىشىچە سادې ئۇنىڭ ئارزۇسىغا خىلاپ ھالدا ئۇنى قامچا بىلەن ئۇرغان. قەلەمتۇراچ بىلەن تېرىسىنى كەسكەن، ئۇ بىر ئاماللارنى قىلىپ دېرىزىدىن قېچىپ چىقىشتىن ئاۋال قىزىق مومنى ئېرىتىپ ئۇنىڭ يارىسىغا تۆككەن. سادې ئۇنى قامچا بىلەن ئۇرغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغان. بىراق قەلەمتۇراچ ئىشلەتكىنىنى ئېتىراپ قىلمىغان ھەم روسې دېگەن مومنى ئەمەلىيەتتە يالغۇز قايتۇرۇش دورىسى ئىدى دېگەن، ھەمدە ئۇ

پاھىشە ئايالىلارنى تەلىپى بويىچە ھەق بېرىپ رازى قىلغانلىقىنى، نارازى بولۇشىنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆزىنى ئاقلىغان. سوتنىڭ سوراق خاتىرىسىدە خاتىرىلەنگەن ماتېرىياللاردىنمۇ داۋاگەرنىڭ بەزى سۆزلىرىنىڭ تاقىتا ـ تۇققا ۋە زىددىيەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، بىراق سادى پەقەت ئۇنى قامچىلىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقى ئۈچۈنلا كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە چېكىدىن ئاشقان شەھۋەتپەرەس، غەلىتە مەخلۇق بولۇپ قېلىپلا ھەممىنى ئۇستىگە ئېلىشقا مەجبۇر بولغان، شۇنىڭ بىلەن ئاشۇ پاھىشە ئايالنىڭ ئېيتقانلىرى ھەممىسى راست دەپ قارىلىپ شۇ بويىچە ھۆكۈم چىقىرىلغان.

1772 ـ يىلى 6ـ ئايدا سادى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنىپ ئۇنىڭ تەقلىدى ھەيكىلى جامائەت ئالدىدا سىمۇوللۇق سازايى قىلىنىپ كۆيدۈرۈلگەن. كېيىن ئۇ فرانسىيىدىن قېچىپ ئىتالىيىگە بارغان. 1774 ـ يىلى 7 ـ ئايادا ئۇ يەنە بىر قېتىم ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان. بىراق قالايمىقانچىلىقتا دارغا ئېسىش كىمگە كەلگەنلىكى ئېنىق بولماي ئۆلتۈرۈلمەي قالغان، ئىككى كۈندىن كېيىن ھۆكۈمەت ئالمىشىپ قىرغىن توختىغان.

بۇ جەرياندا كىشىلەرنىڭ ھەممىدىن بەكراق ئوغىسىنى قايناتقىنى ھەم ئۇنىڭ نامىنى پۈركەتكۈزۈۋەتكىنى يەنىلا ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بولۇپ، ئۇ ئەسەرلىرىدە ئەينى دەۋرىدىكى كۈندۈزدە پەرىشتە كېچىدە ئالۋاستى بولۇپ ياشاۋاتقان سانسىزلىغان ئېسىلزادىلەر، پوپلار ۋە ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرنىڭ شەھۋانىيلىك ۋە جىنسىي بىنورماللىق بىلەن تولغان چۈشكۈن رىياللىقىنى ئېچىپ تاشلاپ ئۇلارنىڭ قاتتىق يىغىرىغا تەگكەن. چاك ـ چېكىدىن بۆسۈلۈۋاتقان، ئەخلاق ۋە ئىنسان تەبىئىتى بۇرمۇلىنىۋاتقان ئاشۇ دەۋرىدە كىشىلەر يالغاندىن ئەخلاقلىق ۋە ئېسىل پەزىلەتلىك بولۇۋېلىپ، جەمىيەتنىڭ ئىچ ـئىچىدىن چىرىپ كەتكەنلىكىگە كۆزىنى يۇمۇۋېلىش ئارقىلىق ئۆزلىرىگە روھىي تەسەللىي بېرىپ كېلىۋاتاتتى. سادى بولسا مانا مۇشۇنداق

ساختىلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان روھىي تەسەللىنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يېيىۋەتكەن. شۇڭا ئۇ پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ ئورتاق دۈشمىنىگە ئايلانغان. 1804 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 8ـ كۈنى يەرلىك دائىرىلەر «سادې، قۇتۇلدۇرغىلى بولمايدىغان، شاللاقلىقتا ئەقلىنى مەڭگۈلۈك يوقاتقان ئادەم» دەپ خۇلاسە چىقارغان. سادېنىڭ ئەسەرلىرى چەكلەنگەن. بۇۋاسىر ئۇنىڭ ئىسمىنى لۇغەتكە كىرگۈزگەندە «سادېزم شەھۋانىيلىقنىڭ بىر خىل ئىنتايىن قورقۇنچلۇق، غەلىتە شەكلىدىن ئىبارەت. ئۇ تەبىئەتكە قارشى بىر خىل غەيرىلىك ھەم جەمئىيەتكە قارشى ئىدىيىۋى سىستېما» دەپ ئىزاھات بەرگەن. تا ھازىرغىچە سادېنىڭ نامى ھەممىلا جايدا ئەڭ يىرگىنچلىك، ئەڭ ئىپلاس ۋە ئەڭ زەھەرخەندە نام بولۇپ كەلمەكتە.

مەشھۇر پەيلاسوپ فوكالت، سادې ھەققىدە توختالغاندا مۇنداق دەيدۇ: «سادې ئۈچۈن جىنسىيەتنىڭ ھېچقانداق پىرىنسىپى يوق ياكى ئۆزىنىڭ ماھىيىتىدىن كېلىپ چىققان قانۇنىيىتى مەۋجۇت ئەمەس. لېكىن ئۇ پەقەتلا چەكسىز ھوقۇق قانۇنىيىتىگىلا بوي سۇنىدۇ. بۇ قانۇنىيەت (يەنى ھوقۇق قانۇنىيىتى) ئۆزىدىن باشقا ھېچقانداق قانۇنىيەتنى ئېتىراپ قىلمايدۇ».

دېمەك سادېدىكى خارلاش سەۋدالىقى پسىخىكىسىنىڭ نېگىزى ئۇنىڭ روھىدىكى ئادەتتىن تاشقىرى كۈچلۈك بولغان ئەرلىك ھوقۇق ئىرادىسى بولۇپ، ئۇ ئەرلىك ھوقۇق ھەققىدە بىر يۈرۈش پەلسەپىۋى نەزىرىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ ئۈچۈن جىنسىيەت شەھۋانىي زوراۋانلىق ۋە مۇتلەق مۇستەبىت ھوقۇقىنى ئىپادىلەيدىغان ئەڭ ياخشى ئىپادىلەش ئۇسۇلى. ئاجىزلار بىلەن كۈچلۈكلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەبىئەت دۇنياسىنىڭ قانۇنىيىتىنى ئاساس قىلغان مۇناسىۋەت بولۇپ، كۈچلۈكلەرنىڭ ئاجىزلارنى خارلىشى قانۇنىيەت، تەبىئەتتە ياخشىلىق يامانلىق ئۇقۇمى مەۋجۇت ئەمەس، پەقەت بويسۇنۇش ۋە بويسۇندۇرۇش

مەۋجۇت. زوراۋانلىق ۋە ئازاپلاشنىڭ كۈچلۈك ھەۋىسى تەبىئەت ئاتا قىلغان ھەۋەس ياكى تەلەپ بولۇپ، ئادەمنىڭ باشقا تەلەپلىرى مەسىلەن، نەپەسلىنىش، تاماق يېيىش قاتارلىق تەلەپلەرگە ئوخشايدۇ.

بىز سادېدىكى بىنورمال پسىخىكىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى سەۋەبلەرنى ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش شارائىتى ئارقىلىق تەھلىل قىلساق مەلۇم قاراشلارغا ئىگە بولالايمىز. ئۇ ماركىز ئائىلىسىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى گىراف سادې دىپلوماتىيە خادىمى، ئانىسى بولسا مەلىكە ھەرەمخانىنىڭ خادىمى ئىدى. ئۇنىڭ بالىلىق چاغلىرى مالايلارنىڭ خوشامەتلىرى ۋە مۇتلەق بويسۇنۇشى ئىچىدە ئۆتكەن، ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا ئاتا ـ ئانىنىڭ قاتتىق باشقۇرۇشى يوق ئىدى. مانا بۇ ئۇنىڭدىكى مۇستەبىت ۋە ھاكاۋۇر خاراكتېرنى شەكىللەندۈرگەن. 15 يېشىدا ئۇرۇشقا قاتنىشىپ 7 يىل ئۇرۇش جەريانىدا قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ لېيتنانت بولغان. دېمەك زوراۋانلىق ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى بولۇپ، ئۇ بۇ جەرياندا ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنىلا كۆرۈپ، ئىنسان ۋە ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەققىدە تامامەن بۇرمىلانغان ئاڭنى يېتىلدۈرگەن. ئۇنىڭ تۇنجى مۇھەببەتتىكى ئېچىنىشلىق مەغلۇبىيىتى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بىنورماللىقنىڭ ئىپادىلىنىپ چىقىشىغا تۈرتكە بولغان. ئۇ ئاياللارغا قاتتىق نەپرەتلەنگەن ۋە ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىشقا بەل باغلىغان.

بىز ئۇنىڭ ئەرلىكنى ئەسەبىيلەرچە داۋراڭ سېلىشىدىن ئۇنىڭ ئەرلىك ئاجىزلىققا گىرىپتار بولۇش ئېھتىمالىنى پەرەز قىلالايمىز، چۈنكى ئۇ ئەرلىك ئۆزىدە كام بولغاچقا ئەرلىكنى ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرۈپ مەدھىيىلىگەن. ئۆزىدە ئەرلىك ئاجىزلىق بولۇشىدىن قورقىغان. شۇڭا جان جەھلى بىلەن ئۆزىنىڭ ئەرلىكىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشقان. ئەمەلىي مىساللار ۋە كلىنىكىلىق تەكشۈرۈشلەردىن بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى خارلاش

سەۋدالىقىغا گىرىپتار بولغانلارنىڭ جىنسىي پائالىيىتىدە خارلاش ئامىلى ئارىلاشسا ئۇلاردا دايىم جىنسىي ئاجىزلىق ئالامىتى كۆرۈلىدۇ. پەقەت جىنسىي خارلاش ئېلىپ بېرىلغاندىلا ئۇلارنىڭ جىنسىي ھەۋىسى قاتتىق كۆچۈيۈپ، ئۆزلىرىنى ئەركەك ھېس قىلالايدۇ. مانا بۇ خىل ھالەت ئۇلاردا يامان سۈپەتلىك ئايلانما پەيدا قىلغان، يەنى ئۇلار خارلىغانسېرى ئۆزىنى ئەركەك ھېس قىلىدۇ، ئەركەك ھېس قىلغانسېرى خارلىغۇسى كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېڭىدا ئاياللارنى خارلاش بىلەن ئەرلىك جىنسىي ئىقتىدار بىر ئۇقۇم بولۇپ كەتكەن. سادې ئەرلىك جىنسىي ئىقتىدارغا ئەسەبىيلەرچە چوقۇنغان، ئۆزىنى تىرورلۇق ۋە قايىم بولۇشتىن باشقا ھېچقانداق ھېسسىيات بولمىغان روھىي دۇنياغا بەند قىلىۋالغان.

ئاياللار ھوقۇقىنى تەرغىپ قىلغۇچىلارنىڭ داڭلىق ۋەكىللىرىدىن دې بوپۇۋا، دۋوركىن، كېتې مىللېس قاتارلىقلار ئۇنى ئەرچىلىك ئىدىيىسىنىڭ، ئاياللارنى پەس كۆرۈش ئىدىيىسىنىڭ سىمۋولى دەپ قارىغان ھەم سادېنى ئاياللارنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىنىڭ قوللىغۇچىسى دەپ ئاتىغان.

ئانجىلا كارتېر ئۇنىڭغا باھا بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: سادېنىڭ رومانتىزملىق جىنايى خىياللىرى، ئۇنىڭ خارلاش تەلۋىلىكى ئۇسۇلى، ئۇنىڭ ئۈمىدسىزلىكى، جىنسىي ۋەھىمىسى، ئۇنىڭ قېنىپ بولغۇسىز ئۆزىنىلا مەركەز قىلىۋېلىشى، قىرغىن، زىيانكەشلىك ۋە ئۇرىقىنى قۇرۇتۇش قاتارلىقلارغا بولغان قوبۇل قىلىش پوزىتسىيىسى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم.»

سادې ھەقىقەتەنمۇ بەزىلەر ئېيتقاندەك رەزىللىك گۈلى بولۇپ، روھىي دۇنياسى غەلىتە خام ـ خىيال، تەلۋىلىك ۋە گۈزەل ساراڭلىقلار بىلەن تولغان. ئۇ تاھازىرغىچە روھىي كېسەللىكلەر ئالىملىرىنىڭ تېخى ئاخىرلاشمىغان تەتقىقات تېمىسى بولۇپ كەلمەكتە.

خارلاش سەۋدالىقىدىن ئىبارەت بۇ خىل پسىخىك بىنورماللىقنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى ھەرىل بولۇپ،

ھەممىنى ئورتاق قىلىپقا چۈشۈرگىلى بولمايدۇ، پەقەت ھەر بىر بىمارنىڭ سەۋەبىنى ئاشۇ بىمارنىڭ ئۆز ئەھۋالىغا قاراپ تۇرۇپ تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ.

بەزىلەرنىڭ قارىشىچە خارلاش سەۋدالىقى يوشۇرۇن ئاڭ ئۆچمەنلىك بىلەن تولغان ئادەمنىڭ باشقىلارغا ھۇجۇم قىلىش ھاياجىنىنىڭ ئاڭسىز ھالدا ئىپادىلىنىپ چىقىشى بولۇپ، بۇ خىل ئادەملەر قاتتىق ھاياجاندىن خۇدىنى يوقاتقاندا ئۇنىڭ بىخۇد ھالىتىدىن پايدىلىنىپ يوشۇرۇن ئاڭدىكى جىنسىي ئۆچمەنلىك زەربە بېرىش شەكلىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. نۇرغۇنلىغان مىساللاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى بەزى بىمارلار ئۆزىنىڭ جىنسىي ئوبيېكتىنى يارىلاندۇرۇۋانلىقىنى ھەتتا ئۆلتۈرۈپ قويغانلىقىنى سەزمەي قالغان. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى خۇدىنى يوقاتقان ھالەتتە. بەزى بىمارلار ئۆزىنىڭ قىلمىۋاتقان ئىشىنى بىلسىمۇ لېكىن ئۆزىنى كونترول قىلالمىغان. جىنسىي خارلىغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى ئائىلىۋىي تۇرمۇشتا ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان، بولۇپمۇ بالىلىق دەۋرلەردە سانسىزلىغان مەغلۇبىيەتلەر ۋە زەربىلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولۇپ، بۇ خىل كەچۈرمىش كىيىن ئۇلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەت قارىشىغا يوشۇرۇن تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلار ئۆچمەنلىك ۋە قىساسنى جىنسىي ئىقتىدار بىلەن يوشۇرۇن ئىپتىدا بىرلەشتۈرۈۋالغان. جىنسىي خارلاش ئۇلار ئۈچۈن بىر سىمۋول بولۇپ، قارشىلىق ۋە تۇسالغۇلارنى ۋەيران قىلىشتەك مەنالارغا ئىگە. يوشۇرۇن ئاڭدىكى مۇشۇ خىل تەلەپ تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ نورمال جىنسىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشى توسالغۇغا ئۇچرايدۇ.

بەزىلەرنىڭ قارىشىچە جىنسىي خارلاشنىڭ ئاساسىي پسىخىك سەۋەبى جىنسىي ھەرىكەتكە بولغان نەپرەتلىنىش بولۇپ، ئۇلارنىڭ قارىشىدا جىنسىيەت ئىپلاسلىق بىلەن تولغان، جىنسىي ئالاقە ناھايىتى يىرگىنچلىق، نومۇسلۇق ھەرىكەت. جىنسىي خارلىغۇچى بولسا جىنسىي ئوبيېكتى روھىي ۋە جىسمانىي

جەھەتتىن ئازاپلاش ئارقىلىق جازالاش ئېلىپ بېرىۋاتقان تۈيغۇدا بولىدۇ. مېنىڭچە بۇ خىل قاراشتا خېلىلا بىتەرەپلىمىلىكلەر ساقلانغان. چۈنكى بىز يوقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن فرانسىيىلىك ماركىز دې سادېدەك بۇ خىل سەۋدالىقتا گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ قىلىقلىرىدىن بىز جىنسىيەتكە بولغان نەپرەتنى كۆرەلمەيمىز، ئەكسىچە جىنسىيەتكە بولغان تەلۋىلەرچە مەپتۇنلۇقنى، چېكىدىن ئاشقان شاللاقلىقنى كۆرۈمىز، نۇرغۇنلىغان جىنسىي خارلاش سەۋدالىرى جىنسىيەتكە ئادەتتىن تاشقىرى بېرىلگەن بولۇپ، جىنسىي خارلاش ھەرگىزمۇ جىنسىيەتكە بولغان نەپرەتنى ئىپادىلىمەستىن ئەكسىچە شەھۋانىي تۈيغۇنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. پەقەت بۇ خىل سەۋداغا گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى جىنسىي ئالاقىدىن يىرگىنىش ھېسسىياتى تۈپەيلىدىن ئاياللارنى ئۆلتۈرۈش ۋە خارلاش بىلەن شۇغۇللانغان. مەسىلەن، فرانسىيىنىڭ «تىرورلۇق قاپلىغان شەھەر» ناملىق فىلىمدە تەسۋىرلەنگەن بىمار شۇنداق بىر ئادەم بولۇپ، بالىلىق دەۋرلەردىكى ئازاپلىق جىنسىي تەجرىبىلەر تۈپەيلىدىن ئۇنىڭ جىنسىيەت قارشى بۇرمىلانغان. ئۇ جەمىيەتتىكى بارلىق شاللاق ئاياللارنى يوقۇتۇپ جەمىيەتنى پاكلىماقچى بولىدۇ. ئۇ كىچىك چېغىدا ئانىسىنىڭ باشقىلار بىلەن قىلغان يىرگىنچلىك بۇزۇقچىلىقىنى كۆرۈپ قالغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ جىنسىي ئۆچمەنلىكىنى پەيدا قىلغان. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يات جىنسلىقلارغا پەقەتلا نەپرەت بولۇپ مۇھەببەت مەۋجۇت ئەمەس. لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ يات جىنسلىقلار بىلەن ئېلىپ بارغان خارلاش ھەرىكىتىنىڭ ئۆزىلا بىر خىل جىنسىي مۇناسىۋەت بولۇپ، ئۇ جىنسىي ھەۋىسىنى مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن قاندۇرغان. بۇ بىماردا جىنسىي نەپرەت ناھايىتى ئېنىق، بىراق بەزى بىمارلاردا ناھايىتى يوشۇرۇن، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ھېس قىلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئېڭىدىكى جىنسىي بۇرمىلىنىشنىڭ يىلتىزى يوشۇرۇن ئاڭدا يشورۇن ساقلانغان بولۇپ سىرتقى ئاڭدا

يوشۇرۇن ئاڭدىكى جىنسىي نەپرەتكە قارشى تۇرۇش ۋە بۇ جىنسىي نەپرەتنى پەيدا قىلغان ئازاپلىق ئەسلىمىلەرنىڭ خاتىرىدە قايتا پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇلار سىرتقى كۆرۈنۈشتە ناھايىتى شاللاق بولۇشى مۇمكىن.

بەزىلەرنىڭ قارىشىچە جىنسىي خارلاش سەۋدالىقىغا گىرىپتار بولغۇچىلار بالىلىق مەزگىلىدە جىنسىي ھەرىكەت بىلەن جىسمانىي ئازاپنى بىر نەرسە دەپ چۈشىنىۋالغان بولۇپ، بالىلىق ئەسلىمىلەر يوشۇرۇن ئاڭدا تەسىر كۆرسۈتۈپ، ئۇ جىنسىي لەززەتنى خارلاشسىز يۇقىرى پەللىگە چىقىرالمايدىغان بولۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.

تۆۋەندە ھەم خارلاش ھەر خارلىنىش سەۋدالىقى بولغان بىر جۈپ ئەر - ئايالنى مىسالغا كەلتۈرىمىز:

مىسال: بىر جۈپ ئەر - ئايال بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى خارلىغۇچى بىرى خارلانغۇچى، ئۇلار بىرلىكتە دوختۇرخانىغا كېلىپ كېسەل كۆرسەتكەن. ئېرىنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ كىچىك چاغلىرىدا دائىم ئۆيدە يالغۇز قالغان، ئۆزىنى ناھايىتى بىچارە ۋە يالغۇز ھېس قىلغان. چوڭلارنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە تەشنا بولغان، بىراق ھېچكىم ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلمىگەن. دادىسى دائىم سىرتلاردا ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ ئۆيگە قايتماي بېشى قايغان يەردە يۈرگەن. ئانىسى بولسا دائىم كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ كىر يۇيۇپ بېرىپ ئائىلىنى قامدىغان. خۇددى قەبرىگىلا ئوخشاپ قالغان بۇ ئىنتايىن كۆڭۈلسىز ئائىلىدە ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭغا بىرەر ئېغىز گەپ قىلىپ پاراڭلىشىشقا چولى تەگمەيتتى. يەتكىچە جاپا تارتقان ئانىسى ئاچچىقىنى دائىم ئۇنى ئۇرۇش ئارقىلىق چىقارغان. كىچىككىنە ئەرزىمەس سەۋەنلىكلەر تۈپەيلىدىن بىمارنى يالىڭاچ قىلىپ قويۇپ قالايمىقان ئۇرغان. گەرچە بىمارنىڭ بەدىنى تاياق زەربىسىدىن ئاغرىسىمۇ لېكىن ئۇ بۇنى باشقىلارنىڭ ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلگەن بىردىن بىر ۋاقتى دەپ ئويلاپ ئەكسىچە خۇشال بولغان. ئۇ چوڭ بولۇپ توي قىلغاندىن

كېيىن شۇنداق بىر غەلىتە ئادەتنى شەكىللەندۈرگەن. يەنى پىچاقنى ئېلىپ ئايالىغا تەھدىت سېلىپ ئايالىغان زورلۇق قىلغان، بەزىدە ئايالىدىن ئۆزىنى باغلاپ قويۇپ ئۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. ئايالى ئۇنى ئۇرغاندا قاتتىق ھاياجانلانغان. بەزىدە ئۇ كەچتە ئايالى بىلەن بىللە بولۇش ئالدىدا كارىۋات بېشىدا توخۇ ئۆلتۈرۈپ، توخۇنىڭ قېنىنى كۆرۈپ جىنسىي ھەۋىسىنى قوزغاتقان. كېيىنچە بارغانسېرى زوراۋانلىقتا مەپتۇن بولۇپ تېخىمۇ چېكىدىن ئاشقان ھەرىكەتلەرنى قىلغان.

ئايال بىمارنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ 6 ياشقا كىرگەندە ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئانىسى ئۆلۈشتىن بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى ئۇ شوخلۇق قىلىپ ئانىسى بىلەن گەپ تالاشقان ھەم ئانىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويغان. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇنىڭ ئانىسى ئالەمدىن ئۆتكەن. لېكىن ئەينى چاغدا كىچىك قىزنىڭ ئېڭىدا جىنايى تۇيغۇ پەيدا قىلغان، ئۇ ئانىسىنى خاپا قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاچچىقلاپ ئۆلدى دەپ ئويلاپ قاتتىق پۇشايمان قىلىپ ئانىسىنىڭ ئۆلۈش سەۋەبىنى ئۆزىدىن كۆرگەن. ئانىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن بىمارنى دادىسى ئۆزى بېقىپ چوڭ قىلغان، دادىسى ئۇنى بەك ياخشى كۆرەتتى ھەم قاتتىق باشقۇراتتى، بەزىدە ئازراق خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويسىلا ئۇنى ئېغىر جازالايتتى. گۇناھنى ئېغىر جازا بىلەن يۇيۇشقا بۇيرۇيتتى. ئېڭىدا ئۇ ئۆزىنى جازالىنىشقا تېگىشلىك دەپ قارايدىغان بولغان ھەم دايىم جازالىنىپ تۇرسا دادىسىنىڭ ئۆزىنى قانچىلىك دەرىجىدە ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ تۇرغان.

بۇ ئەر - ئاياللارنىڭ كېسەل ئارخىپىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى بىر ئادەمنىڭ پسىخىك تەرەققىيات جەريانىدا ئازاپ تۇيغۇسى بىلەن مۇھەببەت تۇيغۇسى ئېنىق ئايرىلماستىن ئەكسىچە بىر - بىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتسە خارلىنىش ياكى خارلاش پسىخكىسى شەكىللىنىپ قالىدۇ. يەنى ئۇ پەقەت ئازاپ تۇيغۇسى ئارقىلىقلا جىنسىي لەززەتنى ھېس قىلالايدىغان بولۇپ

قالىدۇ.

بەزى بىمارلار باشقىلارنى خارلاش ئارقىلىق غالىبانە تۇيغۇغا ئېرىشىپ روھىي دۇنياسىدىكى ئەنسىزلىك ۋە ئىشەنچسىزلىكنى يوق قىلىشقا تىرىشىدۇ. بۇ خىل ئادەملەرنىڭ كۆپىنچىسىدە ئۆز جىنسىي ئىقتىدارىدىن قورقۇش بولۇپ، پەقەت ئەنە شۇنداق غالىبىيەت تۇيغۇسىغا ئېرىشكەندىلا ئۆز جىنسىي ئىقتىدارىدىن ئەنسىرىمەيدىغان بولىدۇ. خارلانغۇچى بولسا ئۆزىدىكى گۇناھ تۇيغۇسىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن جازالىنىشنى لايىق كۆرىدۇ، يەنى جازالىنىش ئارقىلىق گۇناھى يۇيۇلغاندەك تۇيغۇدا بولۇپ روھىي جەھەتتىن ئازادە ھېس قىلىدۇ ـ دە، جىنسىي ئالاقىدىن ھوزۇرلىنالايدۇ[①].

فرېئودنىڭ قارىشىچە جىنسىي تەبىئەت بىلەن ۋەھشىيلىكنىڭ ئۆزئارا ئارىلىشىپ كېتىشى لىبىدودىكى تاجاۋۇزلۇق ئامىلىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشى سەۋەبىدىن بولۇپ، لىبدو (ئەسلى جىنسىي تەلەپ)دىكى تاجاۋۇزچىلىق ھەۋىسى ئىپتىدائىي ئىنسانلاردىكى ئادەم يېيىش ھەۋىسىنىڭ قالدۇق ئىزى بولۇپ، بۇ خىل جىنسىي ئوبيېكتىنى ئىستېلا قىلىش ھادىسىسى ئەمەلىيەتتە سىمۋوللۇق ھالدا ئەسلى تەبىئىي ھەۋەسنى قاندۇرىدۇ.

تۆۋەندە بىز ئىنتايىن قاباھەتلىك بولغان مۇنداق ئىككى ۋەقەنى مىسال كەلتۈرىمىز:

مىسال شۇ x x، ئەر، 33 ياش، جېجاڭ ئۆلكىسىنىڭ دوڭ ياڭ ناھىيىسىدىن، تويى قىلغان، بالىلىرى بار. 27 يېشىدا مەلۇم شەھەردە سېمونت ئىشچىسى بولغان. ئايالى يېزىدا دېھقان. ئۇ بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە ئىلگىرى ئاخىرى بولۇپ ئالتە ياشلىق قىزدىن تۆتنى، 11 ياشلىق قىزدىن بىرنى ئالداپ شەھەر

① سىگموند فرېئود: «مۇھەببەت پسىخولوگىيىسى». يازغۇچىلار نەشرىياتىنىڭ 8891 ـ يىل 11 ـ ئايدىكى خەنزۇچە نەشرى 591 ـ 691 ـ بەتلەرگە قاراڭ. ـــ ئاپتور.

ئەتراپىدىكى تاغلىقلارغا ئېلىپ بېرىپ ئۆلتۈرگەن. ئۇنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى مۇنداق: ئالدى بىلەن قىزلارنى ئادەم كۆرمەيدىغان خالىي جايغا ئالداپ باشلاپ بارىدىكەن، ئاندىن پولات يىڭنىنى بۇرنىغا تىقىپ ئۆتكۈزۈپ كىيىمنى سالدۇرۇپ سىم بىلەن باغلاپ قويۇپ باسقۇنچىلىق قىلىدىكەن. بۇرنىغا سىم ئۆتكۈزۈلگەن بالىلار قانچە چىرقىراپ يىغلىسا ياكى ئاغرىق ئازابىغا چىدىماي يىغلاپ يېلىنسا ئۇ شۇنچە ھاياجانلىنىپ كېتىدىكەن. باسقۇنچىلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇستىرا بىلەن بوغۇزلاپ، جەسەتنى پارچىلاپ، پۇت ۋە جىنسىي ئەزا قىسىملىرىنى پىشۇرۇپ يەيدىكەن. ئۇ ئاخىرقى قېتىم لى فامىلىلىك 7 ياشلىق بىر قىزنى ئالداپ ۋېلسىپىتكە مىندۈرۈپ ئېلىپ ماڭغاندا ساقچىلار كەينىگە چۈشۈپ ئۇ ئىبلىس قولىنى بۇ نارسىدىگە سۇنۇۋاتقاندا نەق مەيداندا تۇتۇلغان.

بۇ بىمار مۇرەككەپ خاراكتېرلىك جىنسىي تەلۋىلىككە گىرىپتار بولغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ھەم جىنسىي خارلاش ھەم بالىلارنى بۇلغاش تەڭ كۆرۈلگەن.

ل x x، ئەر، 25 ياش، دوڭبېيدىكى مەلۇم شەھەردىن، جىنسىي ئاجىزلىق كېسىلىگەگىرىپتار بولغان بولۇپ، ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسىنى يېسە ساقىيىدۇ دەپ ئويلىغان. 1990 ـ يىلى 4- ئاينىڭ 15- كۈنى 20 ياشلىق جاڭ فامىلىلىك ئايالنى ئۆلتۈرۈپ جىنسىي ئەزاسىنى خام يېگەن. 1991 ـ يىلى 3- ئاينىڭ 28- كۈنى يەنە بىر شەھەرگە ئېقىپ بېرىپ 9 ياشلىق بىر قىزنى ئۆلتۈرۈپ جىنسىي ئەزاسىنى كېسىپ ئېلىپ يېگەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ 9 ئايالنىڭكىنى يېسە ئاندىن ساقىيارمىش.

رۇسىيەدە يۈز بەرگەن دۇنيانى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن مەشھۇر شەھۋانىي قاتىللىق دېلوسى ئادەم ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق جىنسىي ھەۋىسىنى قاندۇرىدىغان خارلاش سەۋدالىقىنىڭ تىپىك مىساللىرىدىن بىرىدۇر.

جىنايەتچى چىكاجىرو 56 ياشقا كىرگەن بولۇپ، بەدىنى

ساغلام، ئەقلى ھۇشى جايىدا، نورمال لوگىكىلىق تەپەككۇرگە ئىگە. دۆلەت خىزمەتچىسى ۋە ئوقۇتقۇچى بولغان، كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا بەلگىلىك ھۆرمەتكە ئىگە، سىرتقى كۆرۈنۈشى ناھايىتى ئەخلاقلىق، بىراق ئىچى يىرگىنچلىق جىنايى غەرەزلەر، نەپرەتلىك مەقسەتلەر بىلەن تولغان، ئادەم ئۆلتۈرۈشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن ۋەھشىي ئالۋاستى بولۇپ، ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋاستىلىرى قەبىھلىكتە ۋە بىنورماللىقتا چېكىگە يەتكەن. ئۇ 1978 ـ يىلىدىن 1990ـ يىلغىچە جەمئىي 52 ئادەمنى ئۆلتۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ قولىدا ئۆلگەنلەرنىڭ ھەممىسى 10 ياشتىن يۇقىرى ئۆسمۈر باللار ۋە ياش ئاياللاردىن ئىبارەت. ياش ئاياللار 17 نەپەر، ئۆسمۈر قىز 14 نەپەر، ئوغۇل بالا 21 نەپەر. ئۇ ئۇلارنى ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن ئالداپ ئورمانلىقلارغا ۋە باشقا ئادەم ئانچە بارمايدىغان خىلۋەت جايلارغا ئاپىرىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پىچىقنى چىقىرىپ تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغان ياكى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ ھۇشىدىن كەتكۈزگەندىن كېيىن ئۇنى باغلاپ ئاڭلىغان كىشىنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدىغان ھەر خىل ۋاستىلار بىلەن ئۇلارنى قىيناپ ئۆلگىچە ھوزۇرلانغان. ئۆلگەندىن كېيىن جەسەتنى پارچىلاپ ئۇلارنىڭ بەزى ئەزالىرىنى ۋە جىنسىي ئەزاسىنى خام پېتىلا يۇتىۋەتكەن.

بۇ ۋەھشى ئالۋاستى جىنسىي ئاجىزلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بولۇپ، بۇ كېسەلدىن قاتتىق ئازاپلانغان، جېنىدىن تويۇپ كەتكەن، چۈنكى ئۇ بۇ سەۋەبتىن ئاياللارنىڭ ھاقارەتلىشىگە ۋە مەسخىرىسىگە ئۇچرىغان. ئايالى ئۇنىڭدىن بىزار بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يوشۇرۇن ھالدا پۈتۈن دۇنيادىكى ئادەملەرگە نەپرەتلەنگەن. شۇڭا ئۇ ئادەم ئۆلتۈرۈشنى بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش ۋاستىسى قىلغان. ھەر قېتىم جىنسىي ئوبېكتىنى قىينىغاندا ۋە ئۆلتۈرگەندە قاتتىق ھاياجانلىنىپ جىنسىي ھەۋىسى قۇتراپ قايىم بولغان. ئادەم ئۆلتۈرۈشتە قانچە ۋەھشىيلىك قىلسا، قارشى

تەرەپ قانچىلىق ئازاپلانسا ئۇ شۇنچىلىك يايراپ جىنسىي ھەۋەسىنى قاندۇرغان. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ باشقىلارنى ئالداپ ئاشۇ جىنايەت مەيدانىغا ئېلىپ بارغاندا ھاياجاندىن ئەسەبىيلىشىپ زادىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالالمايدىكەن. ئۇ ناھايىتى ھېلىگەر بولۇپ ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشتىن ئاۋۋال ناھايىتى ئەتراپلىق پىلانلايدىكەن. ئۆيدىن قېچىپ چىققان بالىلارنى، يېتىملارنى خۇددى چۆچەكلەردىكى يالماۋۇز مومايدەك ئالداپ قولغا كەلتۈرۈپلا بىر تەرەپ قىلىدىكەن، ئاياللارنىمۇ شۇ كۈنى تونۇشۇپلا شۇ كۈنى ئۆلتۈرۈپ بولىدىكەن، شۇڭا يىپ ئۇچىنى ئۆلگۈچىلەرنىڭ مۇناسىۋەت دائىرىسىگە ئاساسەن تاپماق تەس ئىكەن. بۇ ھېلىگەر مەخلۇق ھەتتا ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن ئىلگىرى كۆمىدىغان يەرنىمۇ ئالدىن كولاپ قويغان بولۇپ، كۆمۈپ بولغاندىن كېيىن قان چاچراپ كەتكەن كىيىملىرىنى سېلىپ ئالماشتۇرۇش ئۈچۈنمۇ تەييارلاپ كىيىم ئېلىپ باردىكەن ھەمدە قاننى ناھايىتى پاكىز تازىلىۋېتىدىكەن. بۇ ئەبلەخنىڭ 12 يىل توختىماي قاتىللىق قىلىپ يەنە تۇتۇلماسلىقى ھەقىقەتەن ئادەمنى چۆچۈتىدۇ. 1984 - يىلى ئۇ ساقچىلار تەرىپىدىن تۇتۇلغان، لېكىن ئۇنىڭ جاسۇسلۇق ئورگىنى KGB بىلەن مۇناسىۋىتى بولغاچقا قۇتۇلۇپ قالغان، ئارىلىقتا باشقا بىراۋ خاتا ھالدا قاتىل دەپ قارىلىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان. بۇ دېلو ئاخىرى يۇقۇرى قاتلام رەھبەرلەر ئارىسىدا بىر مەيدان سىياسىي كۆرەش پەيدا قىلغان. پەقەت روسىيە پارچىلىنىپ، سوتسىيالىزم ئاغدۇرۇپ تاشلانغاندىن كېيىنلا ئۇنى ساقچىلار قولغا ئالالىغان. 1992 - يىلى 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنىپ ئىجرا قىلىنغان.

چىكاجىرو سوتلانغان سوتتا سوتچى ئۇنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى ئۈچ سائەتتە ئاران ئوقۇپ تۈگەتكەن. سوتقا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ 200 دىن ئارتۇق ئۇرۇق - تۇغقانلىرى قاتناشقان بولۇپ، بەزى كونكرېت دېتاللار ئوقۇپ

ئۆتۈلگەندە بۇ قۇرقۇنچلۇق ۋەھشىيلىكلەرنى ئاڭلاپ نۇرغۇنلىرى ھۇشىدىن كەتكەن. نۇرغۇنلىرى غەزەپتىن ئىختىيارسىز ۋارقىراپ تاشلىغان. سوت ئاخىرىدا ئۇلار ئېتىلىپ كېلىپ ئۇنى ئۇرۇپ پارە ــ پارە قىلىۋەتكىلى تاس قالغان. ساقچىلار ئاران ئېلىپ چىقىپ كەتكەن[1].

تەھلىل جىنسىي مۇھەببەت ئىنساندا بولۇدىغان تۈپكى تەبىئىي تەلەپ بولۇپ ھەممە ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدا مەۋجۇت بولۇدۇ. ئۇ بىر خىل بېسىۋېلىش مۇمكىن بولمىغان ئېنېرگىيىدىن ئىبارەت. ئۇ ئىنسان ۋۇجۇدىدا ھېچنېمىگە قارىماستىن چىقىش يولى ئىزدەيدۇ. ئادەم ئۇنىڭ مەلۇم بىر چىقىش يولىنى توسىۋەتسە ئۇ باشقا يول بىلەن ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ، ئۇ يولنى توسىۋەتسە يەنە باشقا يول تاپىدۇ، مەلۇم بىر شەكىلدە ئىپادىلىنىپ چىقىشىغا يول قويمىسىڭىز ئۇ يەنە بىر يول بىلەن ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. جىنسىي ھەۋەس تەبىئىي ھالدا مۇھەببەت شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىپ چىقىدىغان يولدىن مەھرۇم بولسا، ئۇ باشقا بىر شەكىلنى تاللاپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، سىز ئۇنىڭ شەكلىگە قاراپ ئۇنىڭ ئەسلى جىنسىي ئېنېرگىيە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي قالىسىز. مۇھەببەت ھەتتا بەزىدە نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىك شەكلى بىلەن ئىپادىلىنىپ چىقىشى مۇمكىن. ئىشقىلىپ ئۇ قانداقلا يولدىن بولمىسۇن چىقىش يولى تاپماي قويمايدۇ. بىز ۋۇجۇدى ئۆچمەنلىك ۋە كېسەل بىلەن تولغان بەزى ئادەملەرنى كۆرۈپ ئۇلاردا مۇھەببەت بارلىقىغا ئىشەنمەي قالىمىز. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى ۋە ئەسەبىيلەرچە قىلمىشلىرىدىن سىرتقا ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتقان ئېنېرگىيىنىڭ مەنبەسى ئەسلىدە مۇھەببەت بولۇشى مۇمكىن. پەقەت بۇ جىنسىي مۇھەببەت يول

[1] يۇقىرىقى مىساللار ئۈچۈن ساقچى ئوفىتسېرلار مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلغان «جىنسىي بىنورماللىق ۋە جىنايەت» ناملىق خەنزۇچە كىتابنىڭ 224، 225، 226ـ بەتلىرىگە ۋە ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن «x پۇقرا» ناملىق فىلىمگە قاراڭ.

تاپالمىغانلىقى ئۈچۈن يۆنۈلۈشىنى ئۆزگەرتكەن. تەبىئىي شارائىت ۋە ئىجتىمائىي چەكلىمىلەر تۈپەيلىدىن ھەممە ئادەم ئۆزىدىكى جىنسىي ئېنېرگىيىنى بېسىۋېلىشقا يەنى ئۆزگەرتىپ باشقا شەكىل بىلەن ئىپادىلەپ چىقىشقا مەجبۇر بولۇدۇ. بەزىلىرى بۇ خىل جىنسىي ئېنېرگىيىنى ياخشى تەرەپكە يەنى ئىنسانلار ئۈچۈن پايدىلىق تەرەپكە بۇرايدۇ. بۇ ئېنېرگىيە ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆزىنى بېغىشلاش روھى، سەنئەت ھەتتا ئىلاھىيەتچىلىك يولى بىلەن ئىپادىلىنىپ چىقىپ، ئۇلار روھى جەھەتتە خاتىرجەم بولۇدۇ. بەزى كىشىلەر بولسا تەبىئىي جىنسىي ئېنېرگىيىنى ناچار تەرەپكە يەنى ئىنسانلار ئۈچۈن زىيانلىق بولغان تەرەپكە بۇرىۋېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن جىنسىي ئېنېرگىيە ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن مۇستەبىتلىك، زوراۋانلىق، زالىملىق ۋە روھىي كېسەل بولۇپ ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. جىنسىي خارلاش دەل جىنسىي ئېنېرگىيىنىڭ قاتتىق بېسىمغا ئۇچراش تۈپەيلىدىن شەكىلنى ئۆزگەرتىشىدىن ئىبارەت.

بەزى ئادەملەرنىڭ قارىشىچە جىنسىي ئېنېرگىيە ئىنساندا تۇغۇلغاندىن تارتىپ ئۆلگىچە ھەر ۋاقىت مەۋجۇت بولۇدۇ. بىز ئالدىنقى بابلاردا سۆزلەپ ئۆتكەندەك جىنسىي ھەۋەس بەزىدە ئېغىز باسقۇچىدا تۇرسا، بەزىدە مەقەت باسقۇچىدا، بەزىدە جىنسىي ئەزا باسقۇچىدا تۇرۇدۇ. دېمەك جىنسىي تەلەپ ھەر مىنۇت ھەر دەقىقە ھەر قانداق جايدا ئۆزىگە مەلۇم چىقىش يولى ئىزدەيدۇ. ئادەم ھەقىقىي يېتىلىپ جىنسىي سەزگۈر رايونى تامامەن جىنسىي ئەزاغا يۆتكەلگىچە ئۇ بەدەننىڭ باشقا ئەزالىرىدىن چىقىش يولى ئىزدەيدۇ. (ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببىتى ھەققىدە توختالغان مەزمۇنلارغا قاراڭ) كېيىن جىنسىي ھەۋەس جىنسىي ئەزاغا يۆتكەلگەندىن كېيىن يەنىلا چىقىش يولى تاپالمىسا يەنى جىنسىي ئەزا ئارقىلىق قاندۇرۇلمىسا ئۇ بارا - بارا بالىلىق دەۋرلەردىكى چىقىش يولىغا قايتىپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇ بالىلىق دەۋردىكى تۈيغۇلارغا قايتا چۆكۈپ جىنسىي

ئېنېرگىيىگە چىقىش يولىنى مەقەت يولىدىن تاپسا ئوخشاش جىنىسلىقلار مۇھەببىتىگە گىرىپتار بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر جىنسىي ئېنېرگىيە چىقىش يولىنى ئېغىز بوشلىقىدىن تاپسا ئۇ خارلاش سەۋدالىقىغا گىرىپتار بولۇشى مۇمكىن. يۇقۇرىدا مىسالغا ئېلىنغان بىمارلارنىڭ ھەممىسى جىنسىي ئاجىزلىققا گىرىپتار بولغان بولۇپ، نورمال جىنسىي ئالاقە ئۇلارنىڭ جىنسىي تەلىپىنى قاندۇرالمىغان. ئۇزاق مەزگىللىك جىنسىي بېسىم تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ جىنسىي ئېنېرگىيىسى چىقىش يولى تاپالمىغان، كېيىن ئۇلار تووي قىلغان بولسىمۇ بىراق بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ جىنسىي مۇھەببەت تۇيغۇسى بۇرمىلىنىپ بولغان يەنى باشقا يەردىن باشقا ئۇسۇل بىلەن چىقىش يولى تېپىپ بولغان، ئۇلار ئۇنى نورمال جىنسىي ئالاقە شەكلىگە قايتۇرۇپ كېلەلمىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئىلاجىسىز جىنسىي ئېنېرگىيە تاللىغان يولىنى تۇتۇشقا مەجبۇر بولغان. ئۇلارنىڭ جىنسىي دەۋرى باللىق مەزگىلدىكى ئېغىز باسقۇچىغا قايتىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلار ئېغىز ئارقىلىق جىنسىي ھەۋەسنى قاندۇرغان. بۇ ئۇلارنىڭ خارلاش خاھىشى بىلەن بىرلىشىپ ئۇلار ھەقىقىي يىرتقۇچ ھايۋانغا ئايلىنىپ ئادەملەرنى يەپ جىنسىي مەقسەتكە يەتكەن.

يۇقىرىدا مىسالغا ئېلىنغاندەك بەزى بىمارلارنىڭ جىنسىي خارلاش سەۋدالىقى مەلۇم مەزگىلدە بىراقلا ئاشكارىلىنىپ چىقىدۇ، بەزىلەرنىڭ بولسا بارا ـ بارا تەرەققىي قىلىدۇ. مەسىلەن، مەلۇم بىر بىمار قىزىل كىيىم كىيگەن ئاياللارنى كۆرسە دەسلەپ تۇرالمايدىغان بولۇپ قالغان، ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى يىرتىپ ـ يىرتىپ تاشلاپ يالىڭاچلىغۇسى كەلگەن. دەسلەپتە كىيىملەرنى يىرتىپ تاشلاش پەقەت جىنسىي مەقسەتكە يېتىشنىڭ ۋاستىسىدەك تۇيۇلغان. يەنى بىمارنىڭ مەقسىدى كىيىمنى يىرتىش ئەمەس بەلكى ئايالنى يالىڭاچلاش، بىراق كىيىن بىر ئايال بىلەن بىللە بولغاندا ئۆزىنىڭ جىنسىي ئاجىزلىقى بارلىقىنى ھىس قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆز مەقسىدىنىڭ

ئەمەلىيەتتە جىنسىي ئالاقە ئەمەس بەلكى غەلىتە بىر خىل يىرتىپ تاشلاش ھاياجىنى ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ئۇ جىنسىي ئاجىزلىقتىن نومۇس قىلىپ ئىككىنچىلەپ ئاياللارغا يېقىن يولىمىغان بىراق قىزىل كىيىملىكلەرنىڭ كىيىملىرىنى يىرتىپ تاشلاش خاھىشى دايىم ئۇنى قىيىنىغان. ئاخىر ئۇ ئۆزىنى كونترول قىلالمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن. شۇنىڭ بىلەن گۇگۇم مەزگىلىدە ۋېلسىپىتنى مىنىپ قولىغا بىر تال بېرتىۋا ئېلىپ ئادەم ئازراق يوللاردا يالغۇز كېتىۋاتقان قىزىل كىيىملىك ئاياللارنى پايلاپ بېرىپ بېرتىۋا بىلەن كىيىمىنى تىلىۋېتىپ قاچقان، ئايال نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلىپ بولغىچە ۋېلسىپىتنى ئوقتەك ھەيدىگىنىچە كۆزدىن غايىپ بولغان. ئاياللارنىڭ كىيىمىنى تىلغاندا ئىختىيارسىز جىنسىي ھەۋىسى قېنىپ قايىم بولغان. كېيىن بارا - بارا بۇنىڭ بىلەنلا قانماي ئاياللارنىڭ بەدىنىنى تىلىپ قاچىدىغان بولغان. ئاخىرىدا بىر ئايالنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا تۇتۇلغان.

بۇ بىر تىپىك ۋە ساپ بولغان جىنسىي خارلاش پسىخىكىسىنىڭ مىسالى بولۇپ، بىمارنىڭ جىنسىي پسىخىكىسى تامامەن بۇرمىلانغان. ئۇنىڭ خارلاش قىلىقلىرى كۆرۈنۈشتە جىنسىيەت بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك كۆرۈنىدۇ. يەنى ئۇ يا جىنسىي ئالاقە قىلمايدۇ، يا باسقۇنچىلىق قىلمايدۇ ھەتتا ئايالنىڭ تېنىگە يېقىنمۇ كەلمەيدۇ. بىراق ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىدە ئۇنىڭ جىنسىي ھەۋىسىنى يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئىچىدىمۇ جىنسىي خارلاش كېسىلى كۆپ، ھەتتا بەزى خەلق قوشاقلىرىدا جىنسىي خارلاش خاھىشى ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:

روزىلەم دەيمۇ سېنى،
قوزىلەم دەيمۇ سېنى؟
باغدا باقان پاقىلىنىم دەپ،
ئۆلتۈرۈپ يەيمۇ سېنى؟

دەريادىكى بېلىقنى
تور بىلەن تۇتاي دەيمەن.
ئامرىقىم چىرايلىقنى
سۇ بىلەن يۇتاي دەيمەن.

يۇقىرىقى قوشاقلاردا گەرچە مۇھەببەت تەشنالىقى مۇبالىغە قىلىپ ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ بىراق مۇبالىغە ئۇسۇلىدىن قوشاقنى ئىجاد قىلغۇچىنىڭ تەسەۋۋۇردىكى ئىشلارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز. بۇ قوشاقلارنىڭ تەسەۋۋۇر ئۇسۇلىدا ناھايىتى ئېنىقلا جىنسىي خارلاش خاھىشى بار. يەنى قوشاقچى يۇتۇۋېتىش ھەتتا ئۆلتۈرۈپ يېيىش باسقۇچىغا يەتكەندىلا ئاندىن مۇھەببىتى قاندىغاندەك ھېس قىلىدۇ. بىز بۇنى تولۇق بىنورماللىق دېيەلمىسەكمۇ بۇ قوشاقتا ئاز تولا مۇشۇنداق يوشۇرۇن خاھىشنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئىنكار قىلالمايمىز.

ئەمدى تۆۋەندە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن جىنسىي خارلاش بىنورماللىقلىرىدىن بىر نەچچىنى مىسال كەلتۈرىمەن.

مىسال مەلۇم ئەر، 26 ياش، ئۇيغۇر، ق xx شەھىرىدىن. ئايالى بىلەن توي قىلغاندىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ جىنسىي ئاجىزلىقى بارلىقىنى بايقىغان ھەم داۋالىنىش يوللىرىنى ئىزدىگەن. ئۇ ناھايىتى ئەخلاقلىق ۋە ئابرويلۇق بولغاچقا ئايالى ئۇنىڭ بىلەن داۋاملىق ئۆي تۇتۇۋېرىش خىيالىدا بولغان. بىراق بەزىدە غەلىتە ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرغان. ئايال بازاردىن ناھايىتى چىرايلىق مودا كىيىم سېتىۋېلىپ ئەتىسى كىيەي دېسە كىيىمنىڭ كېچىدە ئۇلار ئۇخلاپ قالغاندا پارچە - پارچە بولۇپ تىلىپ تاشلانغانلىقىنى كۆرگەن. ئېرىمۇ ھاڭ تاڭ بولۇپ بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىگەن. ئايالنىڭ ئادەتتىكى ئەنئەنىۋى كىيىملىرى ساق تۇرىۋېرىدىكەن، پەقەت مودا كىيىم بولسىلا تىلىنىپ تاشلىنىدىكەن. ئۇلار بىر مەزگىل بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە تىرىشىپ بىلەلمەي يۈرگەن.

بىر كۈنى ئايال يېرىم كېچىدە قىڭراق بىلەن بىر نەرسە چانىغان ئاۋازدىن ئويغۇنۇپ كەتتىكەن. قارىسا ئېرى ئۇنىڭ شۇ كۈنى سېتىۋالغان ئېگىز پاشنىلىق چىرايلىق ئايىقىنى قىڭراق بىلەن چاناۋاتقانىكەن. ئۇ بۇنى كۆرۈپ قاتتىق قورقۇپ كەتتىكەن. بىراق ئۈنىنى چىقارماي قاراپ تۇرغان. ئەر ھېچ ئىش بولمىغاندەك قايتىپ كېلىپ ياتقان، ئەتىسى ئايالى بولغان ئىشنى سورىسا ئۆزىنىڭ زادىلا بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقان ۋە ئۆزىنىڭ ئېلىشىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن.

كېيىنچە كېيىملەرنى تىلىپ تاشلايدىغان ئادەت يوقاپ كەتتىكەن. بىراق ئايال بىر نەچچە قېتىم ناتونۇش كىشىلەرنىڭ باسقۇنچىلىقىغا ئۇچرىغان. ئايال بىر زاۋۇدنىڭ ئىشچىسى بولۇپ، دايىم كەچلىك سىمىنىدا ئىشلەپ يېرىم كېچىلەردە ئۆيگە قايتاتتى. بىر قېتىم ئۇنى بىرى يول بويىدىكى ئورمانغا سۆرەپ كىرىپ باسقۇنچىلىق قىلماقچى بولۇپ مەقسىدىگە يېتەلمىگەن. ئېرىگە بولغان ئىشنى ئېيتسا ئېرى سەتچىلىك بولۇپ يۈزىمىز چۈشىدۇ دەپ بۇ ئىشنى باشقىلارغا ئېيتماسلىقنى مەسلىھەت بەرگەن ۋە دايىم ئايالىنىڭ ئالدىغا چىقىدىغانلىقى توغرىسىدا ۋەدە بەرگەن ۋە دايىم ئالدىغا چىققان. لېكىن بىر قېتىم ئاغىنىلىرى بىلەن ھاراق ئىچىشىپ ئولتۇرۇپ قېلىپ ئالدىغا چىقالماي ئايالى يەنە زورلۇققا ئۇچرىغان. بىراق ئايالىنى ئېرىنىڭ بىلەكلىرىدىكى يارا ھەيران قالدۇرغان. ئۇ بولسا مەستلىكتە يول بويىدىكى ئېرىققا تېيىلىپ كېتىپ دەرەخلەر جىجىۋەتتى دەپ چۈشەندۈرگەن. كېيىن ئايال يەنە بىر قېتىم ئۆيدە باسقۇنچىلىققا ئۇچرىغان. ئۇ توك كەتكەن بىر كۈنى بولۇپ، بۇ قېتىم باسقۇنچىلىق قىلغۇچى مەقسىدىگە يېتەلىگەن. لېكىن قاتتىق ئېلىشقان ئايالمۇ بوش كەلمەي ئاخىرى بىر يوغان تاش بىلەن ئۇرۇپ لۈكچەكنى ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتكەن. بىر ھازادىن كېيىن توك كەلگەندە قارىسا ئۆزىگە باسقۇنچىلىق قىلغۇچى ئېرى ئىكەن. ھەممىدىن ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغىنى شۇكى ئەرلىك جىنسىي ئىقتىدارىنى يوقاتقان بۇ

ئەر ئاشۇ كۈنى باسقۇنچىلىق قىلغاندا ئۈنىڭدا زادىلا جىنسىي ئاجىزلىق كۆرۈلمىگەن.

تەھلىل: بۇ مىسالدىكى بىمار جىنسىي جەھەتتە پۈتۈنلەي نورمال بولۇپ جىنسىي ئىقتىدارىنىڭ ئاجىز بولۇشىدا ھېچقانداق فىزىئولوگىيىلىك توسالغۇ يوق. دوختۇرلار ئۇنىڭ جىنسىي سىستېمىسىنى ۋە سپېرمىسىنى تەكشۈرۈپ ئانالىز قىلغاندا ھېچقانداق غەيرىلىك بايقالمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا جىنسىي ئاجىزلىقى پسىخىك سەۋەبتىن بولغان دەپ دىئاگنوز قويغان.

دىسلەپتە بىمار دايىم يېرىم كېچىدە ئۆيدەرەپ قوپۇپ ئايالىنىڭ چىرايلىق كىيىملىرىنى تىلىپ تاشلىغاندىلا بىز ئۇنىڭ جىنسىي مۇھاببەت بىلەن زوراۋانلىقنى ئارىلاشتۇرىۋالغانلىقىنى، گۈزەللىككە زوراۋانلىقنى مۇۋاپىق ھېس قىلغانلىقىنى يەنى ئۇنىڭ گۈزەللىكتىن ھوزۇرلۇنۇش ئۇسۇلىنىڭ بىر خىل زوراۋانلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالايمىز. ئۇنىڭ نورمال جىنسىي پائالىيىتىدە زوراۋانلىق مەزمۇنى كەم بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدا جىنسىي ئاجىزلىق كۆرۈلگەن.

بىماردىكى زوراۋانلىق خاھىشىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەبىنى بىز پەقەت ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرلىرىدىكى جىنسىي تەجرىبىلىرىدىن ھېس قىلالايمىز. سىگمۇند فرېئود مۇنداق دەيدۇ: «چوڭلا كۆپۈنچە كىچىك بالىلارنى سەبى ھېچنەرسە بىلمەيدۇ دەپ قاراپ، جىنسىي ئىشلارغا دىققەت قىلمايدۇ دەپ ئويلايدۇ ـ دە، بۇ يۇمران نوتا ھالىتىدىكى بالىلارنىڭ چوڭلار ئارىسىدىكى جىنسىي پائالىيەتلەرنى كۆرۈپ قېلىشىغا پۇرسەت تۇغدۇرۇپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كۆرۈپ قالغان ئىشلار ئۇلارنىڭ كاللىسىدا چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرۇپ، ئۇلار جىنسىي پائالىيەتنى بىر خىل بوزەك قىلىش، ھاقارەت ۋە خارلاش خاراكتېرلىك ئىش دەپ چۈشىنىۋالىدۇ. روھىي ئانالىزلاردىن مەلۇمكى بالىلاردىكى بۇ خىل تەسىرات ئۇلارنىڭ جىنسىي

مەقسىدىنى خارلاش تەرەپكە بۇرۇۋېتىدۇ.»[1]

بىمارنىڭ بالىلىق تەجرىبىلىرىنى ئەسلىتىش جەريانىدا شۇ نەرسە مەلۇم بولدىكى ئۇ كىچىك ۋاقتىدا بەلكىم 2 ياش ياكى 3 ياش ۋاقتىدا يېرىم كېچىدە غەلىتە بىر ئىڭرىغان ئاۋازدىن ئويغىنىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ جىنسىي ئالاقىسىنى كۆرۈپ قالغان. ئانىسىنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازى ئۇنىڭ ئېڭىدا پۈتۈنلەي خاتا تەسىرات پەيدا قىلىپ ئۇ جىنسىي ئالاقىنى بىر خىل خارلاش بولسا كېرەك دەپ چۈشىنىۋالغان. گەرچە كېيىن ئۆسۈپ يېتىلگەندىن كېيىن ئاڭلىغان ئوقۇغان بىلىملىرىگە ئاساسەن جىنسىيەتنى بىر خىل مۇھەببەت بىلدۈرۈش دەپ چۈشەنگەن بولسىمۇ بىراق بالىلىق قەلبىدە چوڭقۇر ئورناشقان ئاشۇ تەسىرات ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا تۇرۇپ ئۇنىڭ جىنسىي مۇھەببىتىدە توسالغۇ پەيدا قىلغان.

ئەمدى خارلاش كەيپىياتى ئارىلاشقان ئاددى بىر مىسالنى سۆزلەيمىز:

قەشقەردە مەلۇم ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ياش ئوقۇتقۇچىلار قىزىقچىلىق قىلىشىپ باشقىلارنىڭ جىنسىي ئالاقىسىنى مارىلاپ چىققان. ئۇلار مارىلاپ ئەxx نىڭ ئۆيىگە كەلگەندە ئەxxنىڭ ئايالى بىلەن قىلغان ھەرىكىتىنى دېرىزىدىن كۆرۈپ قالغان. ئەxx بىلەن ئايالى زxx نىڭ بىنورمال جىنسىي قىلىقلىرى ئۇلارنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرغان. ئايال جىنسىي ھەرىكەت جەريانىدا توختىماي ئەڭ ناچار ۋە سەت گەپلەر بىلەن ئەرنى تىللايدىكەن ھەم ئەرنىڭ بەدەنلىرىنى چىشلىۋالىدىكەن. مارىغۇچىلار بۇنىڭغا قاراپ ئايال جىنسىي ئالاقە قىلىشنى زادىلا خالىمىسا كېرەك. ئېرىگە بولغان قارشىلىق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ شۇنداق قىلسا كېرەك دەپ ئويلىسا ئايال ئىش

---

[1] سىگمۇنىد فرېئود:«مۇھەببەت پسىخولوگىيىسى»، يازغۇچىلار نەشرىياتىنىڭ 8891 ـ يىل 11- ئايدىكى خەنزۇچە نەشرى 27 ـ بەتتىن ئېلىندى.

ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ناھايىتى رازىلىقى بىلدۈرۈپ شېرىن سۆزلەرنى قىلغان. كېيىنكى كۈنلەردە ئەxx مارىلىغان خىزمەتداشلىرى بىلەن بىر سورۇندا ھاراق ئىچىشىپ ئولتۇرۇشقاندا دوستلىرى چاقچاق بولسۇن ئۈچۈن بۇ گەپنى ئاشكارىلىۋەتكەن ۋە ئۇنىڭدىن «ئايالىڭ ساڭا شۇنچە ئەسكىلىك قىلسا قانداقمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغۇڭ كېلىدۇ؟» دەپ سورىسا ئۇ «كۆنۈپ قاپتىمەن، ئايالىم شۇنداق قىلمىسا جىنسىي ھەۋىسى قوزغالمايدىكەن. دەسلەپ بۇ ماڭا غەلىتە تۇيۇلغان ھەم خاپا بولغانىدىم، كېيىن كۆنۈپ قالدىم ھەتتا ئۆزەم خالايدىغان بولۇپ قالدىم» دەپ جاۋاپ بەرگەن.

بۇ تىپىك ئاياللاردىكى خارلاش سەۋدالىقى بولۇپ، بەزىلەر ئاياللاردا خارلاش سەۋدالىقى بولمايدۇ دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئاياللاردىمۇ بولۇدۇ، بىراق ئەرلەرنىڭكىدەك بەك ئوچۇق ئاشكارا ۋە چېكىدىن ئاشقان بىنورمال ھەرىكەتلەر كۆرۈلمىگەچكە ئانچە ئاشكارىلىنىپ كەتمەيدۇ.

مەن ئۇزۇن يىللىق پسىخولوگىيە ئۆگىنىش جەريانىدا ئىگىلىگەن بىلىملىرىم ۋە ئاڭلاپ بىلگەنلىرىمنى بەزى يازغان ئەسەرلىرىمدە ئىشلەتتىم. مەسىلەن: مېنىڭ «كېسەل» ناملىق پوۋېستىمدا بىر ئادەمدىكى خارلاش سەۋدالىقى مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

«ئۇنىڭ ئۆيگە كىرىشىڭ بىلەن ئۇ سېنى ياتاق ئۆيگە باشلايدۇ، ئېسىل ياسالغان ئۆيگە كىرىشىڭگىلا قويۇق ئەتىر ھىدى دىمىقىڭغا ئۇرۇلىدۇ، كۆزلىرىڭ ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان ئىككى كىشىلىك كارىۋاتقا چۈشىدۇ، سەن كارىۋاتقا قاراش بىلەن تەڭلا گويا كارىۋات ئۈستىدە ياتقان يالىڭاچ ئايالنى كۆرگەندەك بولىسەن، بۇنىڭغا قويۇق ئەتىر ھىدى قوشۇلۇپ قانلىرىڭنى ئۇرغۇتىۋېتىدۇ. قورسىقىڭ قاتتىق ئېچىپ كەتكەندەك تارتىشىپ كېتىدۇ، يۈرىكىڭ كۆكسۈڭگە پاتماي قېلىۋاتقاندەك، دەھشەتلىك بىر جىددىيلىك پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭدىكى

بولجۇڭ گۆشلەرنى ئويۇۋەتكەندەك بولۇدۇ، تىنالماي يېرىلغۇدەك بولۇپ كېتىشىڭگە ئاخىر چىداپ تۇرالمايسەن، كۆزلۈرۈڭگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالىدۇ. زادى قانداق قىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا سۈرۈلۈپ بارغىنىڭنى، ئۇنى قانداق قىلىپ كارىۋاتقان بېسىۋالغىنىڭنى ئۆزۈڭمۇ ئۇقماي قالىسەن، پەقەت ئىستاكاندەك بىر نەرسىنىڭ چېقىلغانلىقىنى بىلىسەن، بەلكىم سەن ئۇنىڭغا بۆرىدەك ئېتىلغان ۋاقتىڭدا ئۇ ساڭا چاي تەييارلاۋاتقان بولغىيدى. سەن ئۇنى كارىۋاتقا بېسىپلا ئۇنىڭ كۆكسىگە چاڭ سالىسەن، چۈنكى ئۇنىڭ ئادەمنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان يېرى شۇ. ئۇنىڭ سۆسۈن رەڭلىك يۇمشاق كۆڭلىكى ئىنتايىن چىرايلىق، سەن زادىلا تىنالماي قالىسەن. كۆڭلەكنىڭ چىرايلىقلىقىغا چىدىيالماي بىردىنلا كۆڭلەكنى يىرتىپلا ئىككى پارچە قىلىۋېتىسەن، بۇنىڭ بىلەن خۇددى ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ بىرەر يېرىنى يىرتىۋەتكەندەك ھاياجانلىرىڭ تېخىمى تېپچەكلەپ كېتىدۇ. ئۇلار تولغان كۆكرەكلىرى كۆز ئالدىڭغا تاشلىنىدۇ. سەن ئۇنىڭ كۆكسىگە بىر ھازا يۈزۈڭنى يېقىپ جىم تۇرۇۋالىسەن ۋە يەنە بىردىنلا چاقماق تېزلىكىدە ئۇنىڭ يوپكىسىنى ۋە باشقا كىيىملىرىنى يىرتىۋېتىسەن، بۇ ھەرگىزمۇ ئۇنى يالىڭاچ قىلىش ئۈچۈن ئەمەس. يالىڭاچ قىلىش ئۈچۈن كىيىمنى يىرتماستىن سالدۇرساڭمۇ بولاتتى. بىراق ئۇنىڭغا بەكمۇ ياراشقان ئەڭ يېڭى مودىدىكى بۇ كىيىملەرنىڭ چىرايلىقلىقىغا چىداپ بولمايدۇ.

— ساراڭ! — دەيدۇ ئۇ سېنى قوپال ھەرىكەتلىرىڭدىن چۆچۈپ، سەن ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ كېتىسەن، بىراق، ئەي بىچارە ناتونۇش ئادەم، سەندە تۈزۈك ھېسسىيات ئويغانمايۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىسەن.

سەن ئۆزۈڭدە بۇرۇن جىنسىي ئاجىزلىقنىڭ بارلىقىغا قەتئىي ئىشەنمىگەنىدىڭ، دەرۋەقە ئىشەنچىڭ ئاقلىنىدۇ، لېكىن ناھايىتى تەستە.

سېنىڭ پۇشۇلداشلىرىڭ ئۇنىڭ نازلىق ئىڭراشلىرىنىمۇ

بېسىپ چۈشىدۇ. سەن ئۆزۈڭنى بىر كېسەل ھايۋاندەك، گويا ئېغىر ساپاننى سۆرەپ كېتىۋاتقان كېسەل كالىدەك ھېس قىلىسەن. چىدىغۇسىز ئىسسىق بىر لەززەتنىڭ ۋۇجۇدۇڭنىڭ ھەممە يېرىنى يايرىتىپ ئېتىلىپ چىقىشى بىلەن بىردىنلا بوشۇشۇپ قالىسەن. ئۆمرۈڭدە تۇنجى قېتىم ئۆزۈڭنى ئەڭ يەڭگىل ۋە ئازادە ھېس قىلىسەن.

— ساراڭكەنسىز، — دەيدۇ ئۇ كۆكسۈڭگە بېشىنى قويۇپ، نازۇك قوللىرى بىلەن چاچلىرىڭنى سىلىغىنىچە.

— بەلكىم ساراڭ مەن ئەمەس سىز، — دەيسەن سەن — سىزدە خارلىنىش ئىستىكى بار، مەندىكى ھۇجۇم خاراكتېرلىك ھەرىكەت سىزدىكى خارلىنىش ئىستىكىنى قاندۇرىدۇ، شۇڭا مېنىڭ ئاچچىقىمنى كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئۆزىڭىزنى خارلاتماقچى بولغانسىز. سىز ئۆزىڭىز ئاپىڭىزنىڭ يىرتقۇچ دادىڭىز تەرىپىدىن بۆزەك قىلىنغان ھالىتىگە تەقلىد قىلماقچى بولۇۋاتقانسىز بەلكىم! خاتىرجەم بولۇڭ، مەن سىزنى ئۇرۇشنى خالىمايمەن، مېنىڭ سىزنى ئۇرۇشۇمنى ئارزۇ قىلىۋەرمەڭ! ۋۇي، خارلىنىش سارىڭى!

ئۇ ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ بولۇشىچە قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىدۇ.

ئارقىدىنلا ئايالنىڭ ئېرى كىرىپ كېلىدۇ، ئايال يىگىتكە ئېرىنى قانداق دەپسەندە قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئېرى ئۇنىڭ دەپسەندە قىلىشلىرى ئالدىدا سۈكۈت قىلىدۇ. ئايالنىڭ تەسۋىرلەنگەن مۇدھىش روھىي ھالىتى ھەقىقەتەن ئادەمنى چۆچۈتىدۇ. ئايال قۇپ - قۇرۇق روھىي دۇنياسىنى ۋەھشىيلىك ۋە چېكىدىن ئاشقان تەلۋىلەرچە شاللاقلىق بىلەن تولدۇرغان. ئايال باش قەھرىمانغا «مېنىڭ قەلبىمدە ئەزەلدىن سۆيگۈ مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان!» دەپ خىتاپ قىلىدۇ. باش قەھرىمان ھەيران قېلىپ:«ئەمىسە نېمىشقا ئەرلەرگە باغرىڭىز قانمايدۇ؟» دەپ سورايدۇ، ئايال «قەلبىمدە سۆيگۈ بولمىغاچقا» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئايال بىلەن ئەرنىڭ دىئالوگى مۇنداق داۋاملىشىدۇ:

— بۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

— مەن ئەرلەرنى سۆيمەيمەن، پەقەت ئۇلار ئارقىلىق ھەۋەسىمنى قاندۇرىمەن، مەن بۇ ئارقىلىق ئۇلارنى دەپسەندە قىلغاندەك ھوزۇرلىنىمەن!

— سىزدىكى بۇ خىل ھېسسىياتنى مەن زادىلا چۈشىنەلمىدىم.

— بۇ چۈشىنەلمىگۇدەك ئىش ئەمەس. بۇ بىر كېسەل مەن بۇ كېسىلىمنىڭ ئالدىدا ئىلاجىسىز. باش قەھرىمان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ھاڭ ـ تاڭ قالىدۇ. چەكسىز ئازاپ ۋە گاڭگىراش ئىچىدە خۇددى پۈتۈن دۇنيا قەدىمكى بابىلغا ئوخشۇشۇپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ. ئايالنىڭ ئەسەبىيلىكى ئۇنىڭغا گۇمران بولۇش دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن بېرىلگەن بىشارەتتەك تۇيۇلىدۇ. شاللاقلىق بىلەن تولغان كىشىلەر باش قەھرىماننى قاتتىق ئازاپلايدۇ، پەرىشان قىلىدۇ.①

1992 ـ يىلى قىشتا بۇ ھېكايە ۋەقەلىكىنى مەن بىرسىدىن ئاڭلاپ، ئاڭلىغانلىرىمغا ئاساسەن بۇ ئەسەرنى يازغانىدىم. كېيىنچە تۇرمۇش ئۆگۈنۈش ۋە كۈزۈتۈشلەر جەريانىدا بۇنداق روھىي كېسەللەرنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدىمۇ ئىنتايىن كۆپ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بەزى نامەرت ھارام تاماق ئوبزورچىلار مېنىڭ بۇنداق بىنورمال كېسەللىكلەرنى يازغىنىمدىن قاتتىق خاپا بولۇشۇپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭچە بولغاندا پەقەت ئەخلاقلىق بولۇش ھەققىدە شۇئار توۋلىساقلا بولىدىكەن. بىراق جەمئىيىتىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ روھى دۇنياسىنىڭ قانداق بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى يازسا خۇددى ئاشۇ ئوبزورچىنىڭ ئانىسىنى ياكى ئاچىسىنى يازغاندەك خاپا بولۇپ كېتىدىكەن. بىر مەسئۇلىيەتچان يازغۇچى چوقۇم بۇنداق نەرسىلەرنى ئېچىپ تاشلىشى ۋە كۆرسىتىپ بېرىشى كېرەك. بۇ ئوبزورچىلار دوختۇر كېسىلنى دەپ بەرسە خاپا

---

① پەرھات تۇرسۇن:«مەسى چۆلى» پوۋېستلار توپلىمى. 1998 ــ يىل 11ـ ئاي ئۇيغۇرچە نەشرى، «كېسەل» ناملىق پوۋېست، 244 ــ بەتتىن 265 ــ بەتكىچە قاراڭ.

بولۇدىغان بىمارلاردىن ئىبارەت. ئۇلار دوختۇرنىڭ سالامەتلىكنى ئاسراش ھەققىدىكى قۇرۇق نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ قويىسىلا بولۇدىغان، بىراق كېسەل ھەققىدە گەپ قىلىشىدىن رەنجىيدىغان مەتۇلاردۇر. بىر ئوبزورچى تېخى بىر مەشھۇر شەخسنىڭ ئەقلىيە سۆزلىرىنى تىلغا ئېلىپ «سىر سىر پېتى قالسۇنكى، ئۇنى ئېچىۋېتىشكە بولمايدۇ» دەپ قاخشاپ كېتىپتۇ. سېنى خۇدۇكسىرايدىكەن دەپ كېسەلنى ئېغىزغا ئالمىسا ھامان بىر كۈنى ئۆلۈمۈڭنى باشقىلار ئېغىزغا ئالىدۇ.

مېنىڭ ئەسەرلىرىم ئوزۇن يىللاردىن بېرىقى پسىخولوگىيە ئۆگۈنۈشۈم ۋە تەتقىقاتلىرىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك. پسىخولوگىيەدىكى ئەڭ ئاددى ساۋاتلارنى بىلمىگەنلەرنىڭ ئەسىرىمدىكى بەزى مەزمۇنلارنى چۈشۈنەلىشى ناتايىن. شۇ زۆرۈرىيەت بىلەن بۇ ئەسەرنى يېزىۋاتىمەن. مېنىڭ بۇ كىتابىمنى كۆرگەندىن كېيىن كىتابخانلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىمۇ بىر قۇر كۆرۈپ تەدبىقلاپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئەسەرلىرىمنى چۈشۈنۈشكە چوقۇم ياردىمى بولۇدۇ. دەۋرىمىزدىكى كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ قانداق قىسمەتلەرگە دۇچ كېلىۋاتقانلىقىغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋىجدانىي بار يازغۇچىنىڭ مەسئۇلىيىتى، پەقەت ۋىجدانىي يوقاتقان نان قېپى يازغۇچىلار تولا تەكرارلىنىپ ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن پەندى ـ نەسىھەتلەرنى تەكرارلاپ جان باقىدۇ. ھورۇن قاشاڭلىق بىلەن يۇزەكى نەرسىلەرگە ئېسىلىۋېلىپ ھەقىقىي كۆڭۈل بۆلۈشكە تېگىشلىك روھىي دۇنيا مەسىلىسىگەسەل قارايدۇ.

## 2. خارلىنىش

جىنسىي خارلىنىش سەۋدالىقى (ماسوكىزم Masochism)

جىنسىي ئالاقىدە خارلىنىشنى ئىستەيدىغان يەنى پەقەت خارلىنىش ئارقىلىقلا جىنسىي ھەۋىسى قوزغىلىدىغان بىر خىل پسىخىك بىنورماللىق بولۇپ، ئادەتتىكى كىشىلەر يات جىنسلىقلار بىلەن بولغان ئالاقىدە ياخشى كۆرۈشنى ۋە ئىللىق مۇئامىلىدە بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، بىراق خارلىنىش سەۋدالىقىغا گىرىپتار بولغۇچىلار جىنسىي ھەمرىيىنىڭ ئۆزىگە قارىتا زوراۋانلىق ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىشىنى ئىستەيدۇ. زوراۋانلىققا ئۇچرىمىسا جىنسىي ئاجىزلىق ياكى ھېسسىيات قوزغالماسلىقتەك ھالەت يۈز بېرىدۇ. مېھرى مۇھەببەت ۋە ئامراقلىقنى بىلدۈرىدىغان مۇئامىلە ئۇلارنىڭ جىنسىي ھەۋىسىنى تازا راۋۇرۇس قوزغىتالمايدۇ. خارلاشنىڭ ۋاسىتىلىرى خىلمۇ - خىل بولۇپ، روھىي ئازاپ تارتىش، چىمداش، ئۇرۇش، تىللاش قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن جازالىنىش قاتارلىقلار كۆپراق ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ بەزى بىنورمال كىشىلەردە ئاڭسىز ھالدا بولىدۇ، يەنى ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق روھىي ۋە جىسمانىي زەربىگە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى ئۆزى ئەقلىي ھالدا بىلمەيدۇ بەلكى ئاڭسىز ھالدا قارشى تەرەپنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرىدىغان ئىش ۋە ھەرىكەتلەرنى قىلىشنى خالاپ قالىدۇ، ئاندىن بۇئارقىلىق زەربىگە ئۇچرايدۇ ۋە بۇ خىل زەربىگە خۇمار بولۇپ قالىدۇ. بىزنىڭ ئەتراپىمىزدىكى بەزى ئەر - ئاياللارنىڭ ئەرزىمەس سەۋەبلەر بىلەن جىدەل تېرىيدىغانلىقىنى بىلىمىز ۋە ئۇلارنىڭ بۇنداق بىمەنە قىلىقلىرىدىن ئېچىنىمىز، ئەمەلىيەتتە بەزى ئەر - ئاياللار بۇنداق ئىشقا كۆنۈپ كەتكەن بولۇپ خۇددى جىدەل قىلىشمىسا كۈنى ئۆتمەيدىغاندەك قىلىشىدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇخىل جىدەل ماجراغا مۇھتاج. ئازاپلىنىشقا مۇھتاج. بۇنداق بەزى ئائىلىلەردە جىدەلمۇ قۇرىمايدۇ. بىراق بىر - بىرىدىنمۇ ئايرىلالمايدۇ. خارلىنىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بەزى بىمارلاردا بولسا جىنسىي خارلاش ھەرىكەتلىرى ناھايىتى ئېنىق ئەقلىي ھەرىكەت بولۇپ، ئۇلار جىنسىي ئالاقىگە تېخىمۇ ئەسەبىي ۋە ھاياجانلىق كەيپىيات قوشۇش ئۈچۈن بۇ خىل

جىنسىي ئويۇنغا مەپتۇن بولۇپ كەتكەن.

خارلىنىش سەۋدالىقىغا گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ بىنورماللىق دەرىجىسىمۇ ئوخشىمايدۇ، يېنىك دەرىجىدىكىلىرى جىنسىي ھەرىكەتنىڭ ئۆزىدىنلا بىرخىل خارلىنىش ھېس قىلىپ ھوزۇرلىنالايدۇ. يەنى بەزى ئاياللار ئەرلەرگە جىنسىي جەھەتتىن تامامەن بوي سۇنۇشنىڭ ئۆزىدىلا ھوزۇرلىنالايدۇ، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە شەكىللەنگەن ئەرلەرنىڭ ئوبرازى كۈچلۈك ۋە قوپال بولۇپ، ئەرلەرنىڭ تامامەن ئىگىلىۋېلىش ۋە تولۇق بويسۇندۇرۇش خاراكتېرلىق ھەرىكىتىنى ئەرلەرنى تېخىمۇ ئەرلىك سۈپەتكە ئىگە قىلىپ كۆرسۈتۈدۇ. ئاياللارنىڭ ئەرلەرنىڭ ئىچىدىكى جەسۇر ۋە كۈچلۈكلەرنى تاللىشى تەبىئىي بولۇپ، ھەممە مىللەتتە ھەممە دەۋىردە ئومۇملاشقان. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىدىلا بىر خىل جىنسىي خارلىنىش خاھىشىنىڭ پۇرىقى بار. لېكىن ھەممە ئادەمگە ئورتاق بولغان ھادىسىنى بىنورماللىق دېيىشكە بولمايدۇ. بەزىلەرنىڭ خارلىنىش ئىستىكى روشەن ھالدا ئادەتتىكى نورمال بولغان سىمۋوللۇق دائىرىدىن ھالقىپ كەتكەن. يېنىكرەك دەرىجىدىكى بىنورماللار جىنسىي خارلىنىشنى خام خىيال قىلىدۇ، ئېغىر دەرىجىدىكىلىرى بولسا دەھشەتلىك جىسمانىي ئازاپلارنى ئىستەيدۇ ھەتتا ئۆلتۈرۈلۈشنىمۇ ئارزۇ قىلىشى مۇمكىن.

كۆپۈنچە ھاللاردا خارلىنىش سەۋدالىقى خارلاش سەۋدالىقى بىلەن ماسلاشقان ھالدا بولىدۇ، بەزىلەر ھەم خارلىغۇچى ھەم خارلانغۇچى بولۇشى مۇمكىن. بەزىلەر بولسا ئىككى جىنسنىڭ بىرسى خارلىغۇچى بولسا يەنى بىرى خارلانغۇچى بولۇپ، بىر - بىرىنى شەرت قىلغان ھەم بىر - بىرىنى تولۇقلىغان ھالدا مەۋجۇت بولىدۇ.

غەرب تىللىرىدا خارلىنىش سەۋدالىقى ماسوكىزم دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئاتالغۇ 19 ـ ئەسىردىكى ئاۋىستىرىيە يازغۇچىسى لېوپولدۋون ساچېرماسوك (1836 ـ 1895)نىڭ ئىسمىدىن كېلىپ چىققان. ماسوك ئۆز ئەسەرلىرىدە جىنسىي خارلىنىشنى

ناھايىتى كەڭ كۆلەمدە تەسۋىرلىگەن بولۇپ، بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە ئۇ ئۆزىنىڭ خارلىنىش ئىستىكىنى ئەسەرلىرىدىكى خىيالىي كۆرۈنۈشلەر ئارقىلىق قاندۇرغان. ئۇ ئۆز تۇرمۇشىدىمۇ جىنسىي خارلىنىش ئىستىكىنى ئىپادىلىگەن. مەسىلەن، ئۇنىڭ ئايالى ئۇنىڭدىن ياش جەھەتتە خېلىلا چوڭ بولۇپ، ئۇنىڭ بۇنداق ئۆزىدىن چوڭ ئايال بىلەن توي قىلىشى دەل ئۇنىڭ چوڭلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلۇش ۋە پۈتۈنلەي بويسۇندۇرۇش ئىستىكىنىڭ مەھسۇلى، ئۇنىڭ ئايالى ئۇنى قاتتىق باشقۇرىدۇ، تىللايدۇ بەزىدە ئۇرىدۇ، ئۇ بولسا بۇنىڭدىن غەزەپلەنمەستىن ئەكسىچە ھوزۇرلىنىدۇ.

18 ـ ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر پەيلاسوپ ۋە ئەدىب جېئان جاكۇس رۇسسو (1712 ـ 1779) ئۆزىنىڭ «ئىقرارنامە» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە ئۆزىدە يۈز بەرگەن خارلىنىش ئىستىكىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازغان: «لاجېرسېئىر خانىم تاسما بىلەن ئۇرغاندا بۇ قاتتىق قول خانىمنىڭ ئاياقلىرى ئاستىغا يىقىلىش، ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئىتائەت قىلىش ۋە يېلىنىپ كەچۈرۈم سوراش مەن ئۈچۈن ئەڭ ھاياجانلىق شادلىق ئىدى. مېنىڭ قېنىمنى ھاياجاندىن ئۇرغۇتقان ھايات مەبۇدۇم ۋە ئېرىشكەن سوۋغام ئۇ سۆيۈملۈك ئايالنىڭ ھەسرەتلىك قىياپىتى ئىدى.[1]

رۇسسو 8 يېشىدا دايىم 30 ياشلاردىكى بۇ ئايال تەربىيىچىنىڭ تەن جازاسىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ، بىراق بۇ جازا دايىم ئۇنىڭغا شادلىق ۋە مۇھەببەت بەخش ئېتىدۇ ۋە رۇسسو دايىم ئىختىيارسىز ھالدا بۇ ئايالنىڭ ئاچچىقىنى تۇتقۇزىدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ، ئۇنىڭ تاغىقىنىڭ چىشىنى سۇندىرىۋېتىدۇ، چىشىغا تېگىدۇ. «شۇندىن باشلاپ مېنىڭ ھەۋىسىم ۋە مۇھەببىتىم پۈتۈنلەي باشقا بىر نىشانغا بۇرمىلىنىپ كەتتى» دەپ يازىدۇ رۇسسو ئۆزىنىڭ ئاشۇ

---

[1] رۇسسو: «ئىقرارنامە» ۋوردسۋورز نەشرىيات شىركىتىنىڭ 1996 ـ يىل ئىنگلىزچە نەشرى، 15ـ بەت.

چاغدىكى تۇيغۇلىرىنى تەسۋىرلەپ.

بەزىلەرنىڭ قارىشىچە روسسودىكى خارلىنىش پسىخىكىسى ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ئاپىسىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا ئۆزىنى ئاپىسىنىڭ قاتىلىدەك ھېس قىلىدىغان بىر جىنايى تۇيغۇ بار. ئۇ ئانىسىز ئۆتكەن بالىلىق دەۋرلىرىدە ئانىغا تەشنا بولۇدۇ. لاجېرسىئېر خانىم ئۇنى تەربىيىلەيدىغان ۋە باشقۇرىدىغان ئايال بولۇپ، ئۇ ئۇنىڭ ئانىسى بەرگەن نۇرغۇن تۇيغۇلارنى ئۇنىڭغا بېرىدۇ. شۇڭا بۇ خانىم ئۇنى ئۇرغانىدا خۇددى ئۇ ئۆزىدىكى ئانىسىنى ئۆلتۈرگەنلىك جىنايى تۇيغۇسى ئۈچۈن ئانىسى تەرىپىدىن جازالانغاندەك ھېسسىياتقا كېلىپ، ئۆز روھىنى تەسەللىگە ئىگە قىلىدۇ. ئۇ ئۆزى ئەڭ ھۆرمەتلەيدىغان ئايال قولىدا جازالانسا روھىدىكى يۈك يەڭگىللەپ قالىدۇ.

روسسو «ئىقرارنامە» دە ئانىسىنى بەكمۇ غايىۋىيلاشتۇرۇپ تەسۋىرلەيدۇ، ئانىسىنىڭ ئۆلۈمىدىن ئىبارەت بۇ قارا كۆلەڭگە ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدىن نېرى كەتمەيدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ ئاياللار تەرىپىدىن خارلىنىشىنى ئىستەيدىغان پسىخىكىسىنى شەكىللەندۈرگەن. كېيىن ئۇنى تەربىيىلەپ چوڭ قىلغان لاسېرسىئېر خانىمنىڭ ئوبرازىمۇ بىر ئۆمۈر ئۇنىڭ ئېسىدىن كەتمەيدۇ. ئۇلار مېرسىئېر خانىم ئۆستۈرگەن ياڭاق دەرىخىنى ئەسلەپ مۇنداق يازىدۇ:«بۇ يەردە قايتىدىن كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان نەسىلەر قالمىغان، ئارزۇ ۋە ئۈمىدلەرمۇ غايىپ بولغان، ئەگەر مەن ئاشۇ سۆيۈملۈك جايغا قايتىپ سۆيۈملۈك ياڭاق دەرىخىنى كۆرسەم ئۇنى كۆز ياشلىرىم بىلەن سۇغۇرىمەن.»[1]

رۇسسىيە يازغۇچىسى تۇرگېنېۋنىڭ «تۇنجى مۇھەببەت» ناملىق ئەسىرىدە باش قەھرىمان «مەن» ھاكاۋۇر ۋە گۈزەل ئايال

[1] يۇقارقى ئەسەر.

ژىنا بىلەن ئۆچرۈشۈپ قالىدۇ. 16 ياشلىق «مەن»نىڭ قەلبىدە ژىناغا بولغان غەلىتە ۋە تاتلىق بولغان بىر خىل تەلەپ پەيدا بولىدۇ. ئۇ ژىنادانىڭ بىر نەچچە ياش بىلەن ئورمانلىقتا سەيلە قىلىۋېتىپ ئۇلارنىڭ پىشانىلىرىگە گۈللەرنى ئۈزۈپ ئۇرغانلىقىنى كۆرىدۇ. بۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭ يۈرەكلىرى سىيلىپ ئوينىاپ كېتىدۇ، خۇشاللىقتا ۋارقىراپ تاشلىغىلى تاس قالىدۇ. «ئەگەر ئۇ ئاشۇ سۆيۈملۈك ۋە چىرايلىق بارماقلىرى بىلەن مېنىڭ پىشانەمگە ئۇرغان بولسا مەن ئۇنىڭغا دۇنيادىكى ھەر قانداق نەرسەمنى بېرىشكە رازى ئىدىم» دەپ ئويلايدۇ. كېيىن باش قەھرىمان «مەن» ژىنانىڭمۇ خارلىنىش سەۋداللىقىغا گىرىپتار ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ. پوۋېستتا مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ: «ئاشۇ مىجەزى ئېغىر، تەلەتى سۈرلۈك ئوتتۇرا ياش ئەرنىڭ ئالدىدا بۇ ئايال خۇددى كىچىك بالىلاردەك مۇلايىملىشىپ كېتەتتى، ئۆزى ئىتائەتمەنلىك بىلەن بىلىكىنى چىقىرىپ بېرەتتى، ئۇ تاسما بىلەن ئۇرغاندا بەكمۇ شادلىنىپ كېتەتتى.» پوۋېستتا ژىنادانىڭ بىنورمال پسىخىكىسى خېلى سەھىپە ئاجرىتىلىپ تەسۋىرلەنگەن.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ خارلىنىش سەۋداللىقىدىن ئىبارەت خاھىش خېلىلا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بولۇپمۇ شەخسىي ئەركىنلىك قاتتىق چەكلەنگەن ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇھەببەت ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمىغىدەك دەرىجىدە غايىۋىلەشتۈرۈۋېتىلگەن. بىز بۇلاردىن بىر قاراپلا روھىي دۇنياسى قاتتىق سىقىلىش ۋە مەھكۇملۇققا ئۇچرىغان شائىرلىرىمىزنىڭ روھىي ئازابىنى ۋە ئۇلارنىڭ پسىخىكىسىدىكى بۇ سەۋەبتىن كېلىپ چىققان بۇرمىلىنىشنى ھېس قىلماي قالمايمىز. تۈرلۈك سىياسىي بېسىملار ۋە ئىجتىمائىي تەلۋىلىكلەر ئۇلارنىڭ تىلىنى كېكەچ قىلىپ ئۇلارنى رىياللىق ھەققىدە سۆزلەش ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار غايىۋى مۇھەببەت ۋە ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلاردىن قۇرۇلغان پىل

چىشى مۇنارى ئىچىگە ئۆزىنى بېكىندۈرۈۋېلىشقا مەجبۇر بولغان لېكىن شۇندىمۇ ئۇلار ساختا ئەخلاق ۋە ئىنسانىي ئەركىنلىك چەكلەنگەن جەمىيەتتە شەخسىنىڭ تۈپكى تەلىپى بولغان ئۆز ھېس تۇيغۇسىنىمۇ ئىپادىلەش ئەركىنلىكىگە ئېرىشەلمىگەن. مانا بۇ ئۇلاردىكى بەزى پىسخىك بىنورماللىقلارنىڭ سەۋەبى. بىز خېلى كۆپ كىلاسسىك شائىرلىرىمىزنىڭ بىر ئۆمۈر توي قىلماي ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى دايىم ئۇلارنىڭ تەرجىمىھالىدا ئۇچرىتىمىز. بۇنى سىنىپىي كۈرەش ئىدىيىسىگە تويۇنغان «تەتقىقاتچىلىرىمىز» باشقىچە چۈشەندۈردى. بىراق مېنىڭچە بۇ چوقۇم ئۇلاردىكى پىسخىك بىنورماللىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

ئاستانەڭگە بېرىپ مەنزىلدە ياتماق ئارزۇ،
سەگلىرىڭنىڭ سانىغا ئۆزۈمنى قاتماق ئارزۇ.
كەلسە مېھمان سەگلىرىڭ، جانىمدا مېھمان ئەيلىسەم،
يانسىلا جانۇ دىلىم بىرلە ئۇزاتماق ئارزۇ.
گۈل تۈۋىدە ئولتۇرۇپ گۈلگە تاماشالار قىلىپ،
قورقا ـ قورقا ئەيمىنىپ بىر غۇنچە ئۈزمەك ئارزۇ.
ئاھ ئۇرۇپ پەرياد چېكىپ، يىرتىپ ياقانى چاك ئېتىپ،
يىغلىبان تاشقا ئۇرۇپ باشىم قاناتماق ئارزۇ.
بۇنچە يىغلاپسەن ناۋايى، كۆزدە ياشىڭ قالدىمۇ؟
كۆزدىن ئاققان ياش بىلەن كىرپىك سۇغارماق ئارزۇ.[1]

بۇ بىر پارچە تىپىك خارلىنىش سەۋدالىقى پىسخىك تۇيغۇلىرى بىلەن تولغان شېئىر بولۇپ خارلىشىغا بولغان مەپتۇنلۇق بۇنىڭدىنمۇ بەكراق كۈچلۈك بولۇشى ناتايىن. شائىر بۇ شېئىردا جانانىنىڭ ئاياقلىرى ئاستىدا دەسسىلىشنى، ئىتلىرىغا تالىنىشنى، ئارزۇ قىلىدۇ. ھەتتا شۇنداق بولۇپ ئۆلۈپ كەتسىمۇ

---

[1] ناۋايى غەزەللىرىدىن.

رازى بولـدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە شېئىردا ئۆزىنى خارلاش خاھىشىمۇ بولۇپ شائىر يارنىڭ ئالدىدا بېشىنى تاشقا ئۇرۇپ قاتىشنى ئاررۇ قىلىدۇ.

بىر كۈن مېنى ئۇل قاتىلى مەجنۇن شۇئار ئۆلتۈرگۈسى،
ئۇسرۇك چىقىپ جەۋلان قىلىپ دىۋانىۋار ئۆلتۈرگۈسى.
گەر زەئىپ ئىلە ئاجىزلىقىم كۆڭلىگە سالسا رەھىم ھەم.
باشىمغا يەتكەچ يۈز ئەلەم بى ئىختىيار ئۆتلۈرۈگۈسى.
ئاشىق بولۇۋدا بىلمىدىم مەن ناتىۋان دىلخەستىكىم،
ھېجىر ئۇلسا غەم كۆيدۈرگىسى، ۋەسىل ئۇلسا يار ئۆلتۈرگۈسى.
ۋەسىل ئارا ئۆلتۈرۈر، جانىمغا يۈزمىڭ شۈكرى ئېرور
جۇن قالسام ئاندىن بىر زامان ھېجران زار ئۆلتۈرگۈسى.
مەيدان ئارا ئوي ئەھل دىل كىرمەك تاماشاسىغە كىم،
دەير ئىچرە مەن دىلخەستىنى رەنجى خۇمار ئۆلتۈرگۈسى
دەرلەر نەۋائى قاتىلغە گۈل ـ گۈل ئىچىدۇر ئارەزىن.
كۆرگۈنچە ئانى ۋايكىم يۈز خار ـ خار ئۆلتۈرگىسى.

بۇ شېئىردا شائىر ئۆزىدىكى خارلىنىش ئىستىكىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىپ ئىپادىلىگەن. شائىر جانان تەرىپىدىن خارلىنىشتىن ئۆتۈپ ھەتتا ئۇ تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشنى ئاررۇ قىلىدۇ. ھەتتا ناھايىتى ئېنىق قىلىدۇ. 6 ـ، 7 ـ مىسرالاردا ۋەسىل دېمەك يار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈش دېمەكتۇر. ئۆلتۈرۈلسەم جېنىم قانائەت تاپىدۇ دەپ ئېيتىدۇ. شائىر ھەتتا بۇ شېئىردا يارىنى «رەنجى خۇمار» دەپ ئاتىغان، بۇ سۆز ئازاپ خۇمار دېگەن مەنىدە بولۇپ ھازىرقى زامان پسىخولوگىيىسىدىكى «خارلاش سەۋدالىقى، خارلاش خۇمارى دېگەن سۆزلەر بىلەن ئوپ ـ ئوخشاش، بۇ ھەقىقەتەن بىرنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدۇ. بۇ شېئىردا خارلىنىش سەۋدالىقىنىڭ ئالامەتلىرىدىن ھېچقايسىسى كەم ئەمەس. شائىرنىڭ ئۆزى ئازاپلىنىش خۇمارى، يارى بولسا ئازاپلاش خۇمارى.

بىز يۇقۇرىقى بەتلەردە خارلاش سەۋدالىقى بىلەن خارلىنىش سەۋدالىقى بىر - بىرىنى شەرت قىلغان ۋە بىر - بىرىنى تولۇقلىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇدۇ دەپ ئېيتقانىدۇق. بۇ شېئىردا تەسۋىرلەنگەن ئەر، جىنسىي خارلانغۇچى، ئايال بولسا جىنسى خارلىغۇچى. كىلاسسىك شېئىرىيىمىزدە بۇ خىل ھالەت ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، مەشرەپ ئۆز شېئىرلىرىدا خارلىنىش ئىستىكىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

ۋاھ ۋاھ نە گۈزەلسەن، نە ئاجايىپ، نە قىيامەت،
ھەي، ھەي ، نە سەنەم قىلسا جەفا جانىمە راھەت.

بۇ ئىككى مىسرادا مەشرەب ئازاپتىن راھەت ھىس قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق يازغان بولۇپ، ئۇ يازغان بىر مۇسەددەسنىڭ ھەربىر كۇبلىتىدا بۇ ئىككى مىسرا تەكرارلىنىپ بۇ مەنانى تېخىمۇ كۈچەيتىپ كەلگەن.

ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىنمۇ بۇ خىل پسىخىك خاھىشنى تېپىش قىيىن ئەمەس. مەسىلەن:

قانداق قىلىمەن، نە ئىلاج قىلاي،
جانغا تەككەن ئوق.
گاھى كېلىپ، گاھى يېنىپ
ئەقىل ھۇشۇم يوق.
ئەي نازىنىن ئىشقىڭ ئوتى،
مەندە بارۇ- بار.
يۈز مىڭ جاپا - جەۋرۇ سىتەم
سەندە بارۇ ــ بار،...

سىنىڭ مەن-ۇ سىنىڭمەن،
سىنىڭ بولماي كىمنىڭ مەن؟

ئاتۇشنىڭ بازىرىدىن
سېتىۋالغان قۇلۇڭمەن.

تۇنۇگۈن بۇ چاغىڭدا،
ئوت كۆيدى ئۇچاغىڭدا،
ئۆلتۈرسەڭ مېنى ئۆلتۈر.
يايرىم سەن قۇچاغىڭدا.

ئۇيغۇر مەتبۇئات ساھەسىدە تا ھازىرغىچە تېخى ھازىرقى زامان دۇنيا ئىلىم پېنىنىڭ شانلىق تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن بىرى بولغان پسىخىك ئانالىز پېنى تونۇشتۇرۇلمىغاچقا ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتى ھەققىدە تەتقىقات تېخى يوق. ئەڭ ئاددىسى بەزى مەشھۇر ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پسىخىك تەسۋىرلەرنى چۈشىنىدىغانلارمۇ يوق دېيەرلىك، كىشىلەر ئىنسان پسىخىكىسى ھەققىدە ناھايىتى ئىنچىكە تەسۋىرلەرنى ئوقۇپ ئۇنىڭدىكى ھېس تۇيغۇلارنى ناھايىتى تونۇش ھېس قىلىدۇ. بىراق يازغۇچىنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى چۈشىنەلمەيدۇ، مانا مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلانغان بەزى ھارامتاماق ئوبزورچىلار بۇنداق ئەسەرلەرنى خالىغانچە بۇرمىلاپ چۈشەندۈرۈپ، ئۇنى قۇرۇق شۇئارۋازلىق ۋە پاش قىلىش - پېپەن قىلىشتىن ئىبارەت ئەنئەنىگە خىلاپ دەپ چىچاڭلاپ ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشىدۇ. دۇنياۋى يازغۇچىلارنى تىللاپ قاغاپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا تەسىر كۆرسىتىشىدىن ئۆلگىدەك قورقىدۇ. ھازىرقى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدىن خەۋەردار بولۇشى ۋە ئۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن كىتابخانلاردىمۇ پسىخولوگىيە ھەققىدە ئاساسى بىلىم بولمىسا بولمايدۇ.

1999 - يىل مەن «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى»ناملىق كىتابىمنى نەشر قىلدۇردۇم. كىتاب نەشر قىلىنىشتىن ئىلگىرى «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى قاتارلىق گېزىت ژۇرناللاردا بۇ ھەقتە

ئۇچۇرلارنى بەرگەنىدىم. ئاشۇ ئۇچۇرلاردا مەن بۇ روماندا بىنورمال جىنسىي پسىخىكا تەسۋىرلەنگەنلىكىنى ئىپلان قىلغانىدىم. ئەمدى بۇ يەردە بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىمەن:

روماندىكى باش قەھرىمان تاھىر تىپىك خارلىنىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان بىمار بولۇپ، مەن ئۇنىڭ بۇ خىل روھىي ھالىتىنى ناھايىتى ئېنىق تەسۋىرلىدىم. تاھىر ئەسەردە باشتىن ئاخىر ئايال پېرسوناژ پەرىدە تەرىپىدىن خارلىنىشنى ئىستەيدۇ. ھەتتا پەرىدە تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇ مۇھەببەتنى رېئال ھالدا چۈشۈنەلمەيدۇ ۋە قوبۇل قىلالمايدۇ. مۇھەببەتكە دايىم سىرلىق تۈس بېرىپ ئۇنى ئەقىلگە سىغقۇسىز ھالدا غايىۋىلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئۇ ئۆزىدىكى مۇھەببەتنى سىرلىقلاشتۇرىدىغان بۇ خىل پسىخىكىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن ئىزدەيدۇ، ئۆزىنى قەدىمكى زاماندىكى مەشھۇر ئاشىق مەشۇقلاردىن «تاھىر زۆھرە»، «پەرھات شىرىن»لارغا ئوخشۇتىدۇ. ئۇنىڭ خارلىنىش تۇيغۇسىمۇ ئەلىشىر ناۋائىنىڭ شېئىرىدىن پەرقسىز. بىراق مېنى ئەيىپلىگەن ئوبزورچىلار ئۇيغۇر ئەنئەنىسىگە قارشى دەۋالدى. مەن بىلىمەن، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر ئەنئەنىسى، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىكى شۇئارۋازلىق ۋە پاش قىلىش، پىپەن قىلىشقا ئوخشايدۇ. ئۇلار مەن ئەسىرىمدە تاھىردىن ئىبارەت بۇ پېرسوناژنى يارىتىپلا قويغۇنۇم، ياكى كۆرسۈتۈپ بەرگەنلىكىم ئۈچۈن قاخشاشتى. ئۇلارنىڭچە بولسا مەن خۇددى ماقالىدەك بۇ پېرسوناژنى تىللاپ بەرسەم بولۇدىكەن. «يوقىتايلى! يوقىتايلى!» دەپ شۇئار تۇۋلاپ بەرسەم بولۇدىكەن. ئەمەلىيەتتە مۇشۇنداق روھىي ئەسەبىيلىك ۋە چۈشكۈنلۈككە گىرىپتار بولغان كىشىلەرنىڭ جەمىيىتىمىزدە بارلىقىنى كۆرسۈتۈپ بېرىشنىڭ ئۆزى كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇشتىن ئىبارەت.

رومانىنىڭ 102 بېتىگە قاراپ باقايلى:

«بەلكىم ئاشۇ چاغلاردىن باشلاپلا ئۆزۈمدە ئۆز ـ ئۆزىنى

خارلايدىغان بىر خىل كېسەللىكنى يېتىلدۈرۈۋالغاندىمەن».

«ئۆز – ئۆزۈمنى خۇددى دۈشمەننى خارلىغاندەك خارلايدىغان بولۇۋالدىم. چەكسىز ئازاپ ۋە ئۆزگەرمەس رىياللىق پەيدا قىلغان پۈتۈن دەردىمنى ئۆزۈمدىن ئالاتتىم. خۇيۇم تۇتۇپ قالسا ئۆزۈمنى كۆنلەپ، كۆنلەپ ئاچ قوياتتىم. ئاچلىقتىن قورسۇقۇم قاتتىق ئېچىشقانسېرى شۇنچە پۇخادىن چىققاندەك بولاتتىم. ئۆزۈمگە شۇ قەدەر دۈشمەنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلاتتىمكى، ئۆزۈمنىڭ بىچارە ھالىتىمگە مەندە زادىلا ئىچ ئاغرىتىش پەيدا بولمايتتى. قورسۇقۇم قانچە ئېچىپ، قانچە ئازاپلانسام شۇنچە خۇش بولۇپ پۈتۈن دەردىمنى چىقىرىۋالغاندەك ھوزۇرلۇنۇپ كېتەتتىم. ئۆزۈمنىڭ ھېچ كىشىگە ئوخشىمايدىغان بۇ غەلىتە ئادىتىمدىن قاتتىق پەخىرلىنىپ، شادلىنىپ كېتەتتىم»

روماندا يەنە تاھىرنىڭ غەلىتە بىر ئادىتى قولىغا تاماكىنىڭ چوغىنى يېقىشى تەسۋىرلەنگەن. بۇمۇ بىر خىل ئۆزىنى خارلاش ئۇسۇلى بولۇپ، تاھىردا ھەم ئۆزىنى خارلاش (ئۆزىنى خارلاش ھەققىدە تۆۋەندىكى بابلاردا سۆزلەيمىز) ھەم باشقىلار تەرىپىدىن خارلىنىش پسىخىكىسى تەڭلا مەۋجۇتتۇر. روماندا باشتىن ئاخىر ئۇنىڭ ئازاپلىق تۇيغۇغا بولغان مەپتۇنلىقى ۋە ئۇنى قوغلۇشۇش تەسۋىرلەنگەن. «مەن پۈتكۈل ئازاپلارنىڭ تەمىنى تېتىپ باقماقچى» دەيدۇ تاھىر پەرىدەگە.

ئەڭ ئاخىرىدا ئەر باش قەھرىمان ئايال باش قەھرىماننىڭ قولىدا ئۆلۈپ كېتىدۇ. روماندا بۇ چاغدا تاھىردا پەيدا بولغان جىسمانىي ئازاپ تۇيغۇسى بىلەن لەززەت تۇيغۇسىنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىدىن پەيدا بولغان تۇيغۇنى مەن خېلىلا ئىنچىكە تەسۋىرلىدىم.

«تاھىر يەردە جان تالىشىپ ئۆمىلىمەكتە ئىدى. ئۇ تىرناقلىرى بىلەن يەرنى كوچەپ تاتىلايتتى. ئۇ يەردە ئۇ ئۆزىنىڭ مۇزدەك سوغاق سېمونت يەر ئۈستىدە يۇمۇلاۋاتقانلىقىنى ياكى بىر ئايالنىڭ ئۈستىدە ياتقانلىقىنى زادىلا پەرق قىلالماي قالدى. ئۇ

چەكسىز قاراڭغۇلۇق ئىچىگە چۆكمەكتە ئىدى. ئۇ خۇددى چوڭقۇر بىر يەرگە چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى. بەلكىم ئاياللار بۇنىداق چاغلاردا خۇددى ھاۋادا لەيلىگەندەك ھېس قىلىدىغاندۇ، ئۇ لەيلىسە، بۇ ئۇنىڭ ئۇستىدە چۆكسە بەلكىم شۇنداق بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كەتكىلى بولۇدىغاندۇ»

خارلىنىش سەۋدالىقىغا گىرىپتار بولغان بىمار شۇنىڭ ئۈچۈن خارلىنىشنى ئىستەيدۇكى ئۇ جىسمانىي ئازاپتىن جىنسىي لەززەت ئالىدۇ. مانا بۇنى چۈشەنگەن ئادەم ئەسەردىكى بۇ تەسۋىرلەرنى چۈشەنمەي قالمايدۇ. باش قەھرىمان ئايالنىڭ تىققان پىچىقنىڭ ئازاپىدا جان تالاشقاندا ئۆزىنى خۇددى جىنسىي ئالاقە قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى جىنسىي ئالاقە قىلغاندىكى ھەرىكەتكە ھەر بىر تۇيغۇسى جىنسىي ھەۋەس يۇقۇرى پەللىگە چىققان چاغدىكى تۇيغۇغا ئوخشايدۇ.

جىسمانىي ئازاپتىن ئىبارەت كىشىلەر ئەڭ ياقتۇرمايدىغان بۇ تۇيغۇنىڭ قانداق بولۇپ بىر خىل لەززەت بولۇپ تۇيۇلۇشى پىسخولوگىيە ۋە روھىي كېسەللىك ئالىملىرىنى تا ھازىرغىچە ھەيران قالدۇرۇۋاتقان بىر مەسىلە. خارلىنىش سەۋدالىقىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى ھەققىدە تا ھازىرغىچە تېخى بىرلىككە كەلگەن ئومۇملاشقان قاراش يوق. پىسخولوگىيە ئالىمى خاۋبلوك ئېلىلىس بۇنى تېئولوگلار ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا رىۋايىتى ئارقىلىق ئەسلى گۇناھ تۇيغۇسىغا بارلىق جىنسىي قىلمىشلارنى باغلاپ چۈشەندۈرۈپ كىشىلەر ئارىسىغا ئومۇملاشتۇرغاچقا بۇ خىل ئەسلى گۇناھ تۇيغۇسى كىشىلەردىكى خارلىنىش سەۋدالىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە كىشىلەر جىنسىيەتكە بىر خىل گۇناھكارلارچە تۇيغۇدا بولغاچقا جىسمانىي جەھەتتە جازالىنىش ئارقىلىق گۇناھىنىڭ يەڭگىللىگەنلىكىنى ھېس قىلىشنى ئىستەيدۇ.

فرېئود خارلىنىش سەۋدالىقى ھەققىدە توختۇلۇپ مۇنداق دەيدۇ: «خارلىنىشتىن ئىبارەت بۇ خىل جىنسىي بۇرمىلىنىش

ھادىسىسى نورمال جىنسىي مەقسەتتىن خارلاش سەۋدالىقىدىنمۇ بەكراق يىراقلاپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ زادى ئەسلىدىلا بار بولغان بىر خىل بىنورماللىقمۇ ياكى خارلاش سەۋدالىقىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلىمۇ بۇ كىشىنى گاڭگىرىتىدۇ. شۇ نەرسىنى بايقاش تەس ئەمەسكى خارلىنىش سەۋدالىقى ئۆز - ئۆزىگە قارىتىلغان جىنسىي خارلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، يەنى ئۆزىنى جىنسىي ئوبيېكت ئورنىدا كۆرۈشنىڭ نەتىجىسىدۇر. چېكىدىن ئاشقان خارلىنىش سەۋدالىقىنى كىلىنىكىدا تەكشۈرگەندە بىز قاتار ئېلېمېنتلارنىڭ ئۆزئارا بىر - بىرىنى كۈچەيتۋاتقانلىقىنى ۋە ئاختا قىلىنىش كومپىلىكىسى، ۋىجدان قاتارلىق ئېپتىدائىي پاسسىپ جىنسىي پوزىتسىيەنى تېخىمۇ جاھىل ھالەتكە كەلتۈرىدىغانلىقىنى بايقىيالايمىز.»[1]

فرېئودنىڭ قارىشىچە يېڭىش كېرەك بولغان ئاغرىش تۇيغۇسى ئادەملەردىكى يىرگىنىچ تۇيغۇسى ۋە نومۇس تۇيغۇسىغا ئوخشۇشۇپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى لىبىدوغا بولغان قارشىلىق كۈچىدىن ئىبارەت.

مېنىڭچە ئاياللاردىكى جىنسىي تەلەپتە دايىم ئاز - تولا خارلىنىش ھەۋىسى بولىدۇ. چۈنكى ئاياللاردا جىنسىي ئوبيېكتىلىرىنىڭ ئەرلىك ئالاھىدىلىكىنىڭ كۈچلۈك بولۇشىنى بەكمۇ ئازرۇ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئەرلىك مىجەز ئەرلەرگە خاس بولغان قوپاللىق ۋە كۈچ بولۇپ، زوراۋانلىق دەل مۇشۇنداق ئەرلىكنى ئىپادىلەيدىغاندەك تۇيۇلىدۇ. شۇڭا ئەرلەرنىڭ بەزىبىر زوراۋانلىقى بەزى ئاياللارنىڭ جىنسىي ھەۋىسىنى كۈچەيتىشى مۇمكىن. ئۇندىن باشقا نۇرغۇن ئاياللاردىكى جىنسىي زوراۋانلىق تەلىپى ئۇلارنىڭ قىزلىق تۇيغۇسى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك، ئاياللاردا ئومۇميۈزلۈك قىزلىق پەردىسى كومپىلىكىسى بولىدۇ.

---

[1] سىگمۇند فرېئود:«مۇھەببەت پسىخولوگىيىسى»، يازغۇچىلار نەشرىياتىنىڭ 8891- يىلى خەنزۇچە نەشرى، 73- بەتكە قارالسۇن.

ئۇلار قىزلىق پەردىسىنىڭ يىرتىلىشىدىن ھەم قورقىدۇ ھەم تەلپۈنىدۇ. قىزلىق پەردىسىنىڭ يىرتىلىشى بىرخىل جىسمانىي ئازاپ، جىنسىي ئالاقە بولسا شادلىق، ئاياللارنىڭ ئېڭىدىكى بۇ ئىككى نەرسىنىڭ بىرلىشىشى دەل جىسمانىي ئازاپ بىلەن جىنسىي شادلىقنىڭ بىرىكىشى بولۇپ، ئۇلار ئاشۇ سىرلىق ۋە ھاياجانغا تولۇپ تاشقان تۇنجى جىنسىي ئالاقە ۋاقتىدىكى تۇيغۇنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىشىنى ئىستەيدۇ. شۇڭا بەزى ئاياللار خىيالى ياكى سىمۋوللۇق ھالدا ئاشۇ تۇنجى كېچىنى تەكرارلايدۇ. مەسىلەن، جىنسىي ئالاقە قىلغاندا ئاياللارنىڭ ئىڭرىشى دەل ئۇلاردىكى قىزلىق پەردىسى يىرتىلغان ئاشۇ دەقىقىنى تەكرارلاش بولۇپ، ئۇلاردىكى تۇنجى تۇيغۇغا قايتا ئېرىشىش تۇيغۇسى ئۇلاردىكى خارلىنىش ئىستىكىنىڭ مۇھىم بىر مەنبەسى بولۇشى مۇمكىن.

بەزىلىرىنىڭ قارىشىچە تۇنجى مۇھەببەتتە رەت قىلىشقا ئۇچرىغانلار ئۆز ئەھۋالىنى خام ـ خىيال ئارقىلىق ئۆزگەرتىپ ئۆزگە تەسەللى بېرىپ كۆنۈپ قېلىش نەتىجىسىدە بارا ـ بارا جىنسىي ئىستىكىدە خارلىنىشىنى ئارزۇ قىلىش خاھىشى پەيدا بولۇدۇ. مەسىلەن، بىر ئەرنىڭ مۇھەببىتى بىر قىز تەرىپىدىن رەت قىلىنىدى. بىراق تۇنجى مۇھەببەت شۇ قەدەر قارىغۇرلارچە ۋە شۇ قەدەر ئەسەبىي ئىكەنلىكى ئۇ ھەر قانداق قىلىپمۇ ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنىڭ رەت قىلىنىشىدىن ئىبارەت بۇ پاكىتنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەي، ھەرخىل سەۋەبلەرنى پەرەز قىلىپ چىقىپ ئۆزىگە تەسەللىي بېرىدۇ، مەسىلەن، بەلكىم قىز خىجىل بولۇپ مەندىن ئۆزىنى تارتىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ مەندىن قېچىپ يۈرۈشىنىڭ ئۆزىلا ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن، نازلاپ شۇنداق قىلىۋاتىدۇ، ياكى مېنىڭ مۇھەببىتىمنىڭ زادى قانچىلىق چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن ئەتەي مېنى يالۋۇرغۇزۇۋاتىدۇ، مەن ئۇنى قانچىلىك ياخشى كۆرۈدىغانلىقىمنى ئىپادىلەپ بېرەلىسەملا ئۇ ئاندىن

مۇھەببىتىنى ئاشكارىلايدۇ دېگەندەك پەرەز ۋە خام خىياللار بىلەن مەغلۇبىيەتتىن ئىبارەت بۇ پاكىتنى ئىنكار قىلىدۇ. قىزنىڭ بارلىق قارشىلىقلىرى ۋە روھىي زەربىلىرىنى ئۇ مۇھەببەت دەپ بۇرمىلاپ چۈشۈنۈۋېلىش نەتىجىسىدە ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا سوغاق مۇئامىلە ۋە ئازاپىنىڭ ئۆزى مۇھەببەت دەپ قارايدىغان ئىدىيە شەكىللىنىپ قالىدۇ. مانا بۇ دەل بەزىلەردىكى جىنسىي خارلىنىش ئىستىكىنىڭ پىسخىك ئاساسىدىن ئىبارەت.

بەزىلەرنىڭ قارىشىچە ئاياللاردىكى خارلىنىش ئىستىكىنىڭ يەنە بىر مۇھىم سەۋەبى ئۇلاردىكى ھېيىز كۆرۈشكە بولغان قاراشنىڭ بۇرمىلىنىشىدۇر. قىزلار تۇنجى قېتىم ئادەت كۆرگەندە قاتتىق قورقۇنچقا چۈشىدۇ. مانا بۇ ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى جىنسىيەتكە قانلىق تۈس بەخش ئېتىدۇ.

بەزىلەرنىڭ قارىشىچە خۇددى بىز خالاش سەۋەبلىقىنى سۆزلىگەندە ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك بالىلاردىكى تۇنجى جىنسىيەت تەجرىبىسىدىكى خاتالىق خارلىنىشنىڭمۇ سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن. بالىلارنىڭ چوڭلارنىڭ جىنسىي ھەرىكىتىنى ئوغۇرلۇقچە كۆرۈپ قېلىشى بىلەن پەيدا بولغان خاتا چۈشەنچە، بەزىلەردە خارلاشنى ئىستەيدىغان پىسخىكا پەيدا قىلسا بەزىلەردە خارلىنىشنى ئىستەيدىغان پىسخىكا پەيدا قىلىشى مۇمكىن. بالىلىق مەزگىلىدىكى غېرىبلىق ۋە چوڭلارنىڭ ئۇرۇشىنى مۇھەببەت دەپ چۈشۈنۈۋېلىش سەۋەبىدىن خارلاش ئىستىكى پەيدا بولۇپلا قالماي خارلىنىش ئىستىكىمۇ پەيدا بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر خارلىنىش سەۋەبلىقىنى ئۆز ـ ئۆزىگە قارىتىلغان خارلاش سەۋەبلىقى دېسەك ئۇ ھالدا خارلاش سەۋەبلىقى بىلەن خارلىنىش سەۋەبلىقىنىڭ پىسخىك سەۋەبى ئوخشاش بولىدۇ. خارلاش سەۋەبلىقى بىلەن خارلىنىش سەۋەبلىقىنىڭ ئوخشاشماسلىقى شۇكى ئادەتتىكى تۇرمۇشتا، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە ئادەتتىن تاشقىرى بوۋاش ۋە ئېغىر بېسىق ئادەملەرنىڭ جىنسىي تۇرمۇشى زوراۋانلىق ھەتتا قانلىق ۋاسىتىلار بىلەن تولغان بولىدۇ،

شۇڭا ئۇلارنى كۆندۈزى پەرىشتە كېچىسى ئالۋاستى دېيىشكە بولىدۇ. ئەكسىچە بەزىلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئىنتايىن شوخ، ئەرلىك مىجەزى ئىنتايىن كۈچلۈك، كىشىلىك مۇناسىۋەتتە دايىم مەردانىلىق ۋە زوراۋانلىق خاھىشىنى ئىپادىلەيدىغان ئەرلەر جىنسىي تۇرمۇشتا ئۆزىدىكى ئاجىز خاراكتېرنى، خارلىنىشنى ئىستەيدىغان ئايالچە خۇسۇسىيەتنى ئىپادىلىشى مۇمكىن.

خاۋلوك ئېلىلىسنىڭ قارىشىچە ئاياللارنىڭ جىنسىيەتكە تۇتقان تۇيغۇسى مۇئامىلىسى بوي سۇنۇش بولۇپ، جىنسىي تۇرمۇشتا دايىم قوبۇل قىلغۇچى ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا ئاياللاردىكى خارلىنىش ئىستىكىنى بىنورماللىق دەپ قاراشقا بولمايدۇ. مېنىڭچە تۆۋەندىكى مىسال بۇنى ئىنكار قىلىدۇ، نورمال بولمىغان پسىخىكىنىڭ ھەممىسى چېكىدىن ئاشسىلا بىنورمال ھېسابلىنىدۇ.

مىسال ئامېرىكىلىق جېررى بىلەن رۇتيا بىر جۈپ ئەر - ئايال بولۇپ جېررى جىنسىي خارلاش سەۋداسى رۇتيا بولسا جىنسى خارلىنىش سەۋداسى ئىكەن. توي قىلغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ جىنسىي تۇرمۇشىدا زوراۋانلىق مەزمۇنلىرى كۆپەيگەن، لېكىن ئۇلار بۇنىڭدىن بارغانسېرى قاتتىق ھاياجان ۋە شادلىق ھېس قىلغان. بارا - بارا زوراۋانلىق دەرىجىسى كۆتۈرۈلگەن. بەزىدە رۇتيا جىنسى قايىم بولۇش ئۈتۈپ كەتكەندىن كېيىن پەسكويىغا چۈشكەندە ئۆزىنىڭ بەزى سۆڭەكلىرىنىڭ سۇنغانلىقىنى بەزىدە بۇغۇملىرىنىڭ ئورنىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان. ئىلاجىسىز دوختۇرخانىغا بېرىپ داۋالانغان. داۋالىنىپ ساقايغاندىن كېيىن يەنە شۇنداق بولۇشنى خالىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ خىل ئاغرىقتىن ئاجايىپ لەززەت ئالىدىغانلىقىنى ئېيتقان.[1]

---

[1] ليۇگاڭ قاتارلىقلار تۈزگەن:«جىنسىيەت بىلىملىرىدىن تەرمىلەر» (2-قىسىم)، جۇڭگو خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىيتى. 1989- يىل خەنزۇچە نەشرى.552-بەتلەرگە قارالسۇن.

تەھلىل: بەزىلەرنىڭ قارىشىچە ئاغرىق ئازاپىنىڭ ئۆزىدىلا خوش يېقىش تۇيغۇسىمۇ بولىدۇ. بىراق بۇ مىسالدا كۆرسىتىلگەندەك چېكىدىن ئاشقان جىسمانىي ئازاپتىنمۇ ھوزۇرلىنىشنى چۈشەنمەك تەس. ئېلىس ئېيتقاندەك ھەر قانداق ئايالنىڭ جىنسىيىتىدە خارلىنىش خاھىشىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئالاھىدىلىك بولسىمۇ بىراق بۇنچىۋالا ئېغىر جىسمانىي ئازاپ دەرىجىسىگە يېتىشى ناتايىن.

ئېلىس مۇنداق دەيدۇ: ئازاپ بىلەن شادلىق تامامەن قارمۇ قارشى ئەمەس، نۇرغۇنلىغان كىشىلەردە ئازاپتىن شادلىنىش تۇيغۇسى بولغان، بىراق لەززەتنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغىنى ئاغرىق تۇيغۇسىنىڭ ئۆزى ئەمەس بەلكى بۇ خىل تۇيغۇدىن كېلىپ چىقىدىغان كەيپىيات. مۇھەببەت ئىزھار قىلىش جەريانىدا روھىي ھالەت، مەسىلەن، غەزەپلىنىش ۋە ئەنسىرەش قاتارلىقلار ئەسلىدىلا جىنسىيەتكە بولغان ھاياجاننى كۈچەيتىدۇ، ئەگەر جىنسىي قوزغۇلۇشنىڭ ئېنېرگىيەسى يېتىشمىسە ئۇ ئادەم قەستەن بۇ خىل كەيپىياتنى قوزغاتماي قالمايدۇ، بۇنىڭدا ئەڭ قولاي ئۇسۇل ئاغرىش تۇيغۇسىدىن پايدىلىنىش بولۇپ، جىنسىي زوراۋانلىق خاھىشىغا ئىگە كىشىلەرنىڭ جىنسىي ئىقتىدارى بىر قەدەر ئاجىز بولۇپ، مەلۇم غىدىقلاش ئارقىلىق جىنسىي قوزغۇلۇشنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا بۇ خىل غىدىقلاش ئادەتتىكىدىن كۈچلۈك ۋە ئۈنۈملۈك بولۇشى لازىم. بۇ خىل غىدىقلاش ئۇسۇلىنىڭ ئازاپلىق ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ بىراق ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ جىنسىي لەززەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئەگەر ئازاپ ئوبيېكتىغا قارىتىلسا خارلاش سەۋدالىقى ئەگەر سوبيېكتقا قارىتىلسا (ئۆزىگە قارىتىلسا) خارلىنىش سەۋدالىقى بولىدۇ. جىنسىي خارلىغۇچىلارغا نىسبەتەن ئەمەلىيەتتە ئۇ مەيلى قانچىلىك زوراۋان بولسۇن، ئوبيېكت تارتقان ئازاپ قانچىلىق چوڭقۇر بولسۇن، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ مەقسىدى تامامەن خارلاش ئەمەس، ئۇنىڭ مەقسىدى پەقەتلا

تۆۋەنلەپ كېتىۋاتقان جىنسىي كەيپىياتنى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت، شۇنىڭغا ئوخشاشلا جىنسىي خارلانغۇچىنىڭ مەقسىدى ئازاپ ۋە دەرت تارتىش ئەمەس.[1]

ئېلللىس ئېيتقاندەك بۇ مىسالدىكى ئايال بىمار بىر خىل ئەسەبىيلەرچە جىنسىي كەيپىيات ئىچىدە خۇدىنى يوقاتقان بولۇپ، ئۇنىڭ پەقەتلا ئېرىشمەكچى بولغىنى مانا مۇشۇنداق كەيپىيات بولۇپ ھەرگىزمۇ جىسمانىي ئازاپنىڭ ئۆزى ئەمەس.

تۆۋەندە خىلمۇ ـ خىل جىنسىي خارلىنىش سەۋدالىقىغا گىرىپتار بولغانلارنى مىسال كەلتۈرىمىز.

مىسال: مەلۇم ئايال، خانىسۇ، شەھەردە خىزمەتچى، توي قىلغان، ياش ھەم چىرايلىق. تىپىك خارلىنىش سەۋدالىقىغا گىرىپتار بولغان بىمار بولۇپ ئۇنىڭ ئېرى مۇنداق دەيدۇ: «بىز توي قىلغان ئاشۇ كۈندىن باشلاپ بىزنىڭ جىنسىي تۇرمۇشىمىزدا جازا قوراللىرى ھەمرا بولۇپ كەلدى، ھەر قېتىملىق جىنسىي ئالاقىدىن بۇرۇن ئۇ ناھايىتى ئاكتىپ ھالدا مەندىن ئۇنى قاتتىق باغلاپ قويۇشۇمنى ۋە پۇتىغا ئېغىر كىشەنلەرنى سېلىپ قويۇشۇمنى تەلەپ قىلىدۇ، بولمىسا مەن بىللە بولۇشقا ئۇنىمايدۇ. ئۇ بۇنداق بولۇشىنى بەك ئارزۇ قىلىدۇ، كويزا كىشەنلەرنىڭ شاراقلىغان ئاۋازىدىن بەك ھوزۇرلىنىدۇ. تېلىپۇزورلاردىن ئاياللارنىڭ زورلۇققا ئۇچرىغان، باغلانغان، قىينالغان كۆرۈنۈشلىرىنى كۆرسە قاتتىق ھاياجانلىنىپ كېتىدۇ ھەم ئىختىيارسىز ئۇلارنى دورايدۇ. ئۇ بۇ خىل قىلىقلارنىڭ لەززىتىنى باشقىلار بىلمەيدۇ دەيدۇ. ئۇنى چوقۇم قاتتىق باغلىشىم كېرەك، بولمىسا ئۇ مېنى كەچۈرمەيدۇ. مەن ئىلاجىسىز ئۇنىڭ تەلەپلىرىگە ماسلىشىمەن. ئۇ مېنى چۈشەنمىدىڭ،

[1] خاۋېلوك ئېلللىسى: «جىنسىيەت پسىخولوگىيىسى»، تۇرمۇش، ئوقۇش، بىلىم ئۈچ بىرلەشمە كىتابخانىسى 1987ـ يىل خەنزۇچە نەشرى238ـ بەتتىن 251ـ بەتلەرگىچە قارالسۇن.

كۆڭلۈمنى بىلمەيسەن دەپ مەندىن ئاغرىنىدۇ ھەتتا مېنى ئائىلىدىكى ئىناقلىقنى بۇزماقچى دەيدۇ. شۇڭا مەن ئىلاجىسىز ئۇنىڭ تەلەپلىرىگە قوشۇلىمەن. ئۇ بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن تېخى باغلايدىغان ئاغامچىنىڭ ئۇزۇنلىقى، تومىلىقى، سۈپىتى قاتارلىقلارغىمۇ قاتتىق تەلەپ قويىدۇ. چوقۇم ئوتتۇرا بارماقتەك توم، 6 مېتىردىن ئۇزۇنراق بولۇشى لازىم. بولمىسا خۇماردىن چىقمايدۇ. ئىشكەلگە بولغان تەلەپمۇ بارغانسېرى يوقۇرىلاپ ھازىر 8 كىلوگىرامغا چىقتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىشلىتىۋېرىپ ئۇپراپ پارقىراپ كەتكەن بولۇشى لازىم. بۇندىن كېيىن ئۇنىڭ تەلەپلىرى تېخىمۇ تەلۋىلەرچە تەرەپكە تەرەققىي قىلىشى مۇمكىن. ئۇنى توسۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس ھەممىدىن ئادەمنى قورقۇنچقا سالىدىغىنى شۇكى مەنمۇ ۋەھشى جاللاتقا ئايلىنىشقا كۆنۈپ كەتتىم. بىر كۈنلىرى ئۆزەمدىن چاتاق چىقىپ مەنمۇ ئۆزەمنى كونترول قىلالماي چېكىدىن ئاشقان ھەرىكەتلەرنى قىلىپ تاشلاشتىن قورقىمەن. ھەقىقەتەن چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. شۇنچە ئەسەبىي بولسىمۇ لېكىن ئۇ كۈندۈلۈك تۇرمۇشتا ناھايىتى نورمال، ھېچقانداق غەلىتە ئەھۋال يوق، ھەممە ئىشى جايىدا».[1]

مىسال: ئەر XX، ئەر، ئۇيغۇر، 35 ياش. تىوي قىلغان، مەلۇم زاۋۇتنىڭ ئىشچىسى، ئۇتىوي قىلىشتا ئۆزىدىن 12 ياش چوڭ ئايالنى تاللىۋالغان بولۇپ، باشقىلار ئۇنىڭغا ئۆزى بىلەن تەڭ تۇش ئاياللار بىلەن توي قىلىشىغا نەسىھەت قىلسا، كىچىك قىزلار ئۆي ئىشلىرىغا پۇختا ئەمەس، چوڭ ئاياللاردەك مېھرىبان ئەمەس، دەپ ئۇنىمىغان. توي كۈنى كېچىسى جىنسىي ئاجىزلىق كۆرۈلۈپ جېنىدىن جاق تويغان. ياشاش ئۇنىڭغا بەكمۇ مەنىسىز ۋە ئازاپلىق تۇيۇلغان. بىر كۈنى ئۇئايالىغا ئۆزىنىڭ «ئۆلۈۋېلىش» نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى ئېيتقاندا ئايالى غەزەپ بىلەن ئۇنىڭ

---

[1] پاڭ شىنخۇا: «جىنسىي بىنورماللىق ۋە جىنايەت» ساقچى ئوفېتسېرلار مائارىپ نەشرىياتىنىڭ 1993- يىل خەنزۇچە نەشرى، 239، 240- بەت.

تەستىكىگە بىرنى سىيلىپ «ئەر دېگەنمۇ سەندەك بولامدۇ، مۇشۇنداق ئەزمىلىكىڭدىن سەن شۇنداق ئايال مىجەز بولۇپ قالغان!» دەپ تىللىغان. ئايالنىڭ ئۇرغان تەستىكى بىردىنلا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر خىل ئىللىق سېزىم پەيدا قىلىپ جىنسىي ھەۋىسىنى قوزغاتقان. ئۇ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ ئايالدىن يەنە ئۇرۇشنى تەلەپ قىلغان. قايتا ـ قايتا ئۇرۇشلاردىن كېيىن ئۇ ناھايىتى ئۇتۇقلۇق ھالدا جىنسىي ئالاقە قىلالىغان. شۇندىن كېيىن دايىم ئايالدىن ئۆزىنى ئۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغان بولغان. ئايالى دايىم ئۇنى تاسما بىلەن باغلاپ قويۇپ ئۇرسا قاتتىق ھاياجانلانغان.

تەھلىل: بۇ بىمار كىچىك ۋاقتىدا ئاتا ـ ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ ھامىمىسىنىڭ ئۆيىدە چوڭ بولغان. 10 يېشىدا ھامىمىسى تەرەت سۇندۇرۇۋاتقاندا خالادىن مارىلىغان. ھامىمىسى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ قاتتىق ئۇرغان ۋە «بۇنىدىن كېيىن يەنە شۇنداق قىلىدىغان بولساڭ ماۋۇ نېمەڭنى كېسىپ تاشلايمەن» دەپ جىنسىي ئەزاسىنى تۇتۇۋېلىپ قورقۇتقان. مانا بۇ ئۇ يولۇققان تۇنجى جىنسىي تەجرىبە بولۇپ، ھامىمىسىنى مارىلىغان گۇناھى ئۇنى روھىي جەھەتتىن بىر ئۆمۈر ئازاپلاپ كەلگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ جىنسىي ئەزاسىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ كېسىپ تاشلىنىشىنى ۋە بۇ ئارقىلىق ئىنسان قېلىپىدىن چىققان گۇناھىنىڭ ئازاپىنى يەڭگىللىتىشىنى خام ـ خىيال قىلغان. ئۇنىڭ باللىق تەسەۋۋۇرىدا جىنسىي ئەزاسى كېسىپ تاشلانسا ئۇ قىز بالىغا ئايلىنىپ قالىمەن دەپ ئويلىغان. فىرېئودنىڭ قارىشىچە باللار ئەرلىك جىنسىي ئەزا كېسىپ تاشلانسا قىزلارنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ، ئوغۇل بالا قىز بالىغا ئايلىنىدۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. بىماردىكى ئايالّارغا ئوخشاش تامامەن بويسۇنۇش خاھىشى ۋە جىنسىي ئاجىزلىق دەل مانا مۇشۇ ئاختا قىلىۋېتىش كومپىلىكسىدىن بولغان. ئۇنىڭ ئۆزىدىن چوڭ ئايال بىلەن توي قىلىشى ئۆزىنىڭ ھامىمىسىغا ئوخشاش چوڭ، پىشىپ يېتىلگەن ئايال بىلەن بىللە بولۇش ھەمدە ئۇنىڭ قولىدا

تەن جازاسىغا ئۇچراش ئارقىلىق ئاشۇ بالىلىق ۋاقتىدىكى جىنايىتىنى يۇيۇش بولۇپ، ئايال ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى ھامىمىسىنىڭ ئورنىغا دەسسەپ ئۇنى جازالىماقتا.

**خۇلاسە**

جىنسىي زوراۋانلىق بىر خىل ئىجتىمائىي ئاپەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ناھايىتى مۇھىم. بۇ خىل بىنورماللىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئۇسۇلى بالىلاردا نورمال جىنسىي تەربىيە ئېلىپ بېرىش، ئۇلارنىڭ جىنسىيەتكە بولغان قارىشىنىڭ بۇرمىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ھەرىكەتلەرنى ۋە سۆزلەرنى قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم. مەن يۇقۇرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك چوڭلارنىڭ جىنسىي تۇرمۇشىنى بالىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشى، «چۇچىقىڭنى كېسىمەن» دەپ قورقۇتۇش، بالىلارنى ئۆيگە يالغۇز تاشلاپ قويۇپ كۆڭۈل بۆلمەسلىك، قالايمىقان ئۇرۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى جىنسىي زوراۋانلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان سەۋەبلەر بولۇپ، ئاتا ـ ئانا بولغۇچىلار بالىلارنى تەربىيىلەشتە بۇنىڭغا دىققەت قىلىش لازىم.

## 3. ئۆزىنى خارلاش سەۋدالىقى

ئۆزىنى خارلاش سەۋدالىقى جىنسىي زوراۋانلىقنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۆزىنى ئۆزى خارلاش ئارقىلىق جىنسىي لەززەتكە ئېرىشىشنى كۆرسۈتۈدۇ. بۇ خىل پسىخىك بىنورماللىقىغا گىرىپتار بولغۇچىنىڭ خارلاش ئوبېكتى ئۆزى بولۇپ، خارلىغۇچىمۇ ھەم ئۆزى. ئۇلار تاللىغان جىنسىي ئوبېكت يات جىنسلىق باشقا بىراۋ ئەمەس، ھەتتا ئوخشاش جىنسلىقمۇ ئەمەس، بەلكى دەل ئۆزى. ئۇنىڭ باشقا جىنسىي زوراۋانلىقلار بىلەن ئوخشاش يېرى جىسمانىي ئازاپتىن جىنسىي لەززەت ھىس قىلىش بولۇپ، ئۇلارنىڭ جىنسىي ھاياجىنى ئوخشاشلا ئازاپ تۇيغۇسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

تارىختا ئۆزىنى خارلاش سەۋدالىقىغا ئائىت مىساللار ناھايىتى كۆپ. گوللاندىيىلىك مەشھۇر رەسسام، پوسئىمپرېسسىئونىزم رەسساملىقىنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى ۋان گوخ ( Van Gogh 1853 ــ 1890) بۇنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. ئۇنىڭ رەسىملىرىدە ئىشلىتىلگەن رەڭلەر ئىنتايىن خۇنۇك ۋە ئېغىر بولۇپ كىشىگە ئازاپلىق تۇيغۇ بېغىشلايدۇ. ئۇنىڭ ھاياتمۇ رەسىملىرىگە ئوخشاش ئازاپلىق تۇيغۇلار بىلەن تولغان. ئۇ 28 يېشىدا، ئېرىدىن تۇل قالغان نەۋرە ئاچىسى كەيسىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ۋە بىر كۈنى غەلىتە بىر خىل ئۇسۇل بىلەن مۇھەببىتىنى بىلدۈرگەن يەنى ئۇ كەيسىنىڭ ئۆيىدە ئالقىنىنى چىراقنىڭ ئوتىدا كۆيدۈرۈپ ئېغىر دەرىجىدە يارىلاندۇرۇش ئارقىلىق سۆيگۈسىنى ئىپادىلىگەن. كېيىن لاھىر ئىسىملىك بىر پاھىشە ئايال بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا پاھىشە ئايال ئۇنى مەسخىرە قىلىپ «پۇلۇڭ بولمىسا قۇلۇقۇڭنى كېسىپ ئەكەپ بەر» دېسە ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېتىپ پىچاق بىلەن بىر قۇلىقىنى كېسىپ ئۇنىڭغا ئەكىلىپ بەرگەن. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى لاھىرنى چۆچۈتۈۋەتكەن. 1889 ـ يىلى ئۇ سىزغان «ئۆز پورترىتى» ناملىق رەسىمدە ئاشۇ چاغدىكى ھالىتى تەسۋىرلەنگەن. 1890 ـ يىلى 7ـ ئايدا 73 يېشىدا ئوۋىل بازىرىنىڭ سىرتىدىكى بىر بۇغدايلىقتا مىلتىق بىلەن ئۆز قوسىقىغا ئاتقان. ئاخىرى ئۆز ھاياتىنى ئۆلۈۋېلىش بىلەن ئاخىرلاشتۇرغان. ناھايىتى ئېنىقكى ۋان گوھ ئۆمرىدە ئۆز ـ ئۆزىنى خارلاشنى مۇھەببەت ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشنىڭ ئەڭ ئۇنۇملۇك ئۇسۇلى دەپ قارىغان. ئۇنىڭ بىر خىل خۇنۇك ۋە ئازاپلىق كەيپىياتىنى سەنئەت دەپ چۈشىنىشى ئۇنىڭ ئازاپتىن ھوزۇرلىنىشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئېڭىدا گۈزەللىك ۋە مۇھەببەت ئۇقۇمى بىلەن ئازاپ ئۇقۇمى بىرلىشىپ كەتكەن.

ئەدەبىي ئەسەرلەردىن مەشھۇر يازغۇچىلاردىن ھىيوگونىڭ «پارىژدىكى بۈۋى مەريەم ئىبادەتخانىسى» ناملىق رومانىدا خرىستىيان دىنىنىڭ ئاركىدىكونى كلاۋدې فروللونىڭ ئۆزىنى

ئۆزى تاسما بىلەن ئۇرۇپ جازالىغانلىقى يېزىلغان. ئۇ كوچىلاردا ئۇسسۇل ئويناپ جان باقىدىغان گۈزەل سىگان قىزى لائىسمېرالدانى يوشۇرۇن ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. بىراق ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ۋە خرىستىيان دىنىنىڭ ھەۋەسنى چەكلەش پرىنسىپىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئۇ مۇھەببىتىنى ئىچىگە يوشۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. لائىسمېرالدانىڭ گۈزەل ۋۇجۇدى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەي دايىم ئۇنىڭدا بېسىپ بولغۇسىز ۋەسۋەسە ۋە روھىي ئازاپ پەيدا قىلىدۇ. «ئاھ تەڭرى، ئېسمېرالدانىڭ بۇنچە گۈزەل بولۇشى مېنىڭ سەۋەنلىكىممۇ؟!» دەپ نالە قىلىدۇ ۋە بىر تاسما بىلەن ئۆز دۈمبىسىگە ئۇرۇپ دۈمبىسىنى قىپ - قىزىل گۆش بولۇپ تىلىنغىچە بولدى قىلمايدۇ. پوپنىڭ بۇنداق ئەسەبىيلەرچە ھەرىكىتى دايىم كېچىدە خۇددى جىنسىي ئالاقىدەك خۇپىيانە ئېلىپ بېرىلىدۇ بۇنىڭ بىلەن پوپنىڭ روھىي ئازابى يەڭگىللەيدۇ.

مەشھۇر رۇس يازغۇچى تولستوينىڭ «پوپ سېرگېي» ناملىق ئەسىرىدىمۇ باش قەھرىمان سېرگېينىڭ جىنسىي ۋەسۋەسە ئالدىدىكى ئىلاجسىزلىقى ۋە دايىم قامچا بىلەن ئۆز بەدىنىگە ئۇرۇپ كېچىلەپ خۇداغا نالە قىلىدىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

بۇ ئەسەر گەرچە قويۇق دىنىي تۈس ئالغان بولسىمۇ، پوپلارنىڭ ئۆزىنى ئۇرۇپ يارىلاندۇرۇش ئۆز تېنىدىكى ۋەسۋەسە تۈپەيلىدىن ئۆزىنى جازالاشتەك كۆرۈنسىمۇ بىراق بىر نەرسە ناھايىتى ئېنىقكى ئۇلارنىڭ ئۆزىنى جازالىشى ئۆزىگە تەسەللىي بېرىش ئۈچۈندۇر. بۇ خۇددى جىنسىي ئېچىرقاشقا ئانانىزم ئارقىلىق تەسەللىي بەرگەنگە ئوخشايدۇ.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىمۇ بەزى شېئىرلاردا ئۆزىنى خارلاش خاھىشى ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:

ئىستىگەنلەر بىزنى سەھرايى بالادا ئىستەڭىز،
ۋادىئى ھىجران بىلەن دەشتى پانادا ئىستەڭىز.

شائى مەشرەپنىڭ «ياخشى» رادىفلىق شېئىرىدا ئۇنىڭ ئازاپقا بولغان ئەسەبىيلەرچە مەپتۇنلۇقى ۋە ئۆزىنى خارلاش خاھىشى تېخىمۇ ياخشى ئىپادىلەنگەن:

نادامەتتە تۆكۈپ ياش ۋەسلىڭ ئىزدەپ يۈرگۈنۈم ياخشى،
غەمى دەردىڭ رەپىق ئەيلەپ داۋام ئاھ ئۇرغۇنۇم ياخشى.
جاھان مەيدانىدا يۈرگەن، مۇھەببەت ئوتىدا كۆيگەن،
سۆيەر قوللار ئىزىنى كۆزۈمگە سۈرگۈنۈم ياخشى.
ئۇشۇل مەجنۇن ھەيراندەك يۈرەك باغرىم ئېقىپ كۆزدىن.
سەنەمنىڭ ھىجرىدە سەھرا ۋە چۆلنى كەزگىنىم ياخشى.

شائىر ئەلىشىر نەۋائىمۇ ئازاپقا بولغان مەپتۇنلىقىنى مۇنداق مىسرالار بىلەن ئىپادىلىگەن:

ئىتلار قاۋاشۇر گادانى كۆرسە،
ئاشىق سۆيۈنەر بالانى كۆرسە.

ئەقىللىق كىتابخانلار ناھايىتى ئاسانلا مېنىڭ «ئۆلۈۋېلىش سەنئىتى» ناملىق رومانىمدىن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ بۇ خىل ئەنئەنىسىنى تاپالايدۇ. ئەسەردىكى باش قەھرىمان تاھىرنىڭ خاراكتېرىدا ھەم خارلىنىش سەۋدالىقى ھەم ئۆزىنى خارلاش سەۋدالىقى مەۋجۇت. ئۇنىڭ يات جىنسىلىقلار تەرىپىدىن خارلىنىش ئىستىكى ئەمەلگە ئاشمىغانلىقى ئۈچۈن ئاخىرى ئۆزىنى ئۆزى خارلايدۇ. تاھىرنىڭ روھى كەچۈرمىشلىرى ئازاپتىن لەززەتلىنىش بولۇپ ئۇنىڭ پەرىدە بىلەن ئېلىپ بارغان تۆۋەندىكى دىئالوگىغا قاراپ باقايلى:

تاھىر مۇنداق دەيدۇ:

— مەن پۈتكۈل ئازالارنىڭ تەمىنى تېتىپ باقماقچى، بىزنىڭ

بـــۇ دۇنيـــادىـن ئالالايـــدىغان ســـەزگۈلـىرىمـىزنىڭ ھەمـمىســـى قىممەتلىك، چۈنكى بىز بۇ دۇنيادا سەزگۈدىن بۆلەك ھېچنەرسىگە ئېرىشـەلـمەيمىز. يالىڭاچ تۇغۇلغـان، يالىڭـاچ كېتىمىـز، بىزنىـڭ چەكسـىز دۇنيـادىن ئېلـىـپ كېتەلەيـدىغىنىمىز زادى نېمە؟ پۇل، مـــال دۇنـــا ھەمـــمە نەرســـە قالــــدۇ، پەقەت بـــىز ســـەزگۈگىلا ئېرىشـەلەيمىز. شـۇڭا، مەن ئـۆزۈم ئېرىشـكەن سـەزگۈلىرىمنىڭ تېخىمۇ كۆپ ۋە تېخىمۇ مول بولۇشىنى ئارزۇ قىلىـمەن. شۇڭا، مەن مەيلى ئازاپلىق بولسۇن، مەيلى ھاياجانلىق بولسۇن ھەر قانداق سەزگۈرنى قەدىرلەيمەن. بۇلۇپمۇ سەزگۈ قانچە ئازاپلىق بولسا ئۇنى كىشى شـۇنچە ئـۇزاق ۋاقىـتلارغىچە ئۇنتۇيالـماي، ئۇنىـڭ لەززىتـى تېخىمۇ ئۇزاق بولۇدۇ

ــ دۇنيادا ئازاپتىن مەنچىلىك لەززەتلىنەلەيدىغان ئادەمدىن يەنە بىرى يوق!

ئۇيغـۇر ئەدەبىياتـــدىكى بـــۇ خـــل مۇھەببەتنىـــڭ ۋىســـال لەززىتىدىن ئازاپنى بەكراق قەدىرلەش خاھىشى ئۇيغۇر ۋە ئىسلام ئەللىرى ئەدەبىياتىغا خاس خاراكتېر بولۇپ، غەرپ ئەدەبىياتىدىكى دىنىي ئېتىقاد پەيدا قىلغان روھىي ئازاپ بىر خىل ئىلاجسىز ئەھۋالدا قېلىـپ تەسـۋىرلىنىدۇ. ئۇيغـۇر ئەدەبىياتىدا بولسـا ئازاپ كىشلەر تەلپۈنىدىغان بىـر خـل تۇيغـۇ سۈپىتىدە تەسـۋىرلىنىدۇ. شـۇڭا بەزى قـارانىيەت تـۆھمەتچى مۇناپىقلارنىـڭ مىنـى ئۇيغـۇر ئەدەبىيات ئەنئەنىسگە خىلاپلىق قىلدى دەپ قاخشاشلىرى پۈت دەسسـەپ تۇرالمايـدۇ، بەلكـم ئۇلارنىـڭ ئەنـئەنە دېگىنـى بـىلەن مېنىــڭ نەزىرىمــدىكى ئەنــئەنە ئوخشـىمىســا كېــرەك. ئۇلارنىــڭ نەزىرىــدىكى ئەنــئەنە مەدەنىــيەت زور ئىنقىلابىــدا شــەكىللەنگەن شۇئارۋازلىقتىن ئىبارەت. مېنىڭ نەزىرىمدىكى ئەنئەن بولسا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىـڭ نەچچە مىـڭ يىللىـق ئەنئەنىسـى، ئۇيغۇرلارنىـڭ روھـى مـاھىيىتىنى ئىپـادىلەپ بېرەلەيـدىغان ھەم پۈتكـۈل ئۇيغـۇر مىللىتىنىڭ قىممەت قارشى ۋە پىكىـر قىلىـش ئۇسـۇلىغا ئاسـاس بولۇدىغان ئەنئەنە.

ئۆزىنى خارلاش سەۋدالىقى ئۆزىنى ئۇرۇش، تېنىنى يارىلاندۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق جىسمانىي ئازاپتىن جىنسىي لەززەت ئېلىپ ئۆز ھەۋىسىنى قاندۇرۇش ئۇسۇلى بولۇپ، پسىخولوگىيىدە بىر ئاز مۇرەككەپ دەپ قارىلىدىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى. غەملكىنلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلار، پارانويا كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلا ۋە روھىي پارچىلىنىش قاتارلىق ئېغىر روھىي كېسەلگە گىرىپتار بولغۇچىلاردا كۆۋلۈدىغان ئۆزىنى ئۆزى يارىلاندۇرۇش ئۇرۇنۇشى بىلەن پۈتۈنلەي جىنسىي مۇددىئا تۈپەيلىدىن بولۇدىغان ئۆزىنى يارىلاندۇرۇش ئۇرۇشىنى پەرقلەندۈرۈش بىر قەدەر قىيىن. چۈنكى پسىخىك ئانالىز تەلىماتىنىڭ قارشى بويىچە ئادەمدە ياشاش ئىنستىنكتى بىلەن ئۆلۈم ئىنستىنكتى تەڭ مەۋجۇت بولۇپ ئادەمنىڭ ئۆزىنى يارىلاندۇرۇش ئۇرۇنۇشى يوشۇرۇن ئاڭدىكى ئۆلۈم ئىنستىنكتىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر. بىز بىرىنچى بابتا بۇ ھەقتە ئەتراپلىق توختالغانىدۇق. ئۆلۈم ئىنستىنكتى سىرتقا يۈزلەنگەندە ھۇجۇم قىلىش خاراكتېرلىك ھەرىكەتلەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ چىقىدۇ. مەسىلەن، جىدەلخورلۇق، مۇنازىرىگە بېرىلىش، ۋەھىمىلىك، خەتەرلىك تەۋەككۈلچىلىكلەرگە بېرىلىش قاتارلىقلار. ئۆلۈم ئىنستىنكتى ئىچىگە يۈزلەنگەندە ئادەمدە غەمكىنلىك، جىمغۇرلۇق، سەنئەتكارلىق، شائىرلىق ھەتتا ئۆلۈۋېلىش بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ.

ئادەمدىكى جىنسىي ئىستەك ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى يەنە بىر قارىمۇ قارشى تەرەپ بولغان ياشاش ئىنستىنكتىنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ، بىراق بالىلىقتىكى كۆڭۈلسىز تەجرىبىلەر تۈپەيلىدىن بۇرمۇلۇنۇش نەتىجىسىدە ياشاش ئىنستىنكتى ئۆلۈم ئىنستىنكى بىلەن ئالمىشىپ قېلىشى مۇمكىن. جىنسىي ھەۋەس بىلەن ئۆلۈم ئىنستىنكى ئۆزئارا ئارىلىشىپ قالسا ياكى بىرلىشىپ كەتسە، جىنسىي ھەۋەس جىنسىي زوراۋانلىق تۈسىنى ئېلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇ سىرتقا يۈزلىنىشچان خاراكتېرنى

ئىپادىلىسە خارلاش سەۋدالىقى، ئىچكى يۈزلىنىشچان خاراكتېرنى ئىپادىلىسە ئۆزىنى خارلاش سەۋدالىقى بولۇپ ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. ئاڭسىز ھالدىكى ئازاپقا بولغان مەپتۇنلۇقنى مۇشۇنداق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن.

مېنىڭچە ئۆزىنى خارلاش سەۋدالىقى ئانانىزم بىلەن جىنسىي زوراۋانلىقنىڭ بىر ئادەمدە بىرلەشكەن ھالدا ئىپادىلىنىشى بولۇشى مۇمكىن. ئۆزىنى خارلاش سەۋدالىقىغا گىرىپتار بولغۇچىلاردا ھەم ئۆزىنى خارلاش ھەم باشقىلار تەرىپىدىن خارلىنىش ئىستىكى كۆپۈنچە ھاللاردا تەڭ مەۋجۇت بولۇدۇ. خۇددى ئانانىزمچى يات جىنىسلىقلار بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا جىنسىي تەلپىنى ئۆزى قاندۇرغاندەك بەزى خارلىنىش سەۋدالىقىغا گىرىپتار بولغۇچىلار خارلىنىش تەشنالىقىنى جىنسىي ئوبېكت بولمىغان شارائىت ئاستىدا ئۆزىنى ئۆزى خارلاش ئارقىلىق قاندۇرىدىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ئۆزىنى خارلاش سەۋدالىقىنى خارلىنىش سەۋدالىقىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى دېيىشكە بولۇدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بەزىلىرى ئانانىزم بىلەن بىللە يۈز بېرىدۇ

ئۆزىنى خارلاش سەۋدالىقىنىڭ ئەڭ يۇقۇرى دەرىجىسى ئۆزىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈش بولۇپ، بىمار بۇغۇلغاندا پەيدا بولغان بۇغۇلۇش تۇيغۇسىنى يۇقۇرى پەللىگە يەتكۈزۈش ئارقىلىق جىنسىي يۇقۇرى پەللىگە ئېرىشىدۇ.

مىسال مەلۇم ئەر، ئۇيغۇر، 28 ياش، ئالىي مەكتەپ ئاسپىرانت ئوقۇغۇچىسى. ئەقلىي قابىلىيىتى نورمال. مەسىلىلەر ئۇستىدە ھۆكۈم قىلىشى جايىدا، لوگىكىلىق تەپەككۇرى ئېنىق. 18 يېشىدا بىر قىزغا قاتتىق مەپتۇن بولۇپ قېلىپ خەت يېزىپ مۇھەببەت ئىزھار قىلغان، قىز ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى رەت قىلغان. مۇھەببىتىنىڭ زادى نېمە سەۋەبتىن رەت قىلىنغىنىنى بىلگۈسى كېلىپ تۇرسا ئۇ قىزنىڭ باشقا بىراۋ بىلەن بۇ ھەقتە پاراڭلاشقىنىنى ئاڭلىغان. قىز ئۇنى ھالىغا باقماي ماڭا تەلەپ

قويدى دەپ قاتتىق مەسخىرە قىلغان. ئۇ بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كاللىسى قۇپ - قۇرۇق ھالدا تۇرۇپ قالغان. ئۇ تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ روھىي زەربىگە زادى قانداق ھېسسىياتتا بولۇشىنى بىلەلمەي قالغان. ئۇ قاتتىق ئازاپلىنىشىم كېرەك دەپ ئويلىغان. بىراق غەلىتە يېرى زادىلا ئازاپلىنالمىغان. خۇددى پۈتۈن بەدىنى بارلىق سىزىملارنى يوقاتقاندەك ئۇنىڭدا ھېچقانداق تۇيغۇ پەيدا بولمىغان. پەقەت ئەقلىي ھالدا ئۆزىنى چەكسىز بىچارە دەپ ئويلىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆمرىدىكى ئەڭ ئاھانەتلىك قىسمەتكە دۈچ كېلىپمۇ نېمە ئۈچۈن ئازاپلانمىغانلىقىغا تاڭ قېلىپ، ئۆز تېنىدە سېزىمنىڭ بار - يوقلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن تاماكىنىڭ چوغىنى ئالقىنىغا يېقىپ باققان. تاماكا چوغى ئالقىنىنى كۆيدۈرگەندە بولسا ئۇنىڭدا ئاجايىپ خوش يېقىش تۇيغۇسى پەيدا بولغان ۋە بىردىنلا جىنسىي ھاياجىنى قوزغۇلۇپ كەتكەن. شۇندىن باشلاپ تاماكىنىڭ بەدىنىنى كۆيدۈرگەن چاغدىكى تۇيغۇسىغا مەپتۇن بولۇپ، خۇمار پەيدا قىلغان. ئايدا بىرەر قېتىم بەزىدە ھەتتا ئىككى قېتىم بەدىنىنى تاماكا چوغى بىلەن داغلاپ ھوزۇرلۇنىدىغان بولغان. 24 يېشىدا توي قىلغان دەسلەپكى چاغلاردا ئايالى بىلەن بولغان جىنسىي تۇرمۇشى بىر قەدەر كۆڭۈللۈك بولغان. بىراق ئىككى يىلدىن كېيىن كۆڭۈلسىزلۈك كۆرۈلۈشكە باشلىغان. ئۇ جىنسىي تۇرمۇشىدا قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ كەملىكىنى بايقىغان. كېيىن ئايالى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ يەنىلا تاماكا چوغى بىلەن ئۆز تېنىنى داغلاپ ئېرىشكەن لەززەتتەك ھاياجانلىق ئەمەس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئۇ ئادىتىنى قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالغان. بەزىدە ئايالىدىن تاماكا چوغىنى يېقىپ قىيناشنى ۋە باشقا ۋاستىلەر بىلەن قىيناشنى تەلەپ قىلغان. ئايالى ئۇنىڭ بۇ خىل تەلۋىلەرچە قىلىقلىرىغا دەسلەپ ھەيرانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان، كېيىنچە بارا - بارا ئۇنىڭ ئېلىشىپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئاخىرى ئۇنى مەجبۇرى دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلگەن.

تەھلىل: بۇ بىماردا ھەم خارلىنىش سەۋدالىقى ھەم ئۆزىنى خارلاش سەۋدالىقى تەڭ بولۇپ، ئۇ كۆڭۈلسىز بالىلىق كەچۈرمىشلىرىگە ئىگە. 8 يېشىدا ئۇ قوناقلىقتا ئوت يىغىۋاتسا قونالىقنىڭ ئىگىسى بولغان بىر ئايال ئۇنى قوناقلىقىمغا كىرىپ قوناقلىرىمنى ياتقۇزۇۋېتىپسەن دەپ ئۇرغان. بۇ بىنورمال ئايالنىڭ ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئۆچى بار ئىكەن. شۇڭا ئۆچ ئېلىش پۇرستى كەلدى دەپ قاراپ، بالىنى قونالىقتا ئاستىغا بېسىۋېلىپ ئاغزىغا سىيمەكچى بولۇپ تۇرغاندا بىراۋ كېلىپ قېلىپ تۇتۇۋالغان. بالا تۇنجى قېتىم قاتتىق تاياق زەربىسىگە ئۇچرىغان ئەھۋال ئاستىدا ئايالنىڭ جىنسىي ئەزاسىنى كۆرۈپ قالغان. مانا بۇ تۇنجى بىنورمال جىنسىي تەسىرات ئۇنىڭ جىنسىي پسىخىكىسىنى بۇرمىلىۋەتكەن. نۇرغۇن يىلاردىن كېيىن ئۇ ئاياللارنىڭ ھاقارىتىگە ئۇچرىغاندا جىسمانىي زەربە بىلەن جىنسىيەت بىرلەشكەن ئاشۇ بالىق تەجرىبىلەر ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا رول ئويناپ، ئۇنى خارلىنىش خاھىشىغا ئىگە قىلىپ قويغان. كېيىنكى قىز ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇ خارلىنىش مەقسىتىگە قىز ئارقىلىق يېتەلمىگەن. شۇڭا ئۆزىنى ئۆزى خارلاپ جىنسىي ئىستىكىنى قاندۇرغان.

تۆۋەندە جىنسىي بۇغۇلۇش مىساللىرىنى دىققىتىڭلارغا سۇنىمىز:

مىسال: مەلۇم ئەر، 18 ياش، خىزمەت كۈتۈپ تۇرغۇچى، ئۆسۈپ يېتىلىشى نورمال، دادىسى بىرئاي بۇرۇن قازا قىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۆيدە پەقەت ئانىسى بىلەن ئاچىسى بار. مىجەزى غەلىتە، كەمسۆز، ئەرلەر بىلەن ئارىلىشىشنى خالىمايدۇ، ئايال مىجەز، رەسىم سىزىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئاياللارنىڭ ھەرخىل بەدەن شەكىللىرىنى سىزىشقا ئامراق، ئاچىسى بىلەن ناھايىتى يېقىن بولۇپ، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئايرىلماي يۈرىدۇ. ئىشىكنىڭ كېشىكىگە ئېسىلىپ بۇغۇلۇپ ئۆلگەن بولۇپ، يېنىدا بىر ئورۇندۇق، بوينىدا ئاغامچا بار، بوغۇلغان جاي قىزارغان، ئۈستىگە

ئايالچە كاسىتوم، ئىچىگە ئۆرە ياقىلىق مايكا كىيگەن. بىر لۆڭگىنىڭ ئىككى تەرىپىنى تۈرمەكلەپ، مەيدىسىگە قويۇپ يالغان ئەمچەك ھالىتىگە كەلتۈرگەن. بېلىگە تاسما باغلاپ، ئاستىغا يوپكا كىيگەن. پۇتىغا ئەترەڭ پايپاق تارتقان، پۇتىغا كۆك ئايالچە ئاياق كىيگەن، جىنسىي ئەزاسى ۋە ئىچ ئىشتىنىدا سپېرما سۇيۇقلۇقى بار.

تەھلىل: بۇ بىر خىل ئارىلاشما جىنسىي بىنورماللىق بولۇپ، بىماردا ھەم ئوخشاش جىنسلىقلار مۇھەببەت خاھىشى ھەم ئۆزىنى خارلاش خاھىشى يەنە ئانانىزم قىلىش تەڭلا مەۋجۇت، ئۇنىڭدىكى بىنورماللىقنىڭ كۈچىيىشىگە ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئۆلۈمى سەۋەب بولغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئۆلۈشى ئۇنىڭ روھىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئەرلىكنىڭ گۇمران بولۇشى بولۇپ، ئۇنىڭ باللىق چاغلىرىدىكى دادىنى سېغىنىش ۋە دادىسىز ھالىدىكى روھىي ھالىتى دادىسىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئۇنىڭدا قايتا تەكرارلىنىپ، ئۇنىڭ ئايالغا ئايلىنىش خام خىيالى كۈچەيگەن، ئۇنىڭ خارلىنىشى بولسا ئۆزىنىڭ ئايالدىن ئىبارەت 2- جىنسلىق رولىنى ئىپادىلەش ئۈچۈندۇر.

ئۇنىڭ مەقسىدى ئۆلۈش ئەمەس بەلكى جىنسىي ھەۋىسىنى قاندۇرۇش، ئۆلۈشى بولسا ئۇ جىنسىي ھاياجان ئىچىگە غەرق بولۇپ خۇدىنى يوقاتقاندا ئېسىنى يىغالماسلىقىدىن كېلىپ چىققان ھادىسە. ئۇ گەرچە ئۆزىنى ئاسقان بولسىمۇ بىراق پۇتى يەرگە تېگىپ تۇرىدۇ. بۇنداق بوغۇلۇش ئارقىلىق جىنسىي ھەۋىسىنى قاندۇرغۇچىلار دايىم ئاغامچىنى بوينىغا سېلىپ ئاستا ـ ئاستا تىزىنى ئېگىپ، ئاغامچىنىڭ بوغۇشىدىن بېشى قېيىپ، كۆز ئالدى پىرقىرىغىچە داۋاملىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېرىشمەكچى بولغىنى دەل گېلى بولغانغاندىن كېيىنكى مۇشۇ خىل تۇيغۇ بولۇپ، بۇ خىل تۇيغۇ ئۇنىڭ زەكىرىگە قان تولدۇرۇپ ئىسپېرما كەلتۈرۈپ، جىنسىي ھەۋىسىنى قاندۇرىدۇ.

جىنسىي ئۆزىنى خارلاش خاراكتېرلىك بوغۇلغۇچىلارنىڭ

كۆپۈنچىسى بوغۇلغان مەيداندا ھەرخىل جىنسىي ۋە شەھۋانىي بويۇملارنى ھازىرلىغان بولۇپ، بەزىلىرى شەھۋانىي رەسىملەرگە قاراپ تۇرۇپ بىر تەرەپتىن بۇغۇلۇپ بىر تەرەپتىن ئانانىزم قىلىدۇ. بەزىلىرى پلاستىكتىن ياسالغان سۈنئىي جىنسىي ئەزا قاتارلىقلارنى ئوينايدۇ. بەزىلىرى ئايالچە ياسىنىپ ئالدىغا بىر ئەينەكنى قويۇپ تۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئايالچە قىياپىتىنى ئەينەكتە كۆرۈپ تۇرۇپ بۇغۇلۇش ھەرىكىتىنى ئورۇنلايدۇ.

مىسال: دوڭ xx، ئەر، 39 ياش، توي قىلغان، شاڭخەي شەھىرىدىكى مەلۇم زاۋۇتنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى. ئادەتتە خۇشال خورام يۈرىدۇ. خىزمىتى ئوڭۇشلۇق، ئائىلىسى ئىناق، ئىجتىمائىي ئالاقىگە ماھىر بولۇپ، ھېچكىم ئۇنىڭ بىرەر كىم بىلەن ئازارلاشقىنىنى ياكى بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزگىنىنى كۆرمىگەن، ئاڭلىمىغان. بىراق 1988 ـ يىلى 29ـ ئىيۇندا ئۇ تۇرۇشلۇق ئورۇندىكى ساقچىلار ئۇنىڭ قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ھەققىدىكى دېلونى تاپشۇرۇۋالغان. ئۆلگۈچى قىپ ـ يالىڭاچ بولۇپ قولى ئارقىسىغا قايرىپ تۆمۈر زەنجىر بىلەن باغلانغان. زەنجىرلەرنىڭ ئۇچلىرى بولسا قۇلۇپ بىلەن بىر ـ بىرىگە چېتىپ قولۇپلانغان. بېلىمۇ زەنجىر بىلەن باغلىنىپ قولۇپلانغان. ئىككى پۇتى ۋېلىسىپىتقا سالىدىغان زەنجىر قۇلۇپ بىلەن بىر ـ بىرىگە باغلانغان. ئاندىن زەنجىرنىڭ بىر ئۇچى ئۇ يەرگە، يەنە بىر ئۇچى بوينىدىن ئايلاندۇرۇلۇپ ئۆتكۈزۈلۈپ ئالدى تەرەپكە يەتكۈزۈلۈپ يەنە قۇلۇپلانغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر يىپەك تاسما بىلەن بوينى باغلىنىپ ئىككى ئۇچى ئۇنىڭ قوللىرىغا چېگىلگەن. ئىككى ئەمچىكى كىيىم ئاسىدىغان قىسقۇچ بىلەن قىسىلغان، جىنسىي ئەزاسى بولسا ئاق رەڭلىك كىچىك پلاستىك خالتا بىلەن بوغۇلغان. ئۇنى ئىشلەتكەن نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسى يېڭى بولۇپ قاپلىرى ۋە ئىشلىتىلمەي ئېشىپ قالغان قۇلۇپ ۋە زەنجىرلەر ئەتراپىدا تاشلاقلىق. ئادەمگە بىر قاراشتىلا قىيناپ ئۆلتۈرۈلگەن تۇيغۇنى بېرىدۇ.

كىشىلەرن ئۆزىنىڭ جەسىدىنى بايقىغاندا ئۆلگىنىگە ئاللىقاچان ئىككى سوتكا بولغان بولۇپ، ئايالى تۆت كۈن بۇرۇن تۇغۇتلۇق سىڭلىسىغا قاراش ئۈچۈن ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكەن، ئۇ ئۆيدە يالغۇز قالغان. ئۆلگەنلىكى بايقالغان كۈنى دادىسى بىر نەچچە قېتىم ئۆيگە كېلىپ ئىشىكنى ئۇرسا ئېچىلمىغان. ئىشىك ئىچىدىن ئېتىپ قويۇلغان بولغاچقا دادىسى ئەنسىرەپ 2-قەۋەتنىڭ بالكۇنىدىن كىرىپ قاراپ ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ ياتقانلىقىنى كۆرگەن. ئائىلە ئەزالىرى ئۇنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈلدى دەپ گۇمان قىلغان. بىراق ساقچىلار ناھايىتى تېزلا ئۆزىنىڭ قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئۇنى بىنورمال جىنسىي قىلىق سەۋەبىدىن ئۆلگەن دەپ خۇلاسە چىقارغان.

دوڭxxنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان نەرسە قىزىل يىپەك تاسما بىلەن زەنجىر بولۇپ، ئۆزىنى بىر قۇر باغلاپ بولغاندىن كېيىن دوڭ xx قەددىنى رۇسلىسىلا زەنجىر ئۇنى شىللىسىدىن تۆۋەنگە باسىدۇ، يىپەك تاسما بولسا گېلىدىن كەينىگە تارتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ گېلىدىن سىقىلىشقا باشلايدۇ، بەدىنىنى قانچىلىق رۇسلىسا زەنجىر بىلەن يىپەك تاسما تارتىلىپ ئۆزىنىڭ گېلى شۇنچىلىك سىقىلىدۇ. ئۆزىنىڭ ئوڭ ۋە سول گۆرەنىدىكى ئاداشقان نېرۋا بېسىلىپ خۇدىنى يوقۇتۇپ، خىرە ۋە سۇس تۇيغۇلار پەيدا بولىدۇ، داۋاملاشقانسېرى مەلۇم خىيالى تۇيغۇلار پەيدا بولىدۇ. ئۆزىنى خۇددى دايىم سېغىنىدىغان يات جىنسلىق بىلەن ياكى تەسەۋۋۇردىكى ئايال بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ، ئىنتايىن ھوزۇرلۇنۇپ، ئاخىردا جىنسىي قايىم بولۇش كۆرۈلىدۇ. لېكىن بۇ خىل قىلىق ناھايىتى خەتەرلىك بولۇپ، بىمار خىيالىي تۇيغۇلارغا ئەسىر بولۇپ خۇدىنى يوقاتقان بولغاچقا گېلىدىن سىقىلىۋاتقاندا ئۆزىنى كونترول قىلالماي بوغۇلۇپ ئۆلۈشى مۇمكىن.

بوغۇلۇش تۇسىنى ئالغان ئۆزىنى خارلاش سەۋدالىقى تەنھا ۋە خۇپىيانە ئېلىپ بېرىلغاچقا، جەمىيەتكە ئانچە ئاشكارە بولمايدۇ،

بەزىلىرى پەقەت ئۆلۈم ھادىسى كۆرۈلگەندىن كېيىنلا ئاندىن ئاشكارىلىنىدۇ.

**2. مارىلاش سەۋدالىغى**

مارىلاش قىزىقىشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، يات جىنسلىقلارغا بولغان قىزىقىش ھەممە ئادەمدە دېگۈدەك مەۋجۇت. ئەرلەر گۈزەل ئاياللارنى كۆرسە، ئاياللار قاملاشقان ئەرلەرنى كۆرسە ئىختىيارسىز ھالدا ئۇلارغا قاراپ ھۇزۇرلىنىدۇ. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن خىلمۇ - خىل ئويۇن قويۇش پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتا ئادەملەرنىڭ چىرايلىقلىرى تاللىنىدۇ ۋە چولپان دەپ ئاتىلىپ كىشىلەر ئۇلارنىڭ رەسىملىرىنى تاملىرىغا چاپلىۋېلىپ دايىم قاراپ ھۇزۇرلىنىدۇ. كىشىلەرگە ئورتاق بولغان، بۇ خىل ئادەت ھەرگىزمۇ بىنورماللىق ھېسابلانمايدۇ. بىراق كىشىلەردىكى بۇ خىل كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىش خاھىشى دەل بىز تىلغا ئالماقچى بولغان مارىلاش سەۋدالىقىنىڭ ئاساسى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ جىنسىي ئېڭى تەرەققىي قىلىش جەريانىدا نورمال يولدىن چىقىپ پەقەت مۇشۇ خاھىشنى يۈنىلىش قىلىپ تۇرۇپ تاق قۇتۇپقا قاراپ ئىلگىرىلىسە مارىلاش سەۋدالىقى كېلىپ چىقىدۇ.

مارىلاش سەۋدالىقى (Scopophilia, Visionism, Voyeurism) جىنسىي ھەرىكەتتە پەقەت كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىشنىلا مەقسەت قىلغان بىر خىل جىنسىي بىنورماللىق بولۇپ، كۆپىنچە مارىلىغۇچىنىڭ ئېرىشمەكچى بولغىنى ھەرگىزمۇ جىنسىي ئالاقە ئەمەس. ئەكسىچە ئۆزى يوشۇرۇن كۆرمەكچى بولۇپ كېچە - كۈندۈز تەلۋىلەرچە ئىنتىلىپ يۈرگەن يات جىنسلىقلارنىڭ تېنى ئۇنىڭ ئالدىدا قىپ - يالىڭاچ ھازىر بولسا ئۇنىڭ ھېسسىياتى قوزغالماستىن جىنسىي ئاجىزلىقنى ئىپادىلەپ قويۇشى مۇمكىن. بىۋاستە جىنسىي ئالاقە ھەتتا بەزىلەرنىڭ جىنسىي ھەۋىسىنى قوزغىيالمايدۇ، پەقەت ئوغرىلۇقچە كۆرۈش بۇنداقلارنىڭ جىنسىي ھەۋىسىنى قوزغۇتۇپ يۇقۇرى پەللىگە يەتكۈزەلەيدۇ.

يات جىنسلىقلارنىڭ تېنىگە قىزىقىشنىڭ بىنورماللىق

دەرىجىسى ھەققىدە ئالىملارنىڭ قارىشلىرى بىر ـ بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە ئوغۇرلۇقچە مارىلاش پەقەت جىنسىي ھەۋەسنى قاندۇرۇشنىڭ بىردىن بىر ۋاستىسى بولۇپ قالمىسىلا بىنورماللىق ھېسابلانمايدۇ. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە ئوغۇرلۇقچە كۆرۈش پەقەت جىنسىي ئەزا ۋە باشقىلارنىڭ جىنسىي ئالاقە پائالىيىتىگىلا قارىتىلىپ قالمىغان بولسا بىنورمال بولمايدۇ. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە بولسا ھەر قانداق مارىلاپ كۆرۈش خۇمارىنىڭ ھەممىسى جىنسىي بىنورماللىقتىن ئىبارەت.

مېنىڭچە مارىلىشنىڭ بىنورماللىق دەرىجىسىنى بېكىتىشتە يەنىلا سوبېكتىنىڭ جىنسىي ھەرىكىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئاساسلىنىش لازىم. بەزىلەرنىڭ پۈتكۈل جىنسىي لەززەت ئېلىش جەريانى مارىلاپ كۆرۈشلا بولۇشى مۇمكىن، بۇ ئېغىر دەرىجىدىكى جىنسىي بىنورماللىق بولىدۇ، بەزىلەرنىڭ جىنسىي لەززەتلىنىش پائالىيىتىدە ھەم جىنسىي ئالاقىمۇ ھەم مارىلاشمۇ بولۇشى مۇمكىن. بۇنداقلارنىڭ جىنسىي ئالاقىسى پسىخىك توسالغۇدىن خالىي بولسا يەنى يات جىنسلىقلار بىلەن نورمال جىنسىي ئالاقە قىلالىسا ئۇلاردىكى مارىلاش خاھىشىنى بىنورمال دېگىلى بولمايدۇ. بىراق مارىلاش خۇمارى پەقەتلا جىنسىي رايونلارغا قارىتىلغانلارنىڭ جىنسىي ئالاقە مەلۇم پسىخىك توسالغۇلارغا ئۇچرىشى مۇمكىن، يەنى ئۇلار كۆرۈش ئۇرۇنۇشىنى قاندۇرمىسا جىنسىي ئالاقىنى مۇكەممەل ئېلىپ بارالمايدۇ. جىنسىي ئوبېكتىنىڭ جىنسىي ئەزاسىنى بىۋاستە كۆرمىسە جىنسىي ھەۋەسىنى قوزغالمايدىغانلارنىمۇ بىنورمال ھېسابلاش كېرەك.

ئۈزەلمەيمەن كۆزۈمنى،
نە خىسلەت بار بويۇڭدا؟

خۇددى بۇ قوشاقتا ئېيتىلغاندەك ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىدىن كۆزنى ئۈزەلمەسلىك، ئۇنىڭ تېنىدىكى ئادەم مەھلىيا قىلىدىغان شەكىللەردىن ھوزۇرلىنىش نورمال ئەھۋال، ئەگەر

بىزنىڭ قىزىقىشىمىز يات جىنسلىقلارنىڭ مەلۇم كىيىملەر بىلەن ياسانغان ھالىتىگە ياكى ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە قارىتىلغان بولسا ئۇ چاغدا بۇ نورمال بولىدۇ. نۇرغۇنلىغان كىشىلەر مەشھۇر ماي بوياق رەسىملەردىكى يالىڭاچ بەدەنلەرنى كۆرسە، بەزى فىلىملەردىكى غىل - پال يالىڭاچ تەنلەرنى كۆرسە ئۇنىڭدىن بىرخىل سەنئەت ھوزۇرى ئالىدۇ، ھەرگىزمۇ كۆرۈپلا شەھۋانىي ھەۋەسى قۇتراپ كەتمەيدۇ. پەقەت بۇلارنى كۆرسە ئۆزىنى باسالماي قالىدىغان ئادەملەر بىنورمال ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار كۆرگەنسېرى كۆرگۈسى كېلىدۇ. پەقەت نومۇسسىزلارچە ھالدا ئوغۇرلۇقچە كۆرىدۇ، لېكىن كىشىلەر ئالدىدا بولسا ئۇنداق رەسىملەر ۋە كۆرۈنۈشلەردىن بىزار بولغان قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ ياكى ۋايسايدۇ. ئەمەلىيەتتە روھىي دۇنياسى كېسەل بىلەن تولغان بۇنداق مەخلۇقلار ئۇنىڭ روھىدىكى كېسەلنى يوشۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىياپەتكە كىرىۋالىدۇ.

فرېئودنىڭ قارىشىچە كۆرۈش ھەۋىسى تۆۋەندىكىدەك ئەھۋال بولسا جىنسىي بىنورماللىققا ياتىدۇ: كۆرۈش پۈتۈنلەي جىنسىي ئەزا بىلەنلا چەكلەنسە؛ كۆرۈش ھەۋىسى نورمال ئادەمدە بولىدىغان سەسكىنىش تۇيغۇسىنى بېسىپ چۈشسە، مەسىلەن، باشقىلارنىڭ چوڭ - كىچىك تاھارەت قىلغىنىنى كۆرۈشتىنمۇ سەسكەنسە كۆرۈش ۋە كۆرۈپ لەززەتلىنىش ئەگەر نورمال جىنسىي مەقسەتنى قوزغاتماي ئەكسىچە بۇ خىل مەقسەت پەقەت كۆرۈش مەقسىدى تەرىپىدىن بېسىپ كېتىلسە بىنورمال بولىدۇ.[1]

بىراق ھەممىدىن قىزىق يېرى شۇكى مارىلاش سەۋدالىقىغا گىرىپتار بولغۇچىلار باشقىلارنىڭ جىنسىي ئەزاسىنى ھەم باشقىلارنىڭ چوڭ - كىچىك تاھارىتىنى كۆرگەندە زادىلا نومۇس ۋە سەسكىنىش تۇيغۇسى پەيدا بولمىغىنى بىلەن، تۇرمۇشتا

---

[1] سىگمۇند فرېئۇد: «مۇھەببەت پسىخولوگىيىسى»، يازغۇچىلار نەشرىياتىنىڭ 8891 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 63ـ بەتكە قارالسۇن.

ئىنتايىن خىجىلچان، كەمسۆز ۋە يۇۋاش قىياپەتنى ئىپادىلەيدۇ. ئاياللار بىلەن يېقىنلىشالمايدۇ ھەتتا ئۆزىگە يېقىنلاشقان ئاياللاردىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچىدۇ، بىراق مارىلاشتا بولسا ھەۋىسى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، باشقىلارنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقۇش، ئەخلاقىي جەھەتتىن ئېيىپلىنىشلارنىڭ ھەممىسى كار قىلمايدۇ، بۇ خىل ھەۋەس ئالدىدا ئۇ زادىلا ئۆزىنى كونترول قىلالمايدۇ. ئۇلارنىڭ مارىلاپ كۆرۈش ھەۋىسى ئاياللار بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىش ھەۋىسىدىن كۈچلۈك بولۇدۇ.

مارىلاش سەۋداسىغا گىرىپتار بولغۇچىلار دائىم مارىلاشنىڭ ھەر خىل ئاماللىرىنى ئىزدەپ تاپىدۇ. خالانىڭ تېمىدىن ئاياللار خالاسى تەرەپكە قارىتىپ تۆشۈك ئېچىش، كەچتە بىنالارنى ۋە ئۆيلەرنى ئارىلاپ يامىشىپ چىقىپ دېرىزىلەردىن مارىلاش، مۇنچىلارنىڭ كۆزنەكلىرىدىن مارىلاش، خالانىڭ ئاستىدىن ئەينەك قويۇپ ئەينەك ئارقىلىق كۆرۈش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۇلار دائىم قوللىنىدىغان ۋاستىلىرىدىن ئىبارەت. ئۇلار ئوغۇرلۇقچە كۆرۈش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ھەر قانداق ۋاستىنى قوللىنىشتىن باش تارتمايدۇ. ھەر قانداق خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىدۇ، كۆرۈپ مۇرادىغا يەتمىگۈچە ھېچنەرسە كۆزىگە كۆرۈنمەيدۇ. باشقىلارنىڭ سېزىپ قېلىشى، تۇتۇۋېلىپ ئۇرۇشى، قانۇن ۋە ئەخلاق تەرىپىدىن جازالىنىش قاتارلىق ۋەھىمىلەر دائىم ئۇلارنى چۈلغىۋالىدۇ. بىراق بۇ خىل ۋەھىمىلەر ئەكسىچە ئۇلارنىڭ يۈرەك سوقۇشىنى تېزلىتىپ ئۇلارنىڭ كۆرۈش ھاياجىنى بىلەن بىرلىشىپ ئۇلارنى تېخىمۇ ھاياجانلاندۇرىدۇ. ھەتتا بەزى بىمارلارنىڭ مارىلاپ كۆرۈشتىكى ئاساسىي مەقسىدى ئاشۇ جىددىيچىلىك بولۇپ، جىددىيچىلىك بولمىسا خۇماردىن چىقمايدۇ. ئۇلار قورقۇنچ ۋە ۋەھىمە ئېلىپ كەلگەن تۇيغۇدىنمۇ جىنسىي لەززەت ئالۇدۇ. بۇنداق بىمار ئەگەر بىرەر ئايالنى يالىڭاچ ھالەتتە بىۋاستە ئايالنىڭ رازىلىقى بىلەن كۆرسە ئۇنى كۆرۈشتىن ئانچە لەززەتلەنمەسلىكى مۇمكىن.

ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئاياللارنىڭ كىيىمى بارغانسېرى نېپىزلىشىپ ۋە ئازىيىپ بارماقتا. ئاياللارنىڭ تېنىنىڭ كۆپرەك قىسمىنى ئېچىپ قويۇش يۈزلىنىشى باشقىلارنىڭ ھەۋىسىنى قوزغاش ئۈچۈندۇر. بىراق نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قارىشىچە بۇخىل ئېچىۋېتىش يۈزلىنىشى ئەكسىچە ئەرلەردىكى جىنسىي قىزىقىشنى سۇسلاشتۇرۇپ بارماقتا. چۈنكى ئاياللارنىڭ تېنى قانچىلىك خۇپىيانە بولسا ئۇنىڭ سېھرى شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. ئەگەر ھەممە ئادەم قىپ ـ يالىڭاچ يۈرسە كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان جىنسىي قىزىقىشى تېخىمۇ سۇسلىشىپ يوقۇلۇشى مۇمكىن. ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مەپتۇنلۇق تۇيغۇسى پەقەت پەردە ئارقىسىدىكى نەرسىگە قىزىقىش بىلەندۇر. ھايۋانلارنىڭ يىلدا بىر كۈيلەش مەزگىلى بولىدۇ. ئادەملەر بولسا بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن ھەر كۈنى دېگۈدەك جىنسىي ئالاقە قىلىپ تۇرىدۇ. ئادەملەرمۇ نېمە ئۈچۈن ھايۋانلاردەك يىلدا بىر كۈيلەش مەزگىلىدىلا جىنسىي ئالاقە قىلىپ باشقا چاغدا خاتىرجەم يۈرمەيدۇ؟ بۇنىڭدىكى سىر شۇ يەردىكى، ئادەم كىيىم بىلەن تېنىنى يوشۇرۇپ بىر ـ بىرىدىن پىنھان تۇتىدۇ. مانا مۇشۇ خىل يوشۇرۇش بولمىغان بولسا ئادەم ئۈچۈنمۇ جىنسىيەتنىڭ قىزىقى قالماي خۇددى باشقا ھايۋانلارغا ئوخشاش يىلدا بىر قېتىم كۈيلىگەن مەزگىلدىلا جىنسىي ئالاقە قىلار بولغىيدى.

سانسىز ئەسىرلەردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۇ خىل يوشۇرۇش جىنسىيەتنى سىرلىقلاشتۇرۇپ، ئۇنى چەكسىز مەپتۇن قىلىش كۈچىگە ئىگە قىلغان. مانا بۇ خىل مەپتۇن قىلىش كۈچى دەل كىشىلەرنىڭ كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى خۇپىيانىلىقنى خالاش خاھىشىدۇر. مانا بۇ خىل خۇپىيانە بولۇش خاھىشى بەزىلەردىكى يالىڭاچ ئايالغا بېۋاستە يۈزلىنەلمەسلىك ۋە جىنسىي ئاجىزلىق كۆرۈلۈشىدىكى سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

بالدۇر ئېھتىلام بولۇپ كېتىش ياكى ھېسسىياتىنى

يىغالماسلىق ھەممىسى ئادەملەردىكى كۆرۈش خاھىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. خۇپپىيانلىق خاھىشى يوشۇرۇن ئاڭدا قانچە ئېغىر بولسا كۆرۈشنى، مارىلاشنى شۇنچە ئارزۇ قىلىدۇ، بىراق جىنسىيەت بىلەن بىۋاستە ئۇچراشقاندا بولسا خۇپپىيانلىق خاھىشى تۈپەيلىدىن جىنسىي ئاجىزلىق ئەھۋالىغا دۈچ كېلىدۇ ياكى كۆرۈش تەشنالىقى تۇيۇقسىز قېنىپ خۇپپىيانلىق خاھىشى قانمىغانلىقى ئۈچۈن بالدۇر ئېھتىلام بولۇپ قايتا قوزغالمايدۇ.

مارىلاش سەۋدالىقىغا گىرىپتار بولغۇچىلار مارىلاش جەريانىدا يەنە ئانانىزم قىلىدۇ، بەزىلەر بولسا كۆرۈش ئارقىلىقلا جىنسىي قايىم بولۇشقا ئېرىشىشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ كۆپۈنچىسى مۇھەببەت ۋە نىكاھ تۇرمۇشىدا ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغان بولۇپ، جىنسىي ئاجىزلىق ۋە جىنسىي تۇرمۇشنىڭ كۆڭۈللۈك بولماسلىقى تەبىئى. ئۇلارنى خۇپپىيانلىق بولمىغان كۆرۈش زادىلا رازى قىلالمايدۇ. مەسىلەن: بىخەتەر شارائىتتا ئۆز ئايالىنىڭ تېنىنى كۆرۈش، جىنسىي ئەزاسىنى كۆرۈش، سېرىق شەھۋانىي فىلىملەرنى كۆرۈشلەرنىڭ ھېچقايسىسى مارىلاش سەۋدالىقىغا گىرىپتار بولغۇچىنىڭ ھەۋىسىنى قاندۇرالمايدۇ. ئۇلار پەقەت خۇپپىيانلىق ۋە چەكلىنىش تۇيغۇسى ئىچىدە، بايقىلىپ قېلىش ۋە ئەيىپلىنىش تەھدىدى ئىچىدە كۆرسىلا ئاندىن تولۇق قېنىشقا ئېرىشىدۇ.

مارىلاش سەۋدالىقىنى شەكىللەندۈرگەن پسىخىك سەۋەبلەر ھەرخىل ۋە مۇرەككەپ بولۇپ، بىمارلارنىڭ ئەھۋالى بىر - بىرىگە ئوخشاپ كەتمەيدۇ، بىراق ئومۇمىي جەھەتتىن مۇنداق بىر نەچچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن: بالىلىق مەزگىلىدىكى كەچۈرمىشلەر، مەسىلەن، باشقىلارنىڭ ئاغزىدىن جىنسىيەت ھەققىدىكى سىرلىق ۋە ئاجايىپ غارايىپ گەپلەرنى ئاڭلاپ تېگىگە يېتەلمەي ئەمەلىيەتتە كۆرۈپ بېقىشقا قىزىقىپ قىلىش. بالىلىق مەزگىلىدە چوڭلارنىڭ يالىڭاچ تېنىنى، جىنسىي ھەرىكىتىنى ياكى چوڭ كىچىك تەرەپ قىلغاندا جىنسىي

ئەزاسىنى كۆرۈپ قىلىش، جىنسىي ھېسسىياتى بېسىمغا ئۇچراپ، ئۇزاق مەزگىل جىنسىي ئاچارچىلىق تۈپەيلىدىن شەكلى ئۆزگەرگەن ئۇسۇلغا مۇراجەت قىلىش. بەزىلەرنىڭ قارىشىچە ئەقلى كەمتۈكلۈك، جىنسىي ۋەھىمە، جىنسىي ئاجىزلىق، بالىدۇر ئېھتىلام بولۇش قاتارلىقلارمۇ بەزى مارىلغۇچىلارنىڭ پسىخىك بىنورماللىقىنىڭ سەۋەبى ئىكەن. مېنىڭچە بۇ خىل قاراش ئانچە توغرا ئەمەس، چۈنكى جىنسىي ئاجىزلىق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مەلۇم پسىخىك نورمالسىزلىقتىن كېلىپ چىققان بولۇدۇ. (ئەگەر ئۇ مەزى بېزى ياللۇغى قاتارلىق فىزىئولوگىيىلىك ئالامەتلەردىن بولمىغان بولسا) مارىلاش سەۋدالىقى بولسا بىر خىل پسىخىك بىنورماللىق بولۇپ، بۇ خىل نورمالسىزلىق جىنسىي ئاجىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. شۇڭا مارىلاش سەۋدالىقى بىلەن جىنسىي ئاجىزلىق تەڭ كۆرۈلگەن بىمارلاردا ئەلۋەتتە ئالدىنقىسى سەۋەب كېيىنكىسى نەتىجە بولۇدۇ. ئۇلارنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ.

مىسال ي xx، 1966 ـ يىل 3ـ ئاينىڭ 4ـ كۈنى تۇغۇلغان. ئۇيغۇر، مەلۇم گېزىت تەھرىر بۆلمىدە ئىشلەيدۇ. توي قىلىپ پەرزەنتلىك بولغان. بۇندىن ئون يىللار ئىلگىرى ئايالى ز xx ئېغىر ئاياق بولۇپ قالغاندا تۇيۇقسىز باشقىلارنىڭ جىنسىي ھەرىكىتىنى كۆرۈش ھېسسىياتى قوزغاپ كەتكەن، شۇندىن كېيىن كېچىلىرى مارىلاپ كۆرۈشكە خۇمار بولۇپ قالغان. كېچىلىرى كوچىمۇ ـ كوچا ئارىلاپ ئۆزىنى كونترول قىلالمىغان ھالدا باشقىلارنىڭ دېرىزىلىرىگە يامىشىپ چىقىپ مارىلىغان. ئۇزاققا سوزۇلغان مارىلاش جەريانىدا ئۇ باشقىلارنىڭ يالىڭاچ تېنىنى مارىلاشنىڭ ھەرخىل ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلغان. مەسىلەن، بىنالارنىڭ ئۇستۈنكى قەۋەتلىرىگە چىقىپ قارشى تەرەپتىكى بىنالاردىكى ئۆيلەرنىڭ دېرىزىلىرىنى دۇربۇن بىلەن كۆزىتىپ قاراش. مۇنچىخانىلارغا كىرىپ ئاياللار يۇيۇنۇش ئۆيى بىلەن ئەرلەر يۇيۇنۇش ئۆيى ئايرىلىپ تۇرغان تامنىڭ ئاستىدىكى

يۇندا ئاقىدىغان تۆشۈككە دۈم يېتىپ، بىر قولى بىلەن ئەينەكنى تامنىڭ ئۇ تەرىپىگە تۆشۈكتىن كىرگۈزۈپ ئۇ ئۆيدە يۇيۇنۇۋاتقان ئاياللارنىڭ بەدىنىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ كۆرۈش قاتارلىقلار. تامنىڭ ئاستىدىكى تۆشۈك بەك تۆۋەن بولغاچقا ئۇ دەسلەپ پەقەت يۇيۇنۇۋاتقان ئاياللارنىڭ پۇتلىرىنىلا كۆرەلىگەن. كېيىن بۇ تۆشۈكتىن ئەينەكنى سولاپ تۇرۇپ قاراش ئۇسۇلىنى ئويلاپ تاپقان. خۇددى م.د.روس ئېيتقاندەك: «ئۇ ئىگىلمەس سۇنماس ئۈمىدۋار بولۇپ، خۇددى سۇ بويىدا بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن قارماق تاشلاپ تۇرغان ئادەمدەك مەغلۇبىيەتتىن قورقماي ھامان يەنە بىر قېتىمدا تەلىيى كېلىدىغانلىقىغا ئۈمىد باغلاپ كۈتىدۇ. ناھايىتى سەۋرى تاقەت بىلەن نەچچە سائەتلەپ كۈتىدۇ. بىر ئايالنىڭ يېتىشتىن بۇرۇن ئۆيدىكى ئۇششاق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئورۇنلاپ بولۇشىنى ساقلاپ تۇرىدۇ. بىراق ئايال كىيىمنى سالماي تۇرۇپلا چىراقنى ئۆچۈرۈۋەتسە بۇ ئۈمىتسىزلىككە قارشى، يەنە ئۈمىد بىلەن باشقا بىر دېرىزىدىن يەنە بىر ئايالنىڭ كىيىمنى سېلىشىنى كۈتۈپ قارايدۇ.»[1] مۇنچىدا ئۇ ئەينەكتە ئەكس ئەتتۈرۈپ كۆرەلەيدىغان جايلاردا ئاياللار پەيدا بولمىسا ئۇ ئاشۇ جايغا ئاياللاردىن بىرى يۇيۇنغىلى كىرگىچە ساقلىغان. بىر كۆرمىگىچە بولدى قىلمىغان. بېخىل مۇنچا خادىمى ئۇ مۇنچىغا كىرىۋېلىپ بىر نەچچە سائەتكىچە چىقمىسا ئۇنى سۇنى ئىسراپ قىلدى دەپ خاپا بولۇپ، بۇندىن كېيىن باشقا يەردىكى مۇنچىغا كىر دېگەن. ئۇ يىرگىنچلىق كۆك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ يەنە كېلىشكە مەجبۇر بولغان بەزىدە پايلاپ تۇرۇپ مۇنچىغا باشقا ئادەم قارىغان پۇرسەتتە كىرىشكە مەجبۇر بولغان. بىراق ئۇنىڭ ھاياجانلىق بۇ ئەسەبىيلەرچە كەچۈرمىشلىرى ئانچە ئۇزۇنغا بارمىغان. 1997-يىلى ئۇ مۇنچىدا مارىلاۋاتقاندا تۇتۇلۇپ قېلىپ ساقچىخانىغا

[1] م.د.روس: «ئىنسانىيەتنىڭ جىنسىيەت پسىخىكىسى» نۇر گېزىتى نەشرىياتى 1989-يىل خەنزۇچە نەشرى 311-بەت.

ئېلىپ بېرىلغان. ئىدارىسىدا تەنقىدلەنگەن.

يېقىنقى يىللاردا ئۈنىڭدا جىنسىي ئاجىزلىق كۆرۈلۈپ دوختۇرخانىغا كۆرۈنگەن. دوختۇرخانىغا كېلىشتىن ئاۋال دورىخانىمۇ دورىخانا قاتراپ يۈرۈپ ئاتالمىش جىنسىي ھەۋەسنى كۈچەيتىدىغان دورىلارنى ئىزدەپ يۈرگەن. جىنسىي ئىقتىدارى تېخىمۇ ئاجىزلاپ كەتسە بۇنى دورىلارنىڭ ئەكس تەسىرىدىن كۆرۈپ يۈرگەن. دوختۇرلار ئۈنىڭدىكى جىنسىي ئاجىزلىقنىڭ پسىخىك بىنورماللىقتىن بولغانلىقىنى ئېيتقاندىلا پسىخىك داۋالىنىشقا مەجبۇر بولغان. مەن ئۈنىڭ بۇغدا دوختۇرخانىسىغا يازغان خېتى ۋە ئۆزۈم ئىگىلىگەن بەزى ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئۇنى مۇنداق تەھلىل قىلدىم:

تەھلىل: بىمار مارىلاش سەۋدالىقىغا ئوغۇرلۇق سەۋدالىقى، ئانانىزم قاتارلىقلارنى قوشۇمچە قىلغان ئۈنىۋېرسال خاراكتېرلىك كېسەل بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ جىنسىي بۇرمۇلۇنۇش سەۋەبىنى ئايالى ئېغىر ئاياق بولۇپ قالغان چاغدىكى جىنسىي ئېچىرقاشتىن كۆرگەن. بىراق دوختۇر تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۈنىڭدىكى بۇ بىنورماللىقنىڭ ئۇ بالىلىق چۈغلىرىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھىت بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ئۇ ئۆزىنىڭ بالىلىق مەزگىلىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:«مەن توپ ـ توپ قۇشقاچلار پۇرۇلداپ ئۇچۇشۇپ تۇرۇدىغان، ئاسمىنى كەڭ قەدىمىي سەھرادا تۇغۇلغان. بېخىل قوشنىلارنىڭ بېغىدىن ئالما ـ ئۆرۈك ۋە ئەترەتنىڭ قوغۇنلۇقىدىن سويما ئوغۇرلاپ، كۈندۈزلىرى بولسا قاتار ئۈچقان تۇرنىلارنىڭ پەرۋازىغا زوقلىنىپ قاراپ، كېچىلىرى يىڭىدىن توي قىلغان قىز ـ يىگىتلەرنىڭ ھۇجرىسىنى قىزىقسىنىپ ماراپ، خامان ساقلاپ ياتقاندا، ئۆمۈر بويى يالاڭ ئاياق يەر دەسسەپ تاپىنى يېرىلىپ كەتكەن ئۇزۇن ساقال بوۋايلارنىڭ چۆچەكلىرىنى ئاڭلاپ، قېلىن يەرلىرىگە كەلگەندە پىخىلداپ كۈلۈپ چوڭ بولغان.»

پسىخىك ئانالىزچىلارنىڭ قارىشىچە بالىلىق دەۋرلەردە 3 ياشتىن 5 ياشقىچە چاغلاردىن باشلاپ ئادەم جىنسىيەت ھەققىدە بەزى نەرسىلەرنى بىلىشنى خالايدۇ. بالىلار دەسلەپ ئەتراپتىكى نەرسىلەرنى كۆزۈتۈپ ئۆزىنىڭ ياشاش شارائىتىدىن بىخەتەرلىك تۇيغۇ ئىزدەپ تاپقاندىن كېيىنلا ئۇنىڭ كۈزۈتۈش نۇقتىسى ئۆز تېنىگە كۆچىدۇ. ئۇلار ئۆز تېنىدىكى ئەزالارغا قىزىقىسىنىپ قارايدۇ ئاندىن ئۆز تېنى بىلەن باشقىلارنىڭ تېنى ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى بىلىشكە تىرىشىدۇ. مانا مۇشۇنداق بىر قىزىقىسىنىش پەيتىدە بالىلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە قاتتىق دىققەت قىلىش لازىم. ئېھتىياتسىزلىقتىن بەزى جىنسىي قىلىقلار ئۇلارغا ئاشكارىلىنىپ قالسا بۇ ئۇلارنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا ساقلىنىپ، ئەڭ دەسلەپكى جىنسىي ھاياجان پەيدا قىلغان كارتىنا ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلگەندىن كېيىنكى جىنسىي ھەرىكەت ئۇسۇلى ۋە ئادىتىگە ئاڭسىز ھالدا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ماربىلاش سەۋدالىقىغا گىرىپتار بولغۇچىلار ئاڭسىز ھالدا ئەڭ دەسلەپكى جىنسىي تەجرىبىسىنى جىنسىي تۇيغۇسىغا ئەندىزە قىلىۋالىدۇ ھەم ئۆزىدە تونجى سىرلىق ھاياجان پەيدا قىلغان ئاشۇ تۇيغۇ ۋە تەجرىبىدىن قۇتۇلمايدۇ چۈنكى بۇ بالىلاردا ئاڭنىڭ شەكىللىنىش جەريانى بولۇپ، ئادەمدىكى پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ۋە ھېس - تۇيغۇ ئالاھىدىلىكى دەسلەپكى تەجرىبىلەردىن قېلىپ-ئەندىزە ئېلىپ شەكىللىنىدۇ. يۇقۇرىقى بايانلاردىن بىلەلەيمىزكى بىمارنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مۇھىتى ئەسلىدىنلا ياخشى ئەمەس. ئۇ بالىلىق چاغلىرىدىلا ئوغۇرلۇقنى بىرخىل كۆڭۈل ئېچىش ئۇسۇلى قىلىۋالغان. باشقىلارنىڭ باغلىرىغا ئوغۇرلۇققا كىرگەنلىكىدىن ئۇ ھېلىمۇ پەخىرلىنىدىكەن. ئىنسانىيەتنىڭ ئەخلاق ئۆلچىمىدە تېخى ھازىرغىچە ئوغۇرلۇق ئاقلانغىنى يوق، بىراق ئۇ مەخلۇق 70- يىللارنىڭ ئاخىرىدا، 80- يىللارنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرىغا چىققان ھىندىستاننىڭ «سەرگەردان» ناملىق فىلىمىنى كۆرۈپ بۇ فىلىمنى ئوغۇرلۇق مەدھىيىلەنگەن فىلىم دەپ خاتا

چۈشۈنۈۋالغان. شۇندىن باشلاپ ئۇ ئوغۇرلۇقا خۇمار بولۇپ قالغان. ئوغۇرلۇق جەريانىدا قاتتىق جىددىيلىشىش تۇيغۇسى جىنسىي ھاياجانلىنىشنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچلىرىدىكى تۇيغۇلارغا ئوخشاپ كەتكەچكە ئۇ ئوغۇلۇقتىن پەيدا بولۇدىغان ئاشۇ تۇيغۇغا مەپتۇن بولۇپ قالغان. جىددىيلىشىش ۋە قورقۇنۇچ تۇيغۇسى ئۇنى كۈچلۈك جىنسىي قېنىشقا ئىگە قىلغان. قاتتىق قورقۇنۇچ دەستىدىن پۈتۈن بەدىنى جالاقلاپ تىترەپ كەتسە ئۇ ھاياجاندىن خۇدىنى يوقاتقۇدەك بولغان، بۇ خىل تۇيغۇنىڭ ۋەسۋەسى ئۇنى دايىم ئاشۇ ئىشنى تەكرارلاشقا ئۈندىگەن. ئۇ ۋۇجۇدىدا پەيدا بولغان قورقۇنچ تۇيغۇسىدىن ـ يۈرىكىنىڭ قاتتىق سېلىپ، ئۆگە ئۈگىلىرىنىڭ ئۈيۈشۈپ كېتىشلىرىدىن نېمىشقا شۇنچە ھوزۇرلۇنۇدۇ؟ چۈنكى بۇ جىنسىي جەھەتتە قاتتىق ئېچىرقىغان ئادەمنىڭ باشقىلارنىڭ يالىڭاچ تېنىنى كۆرۈپ جىددىيلەشكەن چېغىدىكى تۇيغۇغا ئوخشاپ كېتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن ئەڭ دەسلەپ يېڭى توي قىلغان يىگىت ـ قىزلارنى مارىلىغاندا بىر باغقا ئوغۇلۇقا كىرىپ تۇيۇقسىز ئۇلارنىڭ جىنسىي ھەرىكىتىنى مارىلاپ كۆرۈپ قالغان، شۇڭا ئۇ يوشۇرۇن ئېڭىدا ئوغۇرلۇق بىلەن جىنسىي ھاياجاننى بىر ـ بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋالغان. شۇڭا ئۇنىڭدا ھەم ئوغۇرلۇق مەستانىلىقى ھەم مارىلاش سەۋدالىقى تەڭ كۆرۈلگەن.

خامانلىقلاردا پەس تەبىئەتلىك، مەدەنىيەتسىز ئادەملەرنىڭ شەھۋانىي چۆچەكلىرىنى ئاڭلاپ ئۇ قاتتىق ھوزۇرلانغان. ئۇ «قېلىن» دەپ ئاتىغان بۇ رەزىل چۆچەكلەر ئۇنىڭ روھىغا كېسەل ئۇرۇقى چاچقان. بىز مەدەنىيەتتىن خالى چەت ياقا سەھرالاردا كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرى بىلەن سەت گەپلەرنى قىلىشىپ چاقچاقلىشىدىغانلىقىنى، توپلۇشۇۋېلىپ سەت يۇمۇرلارنى ئېيتىشىدىغانلىقىنى بىلىمىز. ھازىر ھەتتا بەزى چوڭ شەھەرلەردىمۇ ئۇيغۇرلار بىر جايغا كەلسىلا سەت يۇمۇرلارنى باشلىۋېتىدۇ. مانا بۇ خىل ناچار مۇھىت باللاردا جىنسىيەت

ھەققىدىكى سىرلىق چۈشەنچىلەرنى پەيدا قىلىدۇ. كىشىلەر ئاغزىدىن چۈشۈرمەي يۈرگەن ئاشۇ ئىشلارنىڭ زادى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلگۈسى كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مارىلاپ كۆرۈپ بېقىش ئىستىكى تۇغۇلىدۇ.

مەن بۇ خىلدىكى بىمارلار بىلەن ئۇچرۇشۇپ پاراڭلىشىش ئارقىلىق تۇرمۇش ئۆگۈنۈپ «چىنار» ناملىق بىر پوۋېست يازغانىدىم. پوۋېستتا مۇشۇ بىمارنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئاساس قىلىپ يازغان، بۇ بىمارنىڭ پسىخىكىسىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشۈنۈش ئۈچۈن ئاشۇ پوۋېستنى ئوقۇپ بېقىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلىمەن.

بەزى رايونلاردا بەزى كىشىلەر توپى ئارىسىدا ناچار ئىجتىمائىي ئادەتلەر تۈپەيلىدىن بالىلاردا بالدۇر يېتىلىپ قېلىش ۋە لۈكچەكلىك كۆپ كۆرۈلىدۇ. ھەتتا بەزى ئەخلاقسىز قىلمىشلار كوللېكتىپ ئادەتكە ئايلانغان بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇيغۇرلاردا بالىلاردا جىنسىيەتكە قىزىقىش ناھايىتى بالدۇرلا ئويغۇنىدۇ. كىچىك بالىلار توپلىشىپ ھايۋانلارنىڭ جىنسىي ئالاقە قىلغىنىنى كۆرىدۇ، ئىتلار كۇسۇككا كىرگەندە ھەتتا خېلىلا چوڭ بولۇپ قالغانلارمۇ ئىتلارنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ يۈرۈپ ئەركەك ئىت بىلەن چىشى ئىتنىڭ جۈپلەشكىنىنى تاماشا قىلىدۇ. يېڭى توي قىلغان قىز - يىگىتلەرنى توي كىچىسى دوستلىرىنىڭ مارىلىشى ئۇيغۇرلاردىكى ئومۇملاشقان بىر ئادەت. مانا بۇ خىل ياۋايىلارچە قىلىق بىلەن تولغان مۇھىتتا ئۆسۈپ يېتىلگەن بالىلار ناھايىتى كىچىك تۇرۇپلا كۆزى پىشىپ ھەممىنى بىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بۇ خىل ئادەت خاراكتېرلىق قىلىقلار بىر خىل مەدەنىيەتسىزلىك بولۇپ بىنورمال جىنسىي پسىخىكا پەيدا قىلىنىدۇ. بەزى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ھەتتا باشلانغۇچ مەكتەپلەردە نارسىدە بالىلارنىڭ بىرلىشىپ ئاياللار خالاسىنى مارىلايدىغان ۋەقەلىرى دايىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، بەزىدە ھەتتا ئېغىر ۋەقەمۇ يۈز بېرىدۇ. 1981- يىلى رايونىمىزدىكى مەلۇم ئوتتۇرا مەكتەپتە

خالادىن مارىلاپ بىر ئايال ئوقۇتقۇچىنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا ياغاچ سانجىۋېتىپ قېچىش ۋەقەسى يۈز بەرگەنىدى، ئايال ئوقۇتقۇچى ئېغىر يارىلانغان. ۋەقە سادىر قىلغۇچى بولسا 12 ياشتىكى بىر تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئىدى. مەن بەزىدە بىزنىڭ ئەخلاقىمىزدا دايىم كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە ئازاپلىق خىياللارغا پاتىمەن. ئۆزىنى زىيالى ھېساپلىۋالغان. ئىچى تېشى يالغانچىلىق ۋە كاززاپلىق بىلەن تولغان بەزى «زىيالىي»لار خەلقىمىزنىڭ ساغلام مىللىي ئەخلاق قارشى ئۇنداق ئىدى، مۇنداق ئىدى دەپ، ئۆزىنى پەرىشتە قىلىپ كۆرسۈتۈپ، خۇددى ئۇيغۇردىن ئىبارەت بۇ مىللەتتە ئەخلاقسىز قىلمىشلار زادىلا يوقتەك ۋالاقلاۋېرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇرلاردا ئىشەك بىلەن زىنا قىلىش، كوللېكتىپ مارىلاش، كوللېكتىپ ئانانىزم قىلىش قاتارلىق ئىپلاس قىلىقلار ناھايىتى ئومۇملاشقان، بۇنى بىز ھەممىمىز بىلىمىز، شۇنداق تۇرۇپ تىلغا ئالمىساقلا يوق بولۇپ قالامدۇ؟

ئۇيغۇرلاردا بۇزۇقچىلىق ۋە چۈشكۈنلۈكلەرنى ھېچكىم ئۆزىدىن كۆرمەيدۇ، ئۇنى قانداقتۇر تېلېۋىزورنىڭ ئومۇملىشىشىدىن، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ سىڭىپ كىرىشىدىن كۆرۈدۇ. ئۇنداقتا تېلېۋىزور يوق چاغدىچۇ؟ كىشىلەر يېڭى توي قىلغانلارنى مارىمامتى؟ ئىشەك بىلەن زىنا قىلمامتى؟ توپلۇشۇپ ئانانىزم قىلمامتى؟ مەشھۇر قازاق ئالىمى، ئېكسپېدىتسىيىچى چوقان ۋەلىخانوۋ بۇندىن 150 يىل ئىلگىرى قەشقەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇ «قەشقەرىيە» ناملىق كىتابىدا «قەشقەرنىڭ شەھەر ئاتراپلىرىدا نۇرغۇنلىغان پاھىشخانىلار بار ئىكەن، ئاياللار ئۇ يەردە ئىنتايىن ئىپلاس تېنىنى سېتىپ ياشايدىكەن» دەپ يازغان ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قوقانلىقلار ۋە ئۆزبېكلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنى «چۈشكۈن، بۇزۇق، دىنى ئېتىقادى سۇس» دەپ كۆرگە

ئىلمايدىغانلىقىنى بايان قىلغانىدى.[1]

30- يىللاردا ئەنگىلىيىنىڭ قەشقەردە تۇرۇشلۇق كونسۇلىنىڭ ئايالى كاتاردىن ماكارتىنى قەشقەردە كۆرگەن ئاڭلىغانلىرى ۋە كەچۈرمىشلىرى ئاساسىدا يازغان «قەشقەرنى ئەسلەيمەن» ناملىق كىتابىدا ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ جىنسىيەتتىكى قالايمىقانلىقىغا ھەيران قالغانلىقىنى يېزىپ مۇنداق دېگەن: «قەشقەردە ئەر ـ ئاياللارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك تاناسىل ئەزا كېسەللىكى بار ئىكەن. بوۋاقلارمۇ مۇشۇ قورقۇنچلۇق كېسەلنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇپ بۇ دۇنياغا تۇرۇلىدىكەن. نىكاھ ئىشلىرىدا چەكلىمە بولمىغانلىقىدىن (ئەسلىدە جىنسىي ئىشلاردا دەپ تەرجىمە قىلىنىشى كېرەك) بۇ خىل ئەھۋال كۆرۈلۈپ تۇرىدىكەن.»

ئەجىبا 150 يىل بۇرۇن، 70 يىل بۇرۇن ئۇيغۇرلاردىكى بۇزۇقچىلىقلارنىڭ يامراپ كېتىشىدە تېلېۋىزور سەۋەب بولغانمۇ؟ رېستوران سەۋەب بولغانمۇ؟

ئەلۋەتتە ئۆزىمىزنىڭ قانداق ناچار ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش بىزگە ئېغىر كېلىدۇ. يۈرىكىمىز چىدىمايدۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيادىكى ھەممە مىللەتتىن ئېسىل ۋە پاك بولۇشىنى ئارزۇ قىلىمىز ۋە ئارزۇيىمىز بويىچە شۇنداق دەپ ھەم ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ئالدايمىز. بىراق رەھىمسىز پاكىت يەنىلا پاكىت. بىز بۇ پاكىتنى ئېتىراپ قىلمىساق، ۋىجدانىمىز قايىنىمىسا ئەھۋالىمىز ئۆزگەرمەيدۇ. مىللىتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ قانداق ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىمىزنى بىلىشىمىز لازىم. ئاندىن مىللىي پىسخىكىمىزنى، ئەخلاق قارىشىمىزنى، ياشاش ئەھۋالىمىزنى تەتقىق قىلىپ ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتىش يولىنى تېپىپ

---

[1] «چەت ئەل ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ساياھەتلىرى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتىنىڭ 1994- يىل خەنسۇچە نەشرى، 18 ـ 28 ـ بەتلەرگە قاراڭ.

چىقىشىمىز كېرەك. قورسىقى ئېسىلىپ قالغان ئىتتەك دايىم كىيىم ـ كېچەك، رېستوران مەسىلىسى، قاتار چاي، تېلېۋىزور قاتارلىقلاردىن ئىبارەت تۆكى يوق ئىشلارنى تۇتۇۋېلىپ ۋايساۋەرسەك ھېچنېمىگە پايدىسى يوق. رېستورانلار ئېچىلىۋېرىدۇ. قاتار چايلار داۋاملىشىۋېرىدۇ. تېلېۋىزورلار توختاپ قالمايدۇ. ئەڭ يامىنى قىزلىرىمىز ئىچكىرىدە پاھىشىخانىلاردا يۈرۈۋېرىدۇ. سەھنىلەردە يات مىللەتلەرگە يالىڭاچ ئۇسۇل ئويناپ بېرىۋېرىدۇ.

### 3. ئانانىزم

ئانانىزم (masturbation) كىشىلەردە ئەڭ كۆپ كۆرۈلىدىغان بىر خىل جىنسىي بىنورماللىق بولۇپ، ئۇ كىشىلەر ئارىسىدا بەك كۆپ ئومۇملاشقانلىقى ئۈچۈن ئۇنى بىنورمال پسىخىكىغا تەۋە دەپ ھېسابلاش ياكى ھېسابلىماسلىق ھەققىدە تا ھازىرغىچە تالالاش ـ تارتىش مەۋجۇت.

ئانانىزم كىشىلەردىكى ئۆز جىنسىي ئەزاسىنى ئۆزى قولى ياكى باشقا نەرسە بىلەن غىدىقلاش ئارقىلىق جىنسىي ھەۋىسىنى قوزغاپ قايىم قىلىشتىن ئىبارەت ھەرىكەتنى كۆرسىتىدۇ.

20 ـ ئەسىرنىڭ 40ـ يىللىرىدا ئامېرىكىلىق مەشھۇر ئالىم كىنىبېي 250 مىڭ ئادەم ئۈستىدە تارىختا مىسلىي كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئانانىزمنىڭ ياش ئۆسمۈرلەر ۋە توي قىلمىغان كىشىلەر ئارىسىدا ناھايىتى ئومۇملاشقان بىر خىل ھادىسە ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ئۇ تەكشۈرگەن 18 ياشتىكى ئوغۇل باللاردا ئانانىزم قىلىش نىسبىتى 100% چىققان، 18 ياشتىكى قىزلار ئىچىدە ئانانىزم قىلىش 60% چىققان. پولشا ۋە رۇسىيە ئالىملىرىنىڭ تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا 96%ـ90% كىچە تېنى ساغلام ئەرلەر ئىچىدە ئانانىزم قىلىش مەۋجۇت ئىكەن. ئانانىزمنىڭ ئەڭ دەسلەپتە يۈز بېرىش ۋاقتى 10 ياشتىن 18 ياشقىچە بولۇپ، ئوتتۇرا

ھېساب بىلەن 14 ياشتا باشلىنىدىكەن.[1] ئەگەر بىز ئانانىزمنى پۈتۈنلەي بىنورماللىق دېسەك ئۇنداقتا دۇنيادا نورمال ئادەم بەكمۇ ئاز قالىدۇ. شۇڭا ئانانىزمنى پۈتۈنلەي بىنورماللىق دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ شەخسلەرنىڭ باشقىلاردىن يوشۇرۇن ئېلىپ بارىدىغان ئىشى بولغانلىقى ئۈچۈن شەخسنىڭ ئۆزى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك ئىش بولۇپ، جەمئىيەت ۋە باشقىلار بىلەن پايدا زىيان توقۇنۇشى كېلىپ چىقمايدۇ. شۇڭا ئۇنى جىنايەت ھېساپلاشنىڭمۇ ھاجىتى يوق. بىراق ئاز ئۇچرايدىغان ئوچۇق ئاشكارا ئانانىزم قىلىش قىلمىشلىرىنى قاتتىق ئەيپلاش ۋە لەنەت قىلىش لازىم. توپلۇشۇپ ئانانىزم قىلىش بولسا ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىلىق بولۇپ ھەر قانداق ئەخلاقى ۋە ۋىجدانى بار ئادەم ئۇنىڭدىن سەسكىنىشى لازىم.

ئەگەر ئانانىزم خۇمارغا ئايلىنىپ قالسا ھەتتا توي قىلىپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئانانىزم قىلش ئادىتىنى تاشلىيالمىسا ياكى جىنسىي يۇقۇرى پەللىگە چىقىشتا ئانانىزمدىن پايدىلىنىشقا مەجبۇر بولسا بۇنداق كىشىنىڭ ئانانىزم قىلشىنى جىنسىي بىنورماللىق ھېساپلاش كېرەك. بەزىلەر ئانانىزم قىلىپ بولغاندىن كېيىن قاتتىق روھىي ئازاپ ھېس قىلىشى مۇمكىن، بۇ خىل روھىي ئازاپ ۋە گۇناھ تۇيغۇسى بەكمۇ ئېغىر بولۇپ ئانانىزم قىلغۇچى يەنىلا بۇ ئادىتىدىن قول ئۈزەلمەي، داۋاملاشقانسېرى روھىي ئازاپ ئېغىرلاپ، بېرىۋېرىپ شۇ كىشىدە غەلىتە مىجەز خۇلۇق پەيدا قىلغان بولسا، ئۇنى كىشىلەر بىلەن ئارىلاشقۇسى كەلمەيدىغان، ئاياللارغا يېقىنلىشالمايدىغان قىلىپ قويغان بولسا بۇنى ئەلۋەتتە جىنسىي بىنورماللىق ھېساپلاش لازىم. بەزىلەر ئانانىزمغا كۆنۈپ قېلىش نەتىجىسىدە تويدىن كېيىن جىنسىي ۋەھىمە ۋە جىنسىي ئاجىزلىق كۆرۈلسە يەنى

---

[1] ليودالىن: «جىنسىي ئەركىنلىككە تەنقىد» جياڭشى خەلق نەشرىياتى، 1988- يىل خەنزۇچە نەشرى 184- بەت.

ئانانىزم قىلغاندا زەركەرنىڭ قېتىشى ۋە قايىم بولۇشى نورمال بىراق جىنسىي ئالاقە قىلغاندا نورمال بولمىسا بۇمۇ پسىخىك بىنورماللىق بولىدۇ. ئەگەر ئانانىزم كىشىلەرنىڭ كېيىنكى جىنسىي پائالىيىتىدە ۋە روھىي پائالىيىتىدە بىنورماللىق پەيدا قىلسىلا ئۇنى نورمال قىلىق دەپ قاراشقا بولىدۇ.

تارىختىن بېرى كىشىلەرنىڭ ئانانىزمغا تۇتقان پوزىتسىيىسى ئوخشاش ئەمەس. ئۇيغۇرلاردا بالىلارنىڭ ئۆز جىنسىي ئەزاسىنى ئوينىشى چوڭلارنىڭ تەنبىھ بېرىشى ئارقىلىق چەكلىنىپ كەلگەن، بىراق ئانانىزم مەسىلىسى ئەخلاق مەسىلىسى قاتارىدا كىشىلەرنىڭ ئانچە دىققەت ئېتىبارىغا ئېرىشەلمەي كەلگەن. ئۇيغۇرلاردا ئەخلاق قاراشلىرىنى تەشۋىق قىلىش ئومۇملۇشۇپ ناچار ئەخلاق قاراشلىرىنى پاش قىلىش ئەنئەنىسى كەمچىل، كىشىلەر جىنسىيەتكە ئائىت بەزى مەسىلىلەرنى تىلغا ئېلىشنى خالىمىغاچقا نۇرغۇنلىغان ئەخلاقسىز قىلىقلار تىلغا ئېلىنمايدۇ ـ دە ئەيىپلىنىشتىن چەتتە قىلىۋېرىدۇ. مەن باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان چاغدا بەزى چوڭ ياشلىق (10 ـ 12 ياشلارغىچە) بالىلارنىڭ سىنىپنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى پارتىدا ئولتۇرۇۋېلىپ بىر ـ بىرىگە كۆرسىتىشىپ مۇسابىقىگە چۈشكەندەك كوللېكتىپ ئانانىزم قىلىشقىنىنى كۆرگەنىدىم. يېقىنلاردا تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئېنىقلىشىمچە چوڭ ياشلىق بالىلارنىڭ سىنىپنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى پارتىدا ئولتۇرۇۋېلىپ ئوپچە ئانانىزم قىلىپ ئوينۇشى ناھايىتى ئومۇملاشقان ئادەت ئىكەن. بەزى قورامىغا يەتمىگەن بالىلار دەريا ۋە ئۆستەڭلەردە سۇغا چۆمۈلۈپ ئويناش جەريانىدىمۇ بىر ـ بىرىنىڭ جىنسى ئەزاسىنى سىلىشتۇرۇپ ئوينايدىكەن ۋە ئانانىزم قىلىپ بىر ـ بىرىگە كۆرسىتىدىكەن. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى تىلغا ئالماسلىقنىڭ نەتىجىسى. تىلغا ئالماسلىق ئەخلاقسىزلىقنى قوغدامدۇ ياكى ئەخلاقنى قوغدامدۇ؟ ئوغۇلۇقنى تىلغا ئالماسلىق ئوغرىنى قوغداشقا باراۋەر. مانا مۇشۇنداق تىلغا ئالماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان ۋە تىلغا

ئېلىنماسلىق ئارقىلىق قوغدۇلۇپ كېلىۋاتقان بىر هارام تاماق ئوبزورچى مېنىڭ بۇنى تىلغا ئالغانلىقىمدىن قاتتىق رەنجىپ كەتكەن. ئۇ ئوبزورىدا مېنى ئاغزىغا كەلگىنىچە قاغاپ تىللاپ، بەلكىم قاتتىق خۇدۇك ئېلىپ كەتكەن بولسا كېرەك، «ئانانىزم» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى ئەسەرلىرىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشى يازغۇچىنىڭ چاكىنا روھىيىتىنى ۋە ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ دەپ ئاھ ئۇرۇپ ۋايساپلا كەتكەن. ئەجەبا بۇنى تىلغا ئالمىسىلا يوق بولۇپ قالامدۇ؟

ئانانىزم تارىختىن بېرى نۇرغۇن دۆلەت ۋە مىللەتلەردە ئەخلاقىي جەھەتتە ئەيىپلانغان، پەس كۆرۈلگەن. بولۇپمۇ غەرب دۆلەتلىرىنىڭ قانۇنلىرىدا جىنايەت دەپ ھېسابلىنىپ چەكلەنگەن. جۇڭگونىڭ قانۇنىدا بولسا ئۇ جىنايەت ھېسابلانمايدۇ. ھەممىدىن قىزىق يېرى شۇكى ئانانىزم چەكلەنگەن جايلاردا ئانانىزم قىلىش نىسبىتى يۇقىرى، چەكلەنمىگەن جايلاردا تۆۋەن بولغان. ئانانىزم قايسى مىللەت ياكى دۆلەتتە ئەخلاقىي جەھەتتە بەكراق ئەيىپلانسا شۇ جايدا ئۇ كىشىلەرنىڭ پىسخىك بىنورماللىقىنى شۇنچە كۆپەيتىۋەتكەن. چۈنكى بۇ ئانانىزم ئەخلاقىي جەھەتتىن قانچە ئەيىپلەنسە ئانانىزم قىلغۇچىدا روھىي ئازاپ شۇنچە ئېغىر بولىدۇ. بۇ خىل ۋىجدانى ئازاپ ئۇلارنى روھىي جەھەتتىن بىنورمال بولۇشقا ئېلىپ بارىدۇ. ئانانىزم ئانچە ئەيىپلەنمەيدىغانلاردا بولسا ئانانىزم تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان روھىي بىنورماللىق يوق دېگۈدەك بولىدۇ. مەسىلەن، ئانانىزم زادىلا تىلغا ئېلىنمايدىغان ئۇيغۇرلاردا ئانانىزم سەۋەبىدىن پىسخىك بىنورماللىققا گىرىپتار بولغانلار ناھايىتى ئاز. ئۇلار پەقەت بىر ئاز مەدەنىيەتلىك مۇھىتتا، شەھەرلەردە ياكى زىيالىيلار ئائىلىسىدە چوڭ بولغان، ئەخلاقىي تەربىيىلىنىشى قاتتىقراق بولغان ئائىلىلەردىلا بار. كەڭ يېزىلاردا بولسا ئانانىزم ئەيىپلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن روھىي ئازاپ تارتىدىغانلارمۇ يوق دېيەرلىك. شۇڭا ئۇلاردا بىنورماللىق يوق، بىراق

ئەخلاقسىزلىق ۋە لۇكچەكلىك خاھىشى كۆپ جەھەتتە مۇشۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

18- ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا پۈتكۈل غەرب دۇنياسى ئانانىزمنىڭ بارلىق روھىي كېسەللىكلەرنىڭ تۈپكى مەنبەسى ئىكەنلىكىنى، ئانانىزمنىڭ ئۆزىنىڭمۇ بىر خىل روھى كېسەل ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ قاراشنى ئاساسەن قوبۇل قىلىپ ئومۇملاشقان. گەرچە ئۇلارنىڭ قاراشلىرىنى خاتا دېگىلى بولمىسىمۇ مېنىڭچە ئانانىزمنىڭ رولى بەكمۇ كۆپتۈرۈۋېتىلگەن. ھەقىقەتەن ئانانىزم كەچۈرمىشى بولغان روھىي كېسەللەر كۆپ تېپىلىدۇ. لېكىن ئانانىزم ئۇلارنىڭ كېسىلىنىڭ بىردىن بىر سەۋەبى ئەمەس، يەنە بىر تەرەپتىن ئانانىزم سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان روھىي كېسەللىكەر بار بولسىمۇ بىراق ئانانىزم كەچۈرمىشى بولغانلارنىڭ ھەممىسىدە روھىي كېسەل كۆرۈلگەن ئەمەس. ئەينى دەۋردە پەقەت ئانانىزمنىڭ زىيانلىق تەرەپلىرىلا كۆرۈپ يېتىلىپ، زىيانسىز تەرەپلىرى كۆرۈپ يېتىلمىگەن.

20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا فرانسىيىلىك مەشھۇر تىبابەت ئالىمى شارىك ۋە ئۇنىڭ قوللىغۇچىلىرى تۈنجى بولۇپ ئانانىزمنىڭ نېرۋا كېسەللىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلدى. بىراق بۇ قاراش ئەينى چاغدا تازا قوللاشقا ئېرىشەلمەي بىر قاتار بەس - مۇنازىرىلەرگە سەۋەب بولدى. يېقىنقى دەۋرلەرگە كەلگەندە بولسا نوپۇزلۇق جىنسىيەت ئالىمى ماسېتىس ۋە دوكتۇر جونسۇنلار ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق ئانانىزم بىلەن نېرۋا كېسەللىكىنىڭ بىۋاستە مۇناسىۋىتىنىڭ يوقلۇقىنى ئىسپاتلىدى. ئۇلار ئىلغار تەكشۈرۈش ئەسۋابلىرى بىلەن ئادەم بەدىنى ئۈستىدە ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئەمەلىي جىنسىي ئالاقە قىلغان چاغدىكى بەدەندە پەيدا بولۇدىغان ئۆزگۈرۈشلەر بىلەن ئانانىزم قىلغاندا پەيدا بولۇدىغان ئۆزگۈرۈشلەرنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوقلۇقىنى بايقىغان ۋە بۇ ئارقىلىق جىنسىي ئالاقىنى نورمال دەپ قاراپ، ئانانىزمنى ئادەم

بەدىنىگە زىيانلىق دەپ قاراشىنىڭ ھېچقانداق ئاساسى يوقلۇقىنى ئىسپاتلىدى.[1]

يۇقۇرىقى قاراشلاردا پەقەت ئانانىزمنىڭ جىسمانىي زىيىنىنىڭ بار يوقلۇقىلا نەزەرگە ئېلىنغان بولۇپ ئۇنىڭ پسىخىك جەھەتتە ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنى نەزەرگە ئېلىنمىغان، ئانانىزمنىڭ ئادەمگە جىسمانىي جەھەتتىن بىۋاستە زىيان يەتكۈزۈشى مۇمكىن ئەمەس، بىراق ئۇنىڭ بەزى ئادەملەرگە روھىي زىيانلارنى ئېلىپ كېلىشى تامامەن مۇمكىن. لېكىن شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىقكى ئانانىزمنىڭ ئوخشىمىغان مىللەت، ئوخشىمىغان، رايون ۋە مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئادەمگە كۆرسەتكەن تەسىرى ئوخشاش بولمايدۇ. غەربلىكلەرنىڭ مەدەنىيەت مۇھىتىدە ئانانىزم بەك ئېغىر گۇناھ ھېسابلانغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ غەربلىكلەردە روھىي كېسەل پەيدا قىلىشىدىكى پسىخىك ئاساس بىر خىل گۇناھ تۇيغۇسىدىن ئىبارەت. جۇڭگودا بولسا ئانانىزم مەيلى ئەخلاقى ياكى قانۇن تەرىپىدىن ئەيىپلەنمەيدۇ. شۇڭا جۇڭگولۇقلاردا روھىي بىسىم ۋە كېسەل پەيدا قىلىدىغىنى ھەرگىزمۇ گۇناھ تۇيغۇسى ئەمەس، بەلكى جۇڭگولۇقلاردىكى ئىسپىرمىنىڭ ئېقىپ كېتىشىدىن قورقۇش تۇيغۇسىدۇر. خەنزۇلار ئىسپىرمىنى ئىنسان تېنىنىڭ جەۋھىرى دەپ قاراپ «بىر تېمىم مەنىنىڭ ئېقىپ كېتىشى بىر جىنىڭ قانىنىڭ ئېقىپ كېتىشىگە تەڭ» دېگەن ئەنئەنىۋي قاراشنى شەكىللەندۈرگەن. شۇڭا ئانانىزم قىلغۇچىلار ئۆزىنى كونترول قىلالماي ئانانىزم قىلىپ تاشلىغاندىن كېيىن قورقۇنچقا چۈمۈپ تېنىنىڭ بىردىنلا ئاجىزلىشىپ كېتىشىدىن قورقىدۇ ھەم تېنى ئاجىزلىشىپ كەتكەندەك ھېس قىلىپ قايغۇغا چۆمۈدى. ئەمەلىيەتتە ئىسپىرمىنى ئېقىتىپ چىقىرىۋېتىشىنىڭ بەدەنگە ھېچقانداق زىيىنى يوق، ئەگەر ئۇ خۇشاللىق ئېلىپ

---

[1]لىيۇدالىن: «جىنسىي ئەركىنلىككە تەنقىد» جياڭشى خەلق نەشرىياتىنىڭ 1988- يىل خەنزۇچە نەشرى 184 ـ 185 - بەتلەرگە قارالسۇن.

كېلەلىسە ئەكسىچە ئادەم ئۈچۈن پايدىلىق. مانا بۇ چۈشەنمەسلىكتىن كېلىپ چىققان ئەنئەنىۋى قاراشلار تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان روھىي بېسىم بەزى ئانانىزم قىلغۇچىلاردا كېسەللىك خام خىيالى قاتارلىق روھىي كېسەللەرنى پەيدا قىلىشى تەبىئىي. ئۇيغۇرلاردا بولسا ئانانىزىم ئۈچۈن ئاشكارا ئەيىپلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن ۋە ئۇنى زىيانلىق دەپ قارايدىغان قاراش بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئانانىزم تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان روھىي كېسەللەر ياكى پىسخىك بىنورماللىقلار يوق دېيەرلىك.

ئايالالارنىڭ پىسخىكىسىغا ئانانىزمنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى بىلەن ئەرلەرنىڭ پىسخىكىسىغا كۆرسەتكەن تەسىرىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئاياللار ئەرلەرگە قارىغاندا ئۆزىنى بېسىۋېلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن ئانانىزم قىلغۇچىلار نىسبەتەن ئازراق، بىراق ئانانىمزنىڭ تەسىرى ئېغىرراق بولۇدۇ، چۈنكى بۇ ئاياللاردىكى قىزلىق پەرھىزىدىن پەيدا بولۇدىغان ۋەھىمە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئانانىزم قىلىش ئارقىلىق ئۆز قىزلىقىنى ئۆزى بۇزىۋەتكەنلەر توي قىلغان چاغدا قىز چىقماسلىقىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتتىن قاتتىق قورقۇش نەتىجىسىدە ئۇلاردا پىسخىك بىنورماللىقلار ياكى جىنسىي ھېسسىياتتىكى توسالغۇلار پەيدا بولۇشى مۇمكىن. بەزىلەر جىنسىي ۋەھىمە كېسىلى پەيدا بولۇپ توي يېقىنلاشقانسېرى تۇيۇقسىز خۇدىنى يوقۇتۇدىغان، ھوشىدىن كېتىدىغان ئالامەتلەر پەيدا بولۇدۇ، بەزىلەردە بولسا جىنسىي ئاجىزلىق يەنى جىنسىي قىزىقماسلىق پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

سىگمۇند فرېئود ئانانىزم تۈپەيلىدىن پەيدا بولغان بىر روھىي كېسەلنى داۋالىغان. بىمار توي قىلغان بىر ئايال بولۇپ، ئېرىنى ناھايىتى ياخشى كۆرۈدىكەن. ئېرىمۇ ئۇنى سۆيۈدىكەن، لېكىن ھەر قېتىملىق جىنسىي ئالاقىدىن كېيىن ئايالنىڭ مېڭىسى خۇددى بىگىز سانجىغاندەك قاتتىق ئاغرىپ كېتىدىكەن، ئۇلارنىڭ نىكاھ

ۋاقتى ئۆزىرىغانسىرى بۇ كېسەل ئېغىرلىشىپ ئاخىر ئايال زادىلا چىدىيالمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن. دوختۇرلار ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئۆسمە پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن دەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. بىراق ئۇنىڭ مېڭىسىدىن ھېچقانداق كېسەللىك ئۆزگۈرۈشىنى تاپالمىغان، ئۇنىڭ مېڭىسىدىكى توقۇلمىلار ۋە نېرۋىلار ساپمۇ ساق ئىكەن.

فرېئود بۇ بىمارغا قارىتا پىسخىك ئانالىز ئېلىپ بارغان. گېنوزلۇق ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئايالنى يېرىم ئۇيقۇلۇق ھالەتكە كەلتۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلەشكەن. ئەركىن تەسەۋۋۇر ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئاخىرى ئايالنىڭ كېسەللىكىنىڭ نىگىزىنى تېپىپ چىققان. ئايالنىڭ دايىم مىڭىسىنىڭ ئاغرىشىنى «بېگىزنىڭ سانچىلىشىغا» ئوخشاتقانلىقىغا ئاساسەن ئايالنىڭ بېگىزگە مۇناسىۋەتلىك ئەسلىمىلىرىنى ئاختۇرۇپ چىققان. «بىگىز» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ئايالنىڭ بالىلىق ئەسلىمىلىرىدىكى ئىزى ۋە تەسىرىنى ئىزدىگەن. ئايال بىگىزگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق نەرسىلەرنى تاپشۇرغان، ئاخىرى ئۇ ئايالنىڭ مېڭىسىدىكى بېگىزنى تېپىپ چىققان. ئايال 13 يېشىدا ئانانىزم قىلىشقا ئادەتلىنىپ  قالغان. بىر كۈنى ئۆز ياتىقىدا يالغۇز ئولتۇرۇپ ئۆز جىنسىي ئەزاسىنى قولى بىلەن ئويناۋاتقاندا مومىسى  كىرىپ ئۇنىڭغا ھېچنەرسە دېمىگەن، پەقەت قاراپ قويۇپلا كەينىگە يېنىپ چىقىپ كەتكەن. ئايال مومىسىنىڭ نەزىرىنى خۇددى بىگىزگە ئوخشاتقان. مانا بۇ بىگىز ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا ساقلىنىپ كېيىن ئۇ توي قىلغاندىن كېيىن مېڭىسىدە ھەقىقىي بېگىزگە ئايلىنىپ سانجىلغان. بىراق ئايال ئۆزىنىڭ بۇ ئازاپلىق كەچۈرمىشىنى ئۇنتۇلۇپ قالغان بولۇپ خۇددى ھاياتىدا بولۇپ باقمىغاندەك ئەسلىمىسىدىن ئۆچۈپلا كەتكەن. فرېئود ئۇنى ئويغۇتۇپ ئۇنىڭغا بۇ كەچۈرمىشىنى دەپ بەرسە ئۇ ھاڭ ـ تاڭ قالغان ۋە ئېسىگە ئېلىپ يىغلاپ كەتكەن. ئۇنىڭ ئۇنتۇلۇپ قېلىشى ئاشۇ ئازاپلىق رىياللىقنى قوبۇل قىلالماسلىق

سەۋەبىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئېسىگە ئېلىشى ۋە يىغىلىشى ئۇنى قوبۇل قىلغانلىقىدۇر. بۇ ئەمەلىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئۇ ئەلۋەتتە ئۇنىڭ يوشۇرۇن ئاڭدىكى قاتتىق روھىي بېسىمدىن قۇتۇلۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ساقىيىپ كەتكەن.

سىگمۇند فرېئودنىڭ قارىشىچە ئانانىزم ئادەمدە تۇغما بولىدۇ. بالىلارنىڭ بالاغەتكە يەتكىچە جىنسىي ھەۋىسىنى قاندۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ ھەممىسى ئانانىزم بولۇپ ئۇلار بالاغەتكە يېتىپ جىنسىي تۇيغۇ رايونى بەدەندىكى باشقا ئەزالاردىن جىنسىي ئەزاغا كۆچكەندە، جىنسىي قىلىقى ئۆزىنى نىشان قىلىشتىن باشقىلارنى ھەم يات جىنىسلىقلارنى نىشان قىلىشقا ئۆزگەگىچە بالىلار ئۆزىدىكى جىنسىي ھەۋەسنى ئانانىزم ئارقىلىق قاندۇرىدۇ. مەسىلەن، بالىلار 3 ـ 4 ياشلارغا كىرگىچە بالىلاردىكى خوش يېقىش رايونىنىڭ ئېھتىياجىنى قولىدا ئوينىاش ئارقىلىق قاندۇرىدۇ ياكى ئاغزىغا باشقا نەرسىلەرنى سېلىۋېلىش ئارقىلىق قاندۇرىدۇ، كېيىن خوش يېقىش رايونى مەقەت ئەتراپىغا كۆچكەندە بالىلاردا ئۆز مەقىتىنى غىدىقلاش ئارقىلىق خوش قىلىش ئەھۋالى كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن، تاھارەت قىلىشتىن ھوزۇرلىنىش، تاھارەت سۈندۇرۇپ، بولغاندىن كېيىن مەقەتنى تاملارنىڭ قىرىغا سۈركەپ ئويناش، مەقەتنى قايتا ـ قايتا ئېيتىۋېتىش قاتارلىقلار كېيىنكى دەۋرلەردە بالىلارنىڭ خوش يېقىش رايونى جىنسىي ئەزاغا كۆچكەندىن كېيىن بۇ رايوننىڭ ئېھتىياجىنى يەنىلا كۆنگەن ئادىتى بويىچە ئۆزى قاندۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ-دە، ئانانىزم قىلىشقا باشلايدۇ، پەقەت جىنسىي ئالاقە ئارقىلىق قاندۇرۇش شارائىتى ھازىرلانغاندىن كېيىنلا ئاندىن ئۆزىنى بەزلەپ ئانانىزم قىلىش ئادىتىنى تاشلايدۇ. بىراق ئۇزاق مەزگىل جىنسىي بېسىمغا ئۇچرىسا يەنى باشقىلار بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلىش شارائىتىغا ئېرىشەلمىسە ئاندىن ئۇ ئانانىزمغا خۇمار بولۇپ قالىدۇ. لېكىن جىنسىي ئالاقە شارائىتى ھازىرلانسا ئۇ بۇ خۇمارنى تاشلىيالىشى مۇمكىن. بىراق پسىخىك بىنورماللىق تۇسىنى ئالغان ئانانىزم

بولسا باللاردىكى جىنسىي تەرەققىيات بىلەن مۇناسىۋەتلىك. باللاردىكى تۇغما ئانانىزم ئادىتى بالىق دەۋرلەردىن تارتىپلا كۈچلۈك بولسا ئۇ كېيىن تامامەن جىنسىي ئالاقە قىلىشقا قاراپ تەرەققىي قىلمىسا ئادەمدە جىنسىي ئالاقىگە قىزىقمايدىغان پەقەت ئانانىزم ئارقىلىق جىنسىي ھەۋىسىنى قاندۇرىدىغان بىنورمال پىسخىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

ئانانىزمنىڭ ئادەمگە پىسخىك جەھەتتىن ئېلىپ كېلىدىغان ئاقىۋىتى ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى يۇقۇرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك تەبىئىي ئانانىزمچىلىقنىڭ جىنسىي تەرەققىيات جەريانىدا يۆتكەلمەستىن بارغانسېرى كۈچۈيىشى سەۋەبىدىن پەيدا بولغان روھىي كېسەل تۈسىدىكى ئانانىزم خۇمارى. بۇنىڭدا ئانانىزمنىڭ ئۆزى روھىي بىنورماللىقتۇر. يەنە بىرى ئانانىزمدىن روھىي ئازاپ ھېس قىلىش تۇپەيلىدىن كېلىپ چىققان باشقا پىسخىك توسالغۇلار. مەسىلەن، غەمكىنلىك كېسىلى، جىنسىي ئالاقىدە قورقۇش قاتارلىقلار.

ئانانىزمنىڭ ئۇسۇلى خىلمۇخىل بولۇپ ئەڭ ئاساسلىقى قول بىلەن جىنسىي ئەزانى ئويناپ قايىم قىلىش. ئۇندىن باشقا يەنى بەزى يۇمشاق نەرسىلەرنى سۈركەپ ئويناش، بۇنداق ئەھۋالدا ئاياللاردا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. ئاياللار كۆپىنچە جىنسىي ئەزاغا ئوخشاپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى مەسىلەن، سەۋزە، تەرخەمەك، پېدىگەن قاتارلىقلارنى ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا تەقلىت قىلىپ تۇرۇپ ئىشلىتىدۇ. 1988- يىلى مەن بىر ئالىي مەكتەپتىكى خىزمەتچى خادىملاردىن مۇنداق بىر ۋەقەنى ئاڭلىغانىدىم. مەكتەپ خادىملىرى قىز ئوقۇغۇچىلارنىڭ تازىلىق ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋېتىپ بەزى قىزلارنىڭ يوتقان كۆرپىلىرىنى ئۆرۈپ قاراپ يوتقان ئىچىدىن سولۇشۇپ كەتكەن سەۋزە، پېدىگەن قاتارلىق نەرسىلەرنى تاپقان ۋە قىزلاردىن ئۇنى نېمىشقا يوتقان ئىچىگە تىقىپ قويغىنىنى سورىغاندا ھېچقايسىسى جاۋاپ بېرەلمىگەن.

ئانانىزم قىلغۇچىلارنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى ئۇلار ئانانىزم قىلىش جەريانىدا ئۆزى ياخشى كۆرگەن يات جىنىسلىقلارنى تەسەۋۋۇرۇ قىلىپ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ تۇرۇپ ئانانىزم قىلىدۇ، بەزىلىرىدە ھەتتا ئۆز تەسەۋۋۇرىدىكى يات جىنىسلىق بىلەن ھەقىقەتەن جىنسىي ئالاقە قىلىۋاتقاندەك خىيالىي تۇيغۇمۇ پەيدا بولۇدۇ.

تۆۋەندە بىز مەلۇم بىر بىمارنىڭ بوغدا دوختۇرخانىسىغا مەسلىھەت سوراپ يازغان خېتىنى مىسال كەلتۈرىمىز:

مىسال: سالام خەت

ھۆرمەتلىك ئەركىن ھاشىم، قانداق ئەھۋالىڭىز؟ مەن شۇتاپ ئىنتايىن قاتتىق ئازاپ ئىچىدە سىلەرگە خەت يېزىشقا مەجبۇر بولۇۋاتىمەن. بەزىدە قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپ بىراقلا دۇنيادىن كەچكىمۇ كېلىدۇ، لېكىن يەنىلا ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ ياشاۋاتىمەن، ماڭا ياشاش بەكلا ئېغىر كېلىۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ بىرەر ئۈمىد پەيدا بولۇپ قالار دېگەن ئارزۇ بىلەن سىلەرگە خەت يېزىپ مەسلىھەت سوراۋاتىمەن.

مەن توي قىلغىلى 4 يىل بولدى، ئايالىمنى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن، بىز قىزغىن مۇھەببەتلىشىپ توي قىلغان، توي قىلىشتىن ئىلگىرى بىر - بىرىمىزنى بىر كۈن كۆرمىسەك چىدىيالمايتتۇق. تويدىن كېيىن بولسا ئۇ ھېسسىياتلار قالمىدى. چۈنكى مەن ئايالىمنى رازى قىلالمىدىم. مەن جىنسىي ئەزايىمنى قولۇم بىلەن ئويناپ ئېھتىلام قىلىشقا كۆنۈپ قاپتىمەن. ئايالىم بىلەن دەسلەپكى چاغلاردا بىر ئاز نورمال جىنسىي ئالاقە قىلالايتتىم، بىراق كېيىنچە جىنسىي ئالاقە ۋاقتى قىسقىراپ - قىسقىراپ ئاخىرىدا زەكىرىم زادىلا قاتمايدىغان بولۇپ قالدى. ئايالىم مېنى ماڭا كۆڭۈل بەرمەيدۇ دەپ خاپا، ھەتتا مېنى سىرتتا بىرسىنى تېپىۋالغان ئوخشايدۇ، دەپ گۇمانلىنىپ يۈردى، ئەمەلىيەتتە زادىلا ئۇنداق ئەمەس. جىنسىي ئەزايىمنى قولۇم بىلەن ئوينىسام ناھايىتى ھوزۇرلىنالايمەن، ئاجايىپ خام

خىياللارغا غەرق بولىمەن. كۆز ئالدىمدا ئاجايىپ كۆپ گۈزەل ئاياللار پەيدا بولىدۇ، بىراق ئايالىمغا يېقىن كەلسەم زادىلا ھېسسىياتىمنى يىغالمايمەن. مېنىڭ بۇ خىل غەلىتە ئاجىزلىقىمنى داۋالايدىغان دورا بارمۇ؟ بىر جاۋاپ يازغان بولسىڭىز بەكمۇ خۇشال بولغان بولاتتىم. خېتىڭىزگە تەلمۈرۈپ قارايمەن.

ــ ھۆرمەت بىلەن

غ xx

1998ـ يىلى 3ـ ئاي

بۇ خەتتە بىمار ئانانىزم قىلغاندا شادلىققا چۆمۈدىغانلىقىنى ئېيتقان، دېمەك ئۇنىڭ جىنسىي ئاجىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغىنى ئانانىزمدىن روھىي ئازاپ ھېس قىلىشتىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ جىنسىي خاھىشىدا ئانانىزمنىڭ ئېغىرلىقىدىن بولغان. بۇ تىپىك پسىخىك توسالغۇ خاراكتېرلىك ئانانىزم بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ بالىلىق جىنسىي تەجرىبىلىرىدىن شەكىللەنگەن. ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا جىنسىي خاھىشى جىنسىي ئالاقە تەرەپكە يۈزلەنمەستىن بەلكى يەنىلا بالىلىق دەۋردىكى ئانانىزم ھالىتىدە قالغان شۇڭا بىمارغا قارىتا كەڭ ۋە ئەتراپلىق پسىخىك ئانالىز ئېلىپ بېرىپ ئۇنىڭ جىنسىي بىنورماللىقىغا سەۋەب بولغان يوشۇرۇن ئاڭدىكى كۆلەڭگىنى تېپىپ چىقىش لازىم.

ئانانىزمنىڭ ناچار تەسىرىنى تۈگۈتۈش ئۈچۈن چوقۇم نورمال جىنسىي تەربىيە ئېلىپ بېرىش لازىم. بۇنىڭدا ئەڭ موھىم ۋە ئەڭ ئۈنۈملىكى ئېتىقاد بولۇپ، ئېتىقادى كۈچلۈك بولغاندا ئۆزـئۆزىنى كونترول قىلالايدىغان كۈچ تاپقىلى بولىدۇ.

بۇندىن باشقا، ئەڭ ئالدى بىلەن ئانانىزمنى زىيانلىق دەيدىغان قاراشنى تۈگۈتۈش، ئاندىن ئۇنىڭدىن بىھۇدە روھى ئازاپ قىلماسلىق لازىم. ئانانىزم ئادىتىنى تاشلاشقا رىغبەتلەندۈرۈش كېرەك، ئانانىزمنى تاشلاش ئۈچۈن قالايمىقان جىنسىي خام خىياللارغا بېرىلمەسلىك، شەھۋانى تۇس ئالغان رەسىم، سىنئالغۇ

قاتارلىق نەرسىلەرگە بېرىلمەسلىك لازىم. ئەتىگەندە ئورنىدىن بالدۇر قوپۇش ۋە چېنىقىش كېرەك. شۇندىلا ئانانىزم ئادىتىنى تاشلىغىلى بولۇدۇ.

## 3. جىنسىيەتنىڭ سىرلىق ۋە ئەسەبىي نىداسى

1. كۆك بىلەن يەر ئارىسىدا جىنسىي چوقۇنۇش دېگەن بۇ ئاتالغۇ ئاڭلىنىشتىلا كىشىگە ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ئىنسانىي ئەخلاق قاراشلىرىغا خىلاپ بولغان ئاجايىپ غەلىتە ۋە بىمەنە بولغان، ئەقىلگە زادىلا سىغمايدىغان جىنسىي قالايمىقانچىلىق ۋە شەھۋەت ئەسەبىيلىكى تۇيغۇسى بېرىدۇ. بىراق، بۇ قەدىمكى زامان ئادەملىرى ئۈچۈن ئىنتايىن ئەستايىدىل قارىلىدىغان، ھېچكىم غەلىتە ۋە بىمەنە ھېس قىلماستىن، بەلكى تامامەن ئەقلىي تەرتىپ ۋە تۈپكى ئەخلاق ئۆلچەملىرىنىڭ بىرى دەپ قارايدىغان بىرخىل ناھايىتى سىستېمىلىق ئاڭ فورماتسىيىسىدىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇنلىغان جىنسىي چوقۇنۇش ئادەتلىرى تا ھازىرقى دەۋرگىچە ئاڭسىز ھالدا ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۇ ھەرخىل تارىخىي دەۋرلەردە كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش قارىشى، ئەخلاق قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنىڭ ئۆزگۈرۈشىگە ئەگىشىپ، ئۆزى بىلەن تامامەن سىغىشالمايدىغان قاراشلار ئارىسىدا مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن ئۆز شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، خىلمۇخىل ھالەتلەردە ھەرقايسى دەۋر ۋە رايونلارغا ماس ھالدا ساقلانماقتا.

جىنسىي چوقۇنۇش ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى كۆپۈيۈش يەنى ئەۋلاد قالدۇرۇش كۈچىگە بولغان چوقۇنۇشىنى كۆرسۈتۈدۇ. خۇددى قەدىمكى ئەپسانىلەرگە ئوخشاشلا جىنسىي چوقۇنۇش ئىنسانىيەتنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھادىسىلەرنى چۈشۈنەلمەسلىكى ۋە سىرلىق ھېس قىلىشىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، كىشىلەر ئۆزلىرى چۈشۈنەلمىگەن ھادىسىلەردىن ۋەھىمىگە

چۈشۈش تۆپەيلىدىن غەلىتە تەسەۋۋۇرلار بارلىققا كەلگەن. بۇ غەلىتە تەسەۋۋۇرلار ئارقىلىق، تەبىئەت ھادىسىلىرىنى چۈشەندۈرگەن، نەتىجىدە سىرلىق ھېكايىلار يەنى ئەپسانىلار بارلىققا كەلگەن. بۇ ئەپسانىلار بارا ـ بارا سىستېمىلىشىپ، ئاخىرىدا بىر يۈرۈش مۇكەممەل بولغان ئېتىقاد ۋە ئۆرپ ئادەتلەرنى شەكىللەندۈرگەن. ئاشۇ تەبىئەت ھادىسىلىرى ئىچىدە جانلىقلارنىڭ ئۆزئارا جۈپلىشىشى ۋە ئەۋلاد قالدۇرۇپ كۆپىيىشىمۇ قەدىمكى زامان ئادەملىرى ئارىسىدا چۈشەنگىلى بولمايدىغان بىرخىل سىرلىق ھادىسە بولۇپ، مانا بۇ خىل سىرلىق ھىس قىلىش خىلمۇخىل قىياس ۋە تەسەۋۋۇرلارنى شەكىللەندۈرگەن. كىشىلەر جانلىقلاردىكى كۆپىيىش ئىقتىدارىنى بىرخىل مۇقەددەس ئىقتىدار ھېسابلاشقان ۋە بۇ خىل ئىقتىداردىن ئەيمىنىپ، ئۇنىڭغا تەبىئەت قانۇنىيىتىدىن ھالقىغان بىرخىل سىرلىق كۈچ سۈپىتىدە چوقۇنغان. ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ جىنسىيەتنى سىرلىق ھېس قىلىشىدىن جىنسىي چوقۇنۇش شەكىللەنگەن.

جىنسىي چوقۇنۇش قەدىمكى ئىنسانلاردا ئىنتايىن ساپ ۋە ئەستايىدىل بىرخىل ئادەت بولۇپ، ئۇنىڭ شەھۋانىيلىق بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە جىنسىي ئىقتىدار جانلىقلارنىڭ ھاياتلىقىنى دەۋردىن دەۋرگە، ئەسىردىن ئەسىرگە داۋاملاشتۇرىدىغان، مەڭگۈلۈككە ئىگە قىلىدىغان بىرخىل كۈچ بولۇش سۈپىتى بىلەن مۇقەددەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار كىشىلەر ئەۋلاد قالدۇرۇش ئارقىلىق، ئۆز ھاياتىنى مەڭگۈلۈككە ئىگە قىلالايدۇ دەپ قارايدۇ. مۇشۇ بۈگۈنكى دەۋردىمۇ ئۇيغۇرلاردىن بىرەر ئەر پەرزەنت كۆرەلمەي ئۆلۈپ كەتسە، «ئەجدادلىرىنىڭ چىرىغى ئۆچۈپ قالدى» دېيىش ئارقىلىق، ئەپسۇسلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ سۆزمۇ ئەجدادلاردىن قالغان ھاياتىي كۈچنى داۋام قىلدۇرالمىدى دېگەن مەنىدە بولۇپ، چىراغ ھاياتلىقنىڭ سىمۋولى. چىراغ ۋە ئوت كىشىلەرنىڭ ھايات ئىزنىنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە قەدىمكى

زامانلاردىن تارتىپلا ئۇلۇغلۇنۇپ كەلگەندى. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ جۈملىدىكى ئەجدادلارنىڭ چىرىغى دېگەن ئىدىئوم ئەجدادلارنىڭ ھايات نىشانىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇيغۇرلاردىكى پەرزەنت كۆرەلمىگەنلەرنى پەس كۆرۈش ۋە «تۇغماس» دەپ ھاقارەتلەشلەرنىڭ ھەممىسى دەل قەدىمكى ئىنسانىيەتتىكى كۆپىيىشنى مۇقەددەس بىلىش ئېڭىنىڭ شەكلى ئۆزگەرگەن ھالدا داۋام قىلىشى بولۇپ، تا ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كەلمەكتە. شۇنداقلا، ئىنسانىيەتكە ئورتاق بىرخىل ھادىسە بولۇش سۈپىتى بىلەن مەڭگۈ داۋاملىشىشى مۇمكىن. ئۇيغۇرلاردا يەنە بوغۇزى ئىشىپ قالغانلارنى يەتتىدىن كۆپ پەرزەنت كۆرگەن ئاياللار تېپىپ قويسا ساقىيىدۇ دەيدىغان ئادەت، يەتتىدىن ئارتۇق پەرزەنت كۆرگەن كىشى جەننەتكە كىرىدۇ دەيدىغان قاراشلار بار. مانا مۇشۇنداق كۆپ پەرزەنت كۆرگەنلەرنى ئۇلۇغلاش ئادەتلىرىمۇ دەل ئۇيغۇرلاردىكى كۆپىيىش ئېتىقادىغا بولغان چوقۇنۇش تۇيغۇسىنىڭ داۋامىدىن ئىبارەت.

قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ تۈپكى ئاساسىمۇ بەلكىم مانا مۇشۇنداق كۆپىيىش كۈچىنى مۇقەددەس بىلىش ئىدىيىسى سەۋەبىدىن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ھامىلىدار بولۇش ۋە قورساق كۆتۈرۈپ تۇغۇش پەقەت ئايال كىشىگىلا خاس بولغاچقا، قەدىمكى ئىنسانلار ئاياللارنى كۆپىيىش ئىقتىدارىنىڭ يەككە ئىگىسى دەپ قاراپ، ئەرلەردىكى كۆپىيىش ئىقتىدارى ئاياللاردىكى ئىقتىداردەك روشەن بولمىغاچقا سەل قارالغان بولسا كېرەك.

ئىپتىدائىي ئىنسانلار تەرەققىي قىلىپ تىل ئىشلىتەلەيدىغان ۋە لوگىكىلىق تەپەككۇر قىلالايدىغان ئىقتىدارنى ھازىرلىغان دەۋرلەرگە كەلگەندە، ئەتراپىدىكى تەبىئەت دۇنياسى ۋە ھاياتلىق، ئۆلۈم قاتارلىق سىرلىق قانۇنىيەتلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە باشلىغان. بىراق، ئۇلار ھازىرقى زامان كىشىلىرىدەك تولۇق تەجرىبىلەر ئاساسىدا شەكىللەنگەن

ئىلمىي پىكىر قىلىشتىن يىراق بولۇپ، گەرچە لوگىكىلىقى بولسىمۇ، بىراق تەپەككۇرىدىكى لوگىكىلىق خۇسۇسىيەت ئاجىز بولۇپ، تەجرىبىلەر ئارقىلىق ئىسپاتلىغىلى بولمىغان نەرسىلەرنى پەقەت تەسەۋۋۇر ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا مەجبۇر ئىدى. مەلۇم بىرخىل تەجرىبە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە نامەلۇم بولغان يەنە بىرخىل ھادىسىنى ئىسپاتلىشىغا ئاساس بولۇۋېرەتتى. ئۇلار ئادەملەر، ھايۋانلار ۋە باشقا جانلىقلاردىكى بەزى ئالاھىدىلىكلەرگە قاراپ ئۆزلىرىگە يېقىن ۋە كۈزۈتۈش ئاسان بولغان نەرسىلەردىن شەكىللەنگەن تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ ئۆزلىرىگە نىسبەتەن يىراق ۋە كۈزۈتۈش قىيىن بولغان نەرسىلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەن ۋە ئۆز تەجرىبىلىرىدىن شەكىللەنگەن كۆزقاراشلارنى ئۇلارغا يۈكلىگەن. ئۇلار زېمىن بىلەن ئاسماننىڭ مۇناسىۋىتى، قۇياش بىلەن ئاينىڭ، كۈندۈز بىلەن كېچىنىڭ، ئوت بىلەن سۇنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق نەرسىلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەندە، كۈزۈتۈش ۋە بىۋاسىتە تەجرىبە قىلىش قىيىن بولغان بۇ نەرسىلەرنىمۇ ئەتراپىدىكى جانلىقلارغا ئوخشاش ئالاھىدىلىككە ئىگە دەپ قارىغان. شۇنىڭ بىلەن ئانىزم يەنى كائىناتتىكى بارلىق ماددىلاردا روھ بار دەيدىغان قاراش شەكىللەنگەن. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە كائىناتتىكى بارلىق نەرسىلەر خۇددى ئادەمگە ئوخشاشلا ھەرخىل ھېس تۇيغۇلارغا ۋە جىنسىي ھاياجانغا، ئەر ـ ئاياللىق جىنسىي پەرقلەرگە ئىگە. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پۈتۈن كائىناتقا ئورتاق بولغان جىنسىي پەرق ھاياتلىقتىكى ئەڭ مۇھىم نەرسە دەپ قارالغان. پۈتكۈل كائىناتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتى يەنى ئۆزگۈرۈشلىرى جىنسىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارالغان.

ئىنسانلار تەپەككۇر قىلىشقا باشلىغان ئەڭ دەسلەپكى دەۋرلەردە بىرىنچى بولۇپ ئۆز تېنىدىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى ھەيرانلىق بىلەن كۆزەتكەن ۋە بىرىنچى بولۇپ ئۆز تېنىدىن بايقايدىغىنى ۋە ئۇلارنى ھەممىدىن بەكرەك قىزىقتۇرىدىغىنى

ئەلۋەتتە ئەر جىنسلىقلار بىلەن ئايال جىنسلىقلارنىڭ بەدىنىدىكى ئوخشىماسلىق ۋە پەرق. ئۇلار ئائىلە ۋە جەمەتلەرنىڭ تەرەققىياتى، ئەۋلاد قالدۇرۇش ۋە جەمەتنىڭ زورىيىپ بېرىشى، ھاياتلىقنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇلۇشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى جىنسىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ پەرەز قىلغان. شۇڭا، ئۇلار مۇشۇ ئاساستا تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھادىسىلەرنىڭ جەريانى، تەرەققىياتى ۋە ئۆزگىرىشى قاتارلىقلارنىمۇ جىنسىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان ۋە تەبىئەت دۇنياسىدىكى نەرسىلەرنى ئەركەك چىشى دەپ ئايرىپ پەرەز قىلغان.

قەدىمكى ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئاسمان بىلەن يەرنى ئەركەك چىشى دەپ ئايرىغان، چاقماق چېقىپ بوران چىقىشىنى ئاسمان بىلەن يەر ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي ھاياجاننىڭ پارتىلىشى دەپ قارىغان. كىشىلەر تەبىئەت ھادىسىلىرىنى چۈشەنمىگەچكە ۋە سىرلىق ھېس قىلغاچقا، تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن قورققان ۋە بىرخىل ئىلاھىي كۈچ سۈپىتىدە چوقۇنغان.

نۇرغۇنلىغان مىللەتلەرنىڭ دۇنيانىڭ يارىتىلىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلىرىدە يەرنى چىشى جىنسلىق، ئاسماننى ئەركەك جىنسلىق دەپ قارايدىغان ئەپسانىلار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: ئىنگلىزچىدىكى جىنسنى بىلدۈرىدىغان Sex دېگەن سۆز لاتىن تىلىدىكى Seeus دېگەن سۆزدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئەڭ دەسلەپكى مەنىسى كېسىۋېتىش، پارچىلاش، ئايرىش دېگەنلەردىن ئىبارەت. قەدىمكى رۇم ئەپسانىلىرىدە ئېيتىلىشىچە يەر بىلەن ئاسمان ئەڭ دەسلەپتە چەكسىز بىرخىل جىنسىي بىرىكىش ياكى ئەركەك چىشى بىر گەۋدە بولغان ئىلاھنىڭ مەڭگۈلۈك جىنسىي بىردەكلىكىدىن ئىبارەت ئىدى، مانا بۇ خىل جىنسىي بىرىكىش پۈتكۈل كائىناتتىكى ھەرىكەتلەرنى ۋە بارلىق جانلىقلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن.

دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان مىللەتلەرنىڭ دۇنيانىڭ يارىتىلىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلىرىدا بۇنىڭغا ئوخشاش مەزمۇنلار ئۇچراپ

تۇرىدۇ. بۇ ئەپسانىلارنىڭ كۆپ قىسمىدا كېيىن بۇ ئىككى ئەسلى گەۋدىنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ، روشەن جىنسىي پەرقىقە ئىگە ئىككى گەۋدىگە پارچىلىنىۋېتىلگەنلىكى سۆزلىنىدۇ.

نۇرغۇنلىغان مىللەتلەرگە ئورتاق بولغان ئىپتىدائىي دىنلاردىكى تەبىئەت دۇنياسىغا چوقۇنۇش ئېتىقادىنىڭ ھەممىسى ئىنسانلاردىكى ئەڭ قەدىمكى بولغان ئاشۇ ئاسمان بىلەن زېمىن ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي پەرق قارىشى بىلەن روشەن مۇناسىۋەتلىك. بۇ خىل كۆزقاراش نۇرغۇن مىللەتلەردە تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە ياكى بىرخىل ئاڭسىز ھالدىكى ئادەت شەكلىدە ساقلانماقتا.

قەدىمكى ئىنسانلار ئاسماننى بىرخىل ئەرلىك جىنسىي كۈچ ھېسابلاپ چوقۇنغان، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە پۈتكۈل جانلىقلار يەر بىلەن زېمىننىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئېلىپ بېرىشىدىن يارىتىلغان، خۇددى ھامىلە ئانىنىڭ قورسىقىدا تۆرەلگەندەك ھەممە جانلىق تۇپراقتىن ئىبارەت بۇ ئانىنىڭ تېنىدىن يىلتىز تارتىپ ئۆسۈپ چىقىدۇ. ئاسماندىن چۈشكەن يامغۇر ۋە قۇياش نۇرى زېمىندىكى جانلىقلارنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ قارىشى بويىچە ئاسمان ئەركەك جىنسلىق بولۇپ، زېمىن چىشى جىنسلىق، يامغۇر، قار ۋە مۆلدۈر، قۇياش نۇرى قاتارلىقلار ئاسماننىڭ ئىسپېرمىسى، قۇياش بولسا ئاسماننىڭ زەكىرى، ئاسمان ئىسپېرمىنى زېمىنغا ياغدۇرغاندىن كېيىن زېمىن ھامىلدار بولۇپ، ئۇنىڭ قوينىدىن جانلىقلار ئۆسۈپ چىقىدۇ. ھۆل ـ يېغىندىن ئاۋۋال بوران ياكى بۇلۇتلارنىڭ تۈرۈلۈشى ئاسمان بىلەن زېمىن ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي ھاياجاننىڭ قوزغىلىشىدىن ئىبارەت. دەريا سۈيىنىڭ ئۆرلىشى زېمىننىڭ جىنسىي ھاياجىنىنىڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىشى بولۇپ، بۇ خۇددى ئاياللارنىڭ جىنسىي ھاياجىنى يۇقىرى پەللىگە چىققاندا، جىنسىي ئەزاسىدىن سۇيۇقلۇق ئاجرىتىپ چىققانغا ئوخشايدۇ.

قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئاسمان بىلەن زېمىن ھەققىدىكى

قاراشلىرى شۇ قەدەر تەبىئىي ۋە بىر ـ بىرىگە جىپسىلىشىپ كەتكەنكى، ئۇلار قىلچە يوچۇق قالدۇرماستىن، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ھەممە خىل ھادىسىلەرنى ئاسمان بىلەن زېمىننىڭ جىنسىي مۇناسىۋىتىگە باغلاپ چۈشەندۈرگەن. ئۇلار ھەتتا ھايۋانلارنىڭ جۈپلەشكەندە، ئەركىكىنىڭ ئۈستىدە چىشىسىنىڭ ئاستىدا بولۇشىنىمۇ ئاسماننىڭ ئۈستىدە، يەرنىڭ ئاستىدا بولۇشىدەك قانۇنىيەتنىڭ مەھسۇلى دەپ چۈشەندۈرگەن. شۇڭا، براخمان دىنىنىڭ كىتابلىرىدا ئەرلەر بىلەن ئاياللار جىنسىي ئالاقە قىلغاندا، چوقۇم ئەر ئۈستىدە ئايال ئاستىدا تۇرۇش كېرەك، باشقىچە شەكىلدە جىنسىي ئالاقە قىلىش خۇدانىڭ قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلىش بولۇپ، ئېغىر گۇناھ دەپ كۆرسۈتۈلگەن.

قەدىمكى گرېك، ھىندىستان، چىن، پولېنېزىيە ۋە يېڭى زىللاندىيە يەرلىكلىرىنىڭ ئەپسانىلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئاسمان بىلەن زېمىن ئىلاھلارنى بارلىققا كەلتۈرگەن، ئىلاھلار بولسا باشقا جانلىقلارنى ياراتقان دەپ قارىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەپسانىلىرى مەزمۇن ۋە قۇرۇلما جەھەتتىن ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، پەقەت ئوخشاشمىغان تىللاردا ئىلاھلارنىڭ نامى ئوخشىمايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاسمان بىلەن زېمىننى ئادەملەرگە ئوخشاشلا جىنسىي پەرققە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى يەنە ئادەملەرگە ئوخشاشلا ئەزالارغا ئىگە دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، خەنزۇلار قۇياشنى 太阳 دەپ ئاتايدۇ، بۇنىڭدىكى 阳 دېگەن خەتنىڭ ئەرلىك جىنسىي قۇۋۋەت مەنىسى بار بولۇپ، بۇنىڭدىن زەكەرنى阳具 دەپ ئاتاش كېلىپ چىققان. 阳 ئەرلىك بولۇپ، 具 سايمان مەنىسىدە. براخمانلارنىڭ مۇقەددەس كىتابى بولغان «ئوپانىشاد» (Upani sad) تا بولسا، كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاتمان (Atman) پارچىلىنىپ كائىناتنى شەكىللەندۈرگەن. شۇڭا، پۈتكۈل كائىناتتىكى ھەممە نەرسىدە ئۇنىڭ روھى بار بولۇپ، كۈچلۈك ئانىمىزم تۈسىنى ئالغان. بۇ ئابستراكت چۈشەنچە ۋە ئۇقۇملارنى خىلمۇخىل خاراكتېرگە ئىگە ئوبراز شەكىلدە چۈشەندۈرگەن، تەبىئەت ھادىسىلىرى ھەققىدىكى

ساددا تەسەۋۋۇرلار بىلەن سىرلىق ۋە چوڭقۇر بولغان پەلسەپىۋىلىك ئاجايىپ ئۇستۇلۇق بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ئەسەردە ئاتمان پۈتۈنلەي ئەر ھالىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇنىڭ چىشىسى بولسا ساراشىۋاتى (Sara svati) بولۇپ، قۇياش ناھايىتى ئېنىقلا ھالدا ئاتماننىڭ ئەرلىك جىنسىي ئەزاسى دەپ كۆرسۈتۈلگەن.

قەدىمكى ئىنسانلاردا ئاسمانغا بولغان چوقۇنۇش ئومۇميۈزلۈك مەۋجۇت بولغاندىن سىرت، يەنە قۇياش ئېتىقادىمۇ شەكىللەنگەندى. ناھايىتى روشەنكى، قۇياشقا چوقۇنۇش ئېتىقادى ئاسمانغا چوقۇنۇش ئېتىقادىنىڭ داۋامىدىن ئىبارەت. قەدىمكى مىسىردىكى قۇياش ئېتىقادىدىن تارتىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاتەشپەرەسلىك ۋە ئالتاي تىللىرىدىكى مىللەتلەرنىڭ شامانىزم ئېتىقادىنىڭ ھەممىسى ئاسمانغا چوقۇنۇشنىڭ داۋامى بولۇپ، پەقەت ئۇنىڭ مەنبەيى بولغان جىنسىي چوقۇنۇش ئېڭى بارا - بارا غۇۋالىشىپ كەتكەن ياكى ئابستراكتلىشىپ كەتكەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ خىل ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى جىنسىيەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك باش تېمىنى تاپقىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتكەن. بارلىق دىنلارغا ئوخشاش بۇ دىنلارمۇ جىنسىي چۈشكۈنلۈككە ۋە شەھۋانىيلىققا قارشى بولغاچقا، ھەتتا ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ جىنسىي ئاڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىش قىيىن. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ مەنبەيى بولغان جىنسىي ئاڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ شەخسىي تۇرمۇشىدىكى جىنسىيەت قارىشى بىر - بىرى بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز ئىككى ئۇقۇم بولۇپ، بۇلارنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇش پۈتۈنلەي خاتادۇر. ئۇلارنىڭ قەدىمكى ئېتىقادىدىكى جىنسىي چوقۇنۇش پەقەت ئۇلارنىڭ تەبىئەت دۇنياسىنى ۋە كائىناتنى چۈشىنىشىدىكى بىرخىل ئۇسۇل بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي ئالاقىنى ئۇلۇغلاش ياكى جىنسىي قالايمىقانچىلىقنى

تەشەببۇس قىلىش ئەمەس.
مەسىلەن، براخمان دىنىدا ۋە ئۇيغۇر قاتارلىق ئاسىيا مىللەتلىرىنىڭ قاراشلىرىدا كۈندۈزدە جىنسىي ئالاقە قىلىش گۇناھ بولۇپ، ئەخلاقسىي تەرەپتىن چەكلىنىدۇ، مانا دەل بۇ خىل ئەخلاقىي چەكلىمىنىڭ ئۆزى بولسا قۇياشنى ئۇلۇغلاش ئېتىقادىدىن كېلىپ چىققان، ھېچكىممۇ قۇياشقا جىنسىي تۇس بېرىپ ئۇلۇغلىغانلىقى ئۈچۈن قۇياش ئالدىدا قالايمىقان جىنسىي ئالاقە قىلىش يوللۇق دەپ قارىمايدۇ. ئەكسىچە، ئىنسانىيەتنىڭ جىنسىي ئەخلاق ۋە پەرھىزلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە قەدىمكى ئىنسانلاردىكى جىنسىي چوقۇنۇش ئادەتلىرىنىڭ داۋامى بولۇپ، ئۇلار بەزى جىنسىي قىلمىشلارنى ئۇلارنىڭ جىنسىي ئىگى تۆپەيلىدىن جىنسىي تۇس ئالغان تەبىئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە خىلاپ بولغانلىقى ئۈچۈن چەكلىگەن. مەسىلەن، براخمان دىنىدىكى جىنسىي ئالاقىدە ئەر ـ ئايالنىڭ ئورنى ھەققىدىكى قاراشنى بايا سۆزلەپ ئۆتتۇق. «ئىنجىل»دا ئىسپېرمىنى يەرگە ئېقىتىۋېتىش قاتتىق چەكلەنگەن. مەسىلەن، «دۇنيانىڭ يارىتىلىشى» قىسمىنىڭ 38 ـ بابىدا يەھۇدانىڭ بىرىنچى ئوغلى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئايالىنى ئىككىنچى ئوغلىغا ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن بىرىنچى ئوغلى ئۈچۈن بىر بالا تېپىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقى، بىراق ئىككىنچى ئوغلىنىڭ بۇنى خالىماي، ئۇ ئايال بىلەن بىللە بولغاندا، ئىسپېرمىنى يەرگە ئېقىتىپ چۇشۇرىۋەتكەنلىكى، بۇنىڭغا خۇدانىڭ غەزىپى كېلىپ، ئۇنىمۇ ئۆلتۈرگەنلىكى بايان قىلىنغان. بىراق بۇ يەردە يەھۇدانىڭ ئىككىنچى ئوغلىنىڭ نېمە ئۈچۈن خۇدا تەرىپىدىن جازالانغانلىقى چۈشەندۈرۈلمىگەن. بۇنى گۇناھ دەپ قاراشنىڭ ئاساسى نېمە؟ بىز پەقەت بۇنى قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ يەرنى ئۇلۇغلىشىدىن يەنى يەرگە بولغان جىنسىي چوقۇنۇش ئېڭىنىڭ داۋامى سۈپىتىدىلا بۇنى چۈشەندۈرەلەيمىز.

جىنسىي پەرھىز يەنى تابۇلارنىڭ شەكىللىنىشى ئىنسانلاردىكى قەدىمكى ئېتىقادنىڭ ھەقىقىي سىستېمىلىشىپ، مۇكەممەل دىن ھالىتىگە كىرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، قەدىمكى روھىي مەدەنىيەتنىڭ يۈكسەك تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلىدۇر. ئىنسانلاردىكى ئەڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە يەنى دارۋىننىڭ نەزەرىيىسى بويىچە ھايۋاندىن ئادەمگە ئايلانغان چاغدا، تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، ھېچقانداق جىنسىي پەرھىزنىڭ يوق بولۇشى مۇمكىن. قەدىمكى مىسىردا قالايمىقان جىنسىي ئالاقە قىلىشقا قويۇلغان چەك ناھايىتى ئاز بولغان، ئۇ يەردە ئىبادەتخانىلارغا جىنسىي ئەزاسىنى ئېچىپ قويغان ئەر ۋە ئايال ئىلاھلارنىڭ ھەيكەللىرى قويۇلغان بولۇپ، ھەتتا ئەرلەرنىڭ ۋە ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسى ۋە ئەمچىكىنىڭ ھەيكەللىرىمۇ ئويۇلغان. قەدىمكى رىمدا بولسا پاھىشە ئاياللارغا جەمئىيەتتە ئالاھىدە ئورۇن بېرىلىپ، دەرىجىلەرگە ئايرىلغان. قەدىمكى سۈرىيە ۋە كىچىك ئاسىيانىڭ بەزى جايلىرىدا بولسا توپلۇشۇپ جىنسىي ئالاقە قىلىش مودا بولغان. پەقەت جىنسىي چوقۇنۇش ئاساسىدا شەكىللەنگەن قەدىمكى ئېتىقاد شەكىللەنگەندىن كېيىنلا ئاندىن جىنسىي پەرھىزلەر شەكىللىنىپ، بەزى قالايمىقانچىلىقلار چەكلەنگەن. مانا بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جىنسىي چوقۇنۇش بىلەن شەھۋانىيلىق بىر - بىرىدىن كەسكىن پەرقلىنىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا قۇياش ئېتىقادىنىڭ داۋامى بولغان بەزى پەرھىزلەر ھېلىمۇ ساقلانماقتا، مەسىلەن، كۈنگە قاراپ سىيمەسلىك، تاھارەت سۇندۇرغاندىن كېيىن، پوقىنى كۆمۈپ قۇياشقا كۆرسەتمەسلىك، ئۆينىڭ دەرۋازىسىنى كۈن چىقىش تەرەپكە قارىتىپ سېلىش، كۈن تىكلەشكەندە ھاجەت قىلماسلىق قاتارلىقلار. قەدىمكى ئۇيغۇرلار بۇ خىل ھەرىكەتلەرنى قۇياشقا بولغان ھۆرمەتسىزلىك دەپ قارىغان.

ئاسمانغا چوقۇنۇش قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ مۇھىم

ئېتىقاد شەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، دۇنيادىكى باشقا نۇرغۇنلىغان مىللەتلەرنىڭ ئېتىقادىغا ئوخشاشلا كۈن، يۇلتۇز، ئاي، بۇلۇت، چاقماق قاتارلىقلارغا بولغان چوقۇنۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە قۇياشقا چوقۇنۇش يەنىلا مەركەز ئىدى.

«تەڭرى» سۆزى قەدىمكى هون تىلىدا كۆك ئاسماننى بىلدۈرىدۇ، بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنىڭ بارا ـ بارا تەرەققىي قىلىپ، ئىلاهنى بىلدۈرۈشى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا دىنلارنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنمۇ يەنىلا ئىلاھ مەنىسىدە ئىستىمالدىن چۈشۈپ قالماي ساقلىنىشى ئۇيغۇرلاردا قەدىمكى ئاسمانغا چوقۇنۇش ئېڭىنىڭ تا هازىرغىچە گاهى ئاشكارا، گاهى يوشۇرۇن هالدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ روشەن ئىپادىلىرىنىڭ بىرى. كۆنچى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى قۇملۇقتىن تېپىلغان قەبرە نۇر چېچىپ تۇرغان قۇياشنىڭ شەكلى چۈشۈرۈلۈپ ياسالغان بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۈچ مىڭ يىل بۇرۇنقى ئۇيغۇرلارنىڭ دەپنە ئادىتىدە قۇياش ئېتىقادىنىڭ ئەكس ئېتىپ تۇرغانلىقىنى روشەن دەلىللەپ تۇرۇپتۇ. چەرچەننىڭ تۇزلۇققاش قەبرىستانلىقىدىن تېپىلغان قۇياش شەكلىدە قادالغان نۆكچىلەرمۇ بۇنى دەلىللەيدۇ.

ئۇيغۇرلاردا كۆككە چوقۇنۇشنىڭ بەزى ئادەتلىرى هېلىمۇ ئىسلام دىنى بىلەن شەكلىنى ئۆزگەرتكەن هالدا تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. مەسىلەن، رازىخەتمە («يامغۇر تىلەش») مۇراسىمىدا كىشىلەر «كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق» دەپ كۆككە قاراپ كۆك تەڭرىسىگە ئىلتىجا قىلىشىدۇ، ئۇيغۇرلار هازىر ئىسلام دىنىغا يات بولغان بۇ خىل يات ئېتىقاد ئادىتىنىمۇ بىرخىل مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت هالىتىدە هازىرغىچە ساقلاپ كەلمەكتە. خۇددى كارل. ياڭ ئېيتىپ ئۆتكەندەك مىللىي روهنىڭ نېگىزى بولغان كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئاڭدىكى ئىپتىدائىي ئېتىقاد ئادەتلىرى ئىرسىي هالدا ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا ساقلىنىپ، بىز قوبۇل قىلغان هەرقانداق بىر دىندىن يەنىلا ئۆزىنى ئىپادە

قىلىدىغان بىر يوچۇق تېپىپ مەۋجۇت بولۇپ كەلمەكتە.

«كۆكتىن تامدۇق، يەردىن ئۈندۇق» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىلا ئۇيغۇرلاردىكى ئىنسانىنىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى قاراشلاردا تا ھازىرغىچە يەر بىلەن ئاسمان ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي پەرق ۋە مۇناسىۋەتلەر ھەققىدىكى ئاڭنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. يەنى، ئەرلىك جىنسقا ئىگە كۆك بىلەن ئاياللىق جىنسقا ئىگە زېمىن ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي ئالاقىدىن ئىنسانىنىڭ پەيدا بولغانلىقى ھەققىدىكى كۆزقاراش بۇ سۆزدە روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرۇپتۇ.

ئىنسانلاردا يەنە ئاسمانغا ۋە ئاسمان جىسىملىرىغا چوقۇنۇشتىن باشقا يەرگە ۋە بەزى تەبىئەت جىسىملىرىغا چوقۇنۇشمۇ بارلىقىقا كەلگەن. دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ ئەپسانىلىرىدا كۆككە چوقۇنۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك كۆك تەڭرى، قۇياش ئىلاھى قاتارلىق ئىلاھلار بولغاندىن سىرت، يەنە يەر تەڭرى، سۇ تەڭرىسى ۋە تاغ ئىلاھى قاتارلىقلارمۇ بار.

قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ قارىشىدا ئاسمان بىرخىل ئەرلىك جىنسىي گەۋدە سۈپىتىدە دۇنيادىكى بارلىق جانلىقلارنىڭ يارىتىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغاندەك، ئۇنىڭ ئوبېكتى سۈپىتىدە زېمىنمۇ جانلىقلارنىڭ يارىتىلىشىدىكى مۇھىم مەنبە. چۈنكى، بارلىق جانلىقلار ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتىن يارىتىلغان، ھەرگىزمۇ يەككە ـ يېگانە ھالدا بىرلا جىنستىن يارىتىلغان ئەمەس، شۇڭا كۆككە بولغان چوقۇنۇشقا ئوخشاش ئىنسانلاردا تۇپراققىمۇ چوقۇنۇش شەكىللەنگەن.

قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرىدىن تارتىپ ئۇيغۇرلاردىكى ئادەمنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدىكى ئەپسانىدە، قەدىمكى چىنلىقلاردىكى نوۋانىڭ ئادەم يارىتىشىدىن تارتىپ تاكى «تەۋرات» دىكى ئادەمنىڭ يارىتىلىشىغىچە ھەممىسىدە بىر ئورتاقلىق شۇكى، ئادەم توپىدىن يارىتىلغان.

ئىنسانلار دايىم چۆرگىلەپ كېتەلمەيۋاتقان بۇ تۇپراق بىلەن

ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتىدە زادى قانداق سىرلىق باغلىنىش بولۇشى مۇمكىن؟

قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە ھەممە نەرسە كۆكتىن چۈشۈپ تۇپراقتىن ئۈنۈپ چىقىدۇ. ئاسمان زېمىننى ھامىلىدار قىلىدۇ، زېمىن قورساق كۆتۈرۈپ تۇغىدۇ، مانا بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئىنساننىڭ يارىتىلىشى ھەققىدىكى ئاشۇ ئەپسانىلار يەنىلا يەر بىلەن زېمىننىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدىن يىراقلاپ كېتەلمىگەن.

ئىنسانلارنىڭ دايىم زېمىننى بىرخىل ئاياللىق بەلگە بىلەن سۈپەتلىشى تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن تۇپراقنى «ئانا يەر» دەپ ئاتايدۇ، ئىنگلىزلارمۇ «motherland» دەيدۇ، خەنزۇلار بولسا «大地母亲» دەپ تەرىپلەيدۇ، قەدىمكى سلاۋيانلار بولسا يەرنى ئالاھىدە بىر ئىلاھ سۈپىتىدە ئۇلۇغلاپ، چوقۇنۇپ ئۇنى mati-syra-zemlya، يەنى نەم يەر ئانا دەپ ئاتىغان. قەدىمكى بابىل ئەپسانىلىرىدا Ga-tum-Dug دەپ ئاتالغان بولۇپ، ئۇنىڭمۇ ئانا دېگەن مەنىسى بار، قەدىمكى گرېك ئەپسانىلىرىدىكى يەر ئىلاھىمۇ يەرنىڭ ئادەملەشتۈرۈلۈپ تەسۋىرلىنىشى بولۇپ، ئۇمۇ ئايال ئوبرازىدا بايان قىلىنغان. دېمەك، پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا زېمىن ئايال جىنسلىق ھالىتىدە بولۇپ، قەدىمكى جىنسىي چوقۇنۇشنىڭ ئىزناسىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس.

«تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» نىڭ ئۈستىدىن سانىغاندا 38 - قۇرىدا «تەڭرى، ئۇماي، مۇقەددەس يەر - سۇ بىزگە مەدەت بېرىدۇ» دەپ يېزىلغان بولۇپ، يەر سۇ بۇنىڭدا بىرخىل روھىي مەۋجۇدىيەت ھالىتىدە تىلغا ئېلىنغان ۋە ئۇنىڭدىن ئىلاھىي كۈچ سۈپىتىدە مەدەت تىلەنگەن.

قەدىمكى ھون ئەپسانىلىرىدا ئەڭ كۈچلۈك ئۈچ تەڭرى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى مۇقەددەس يەر سۇدىن ئىبارەت، ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇرلارنىڭ يەرگە بولغان چوقۇنۇشىنى مەزمۇن قىلغان

ھەمــدە يەرنــى ئايــال ئوبرازــدا تەســۋىرلەيدىغان مۇنــداق ئىككــى ئەپسانىسى بار. بۇنىڭ ھەر ئىككىسى قەدىمكى ئودۇنـدا تارقالغـان بولــۇپ، بەزىــلەر «ئــۇدۇن» دېــگەن يەر ئىســمىنىڭ كېلىــپ چىقىشىنى ئاشۇ ئەپسانە بىـلەن چۈشەندۇرمەكتە، ئـۇ ئەپسـانىنىڭ بىـرى مۇنداق:

شەرقىي ئەلنىڭ شاھزادىسـى گۇناھكـار بولـۇپ قېلىــپ، ئـۇدۇن زېمىنىغــا ســۈرگۈن قىلىنىپتــۇ، ئــۇ تاكساســلار دۆلىتىنىـــڭ مۇســاپىرلىرى بىــلەن ئۇچرىشــۇپ قېلىــپ، بىــر پەس قوراللىــق ئېلىشىــپ، ئۆلارنى يېڭىــپ ئۆزىگە قوشۇۋاپتۇ. پايتەختنى كۆچۈرۈپ شەھەر بىنا قىلىپ، دۆلەت قـۇرۇپ، ئەلنـى جاتىرجەملەنـدۇرۇپتۇ، بـۇ ئىشلار پۈتكەندە ئۆزىمۇ ياشىنىپ قاپتۇ، لېكىن پەرزەنت كۆرمەپتـۇ. نەســــەبى ئۈزۈلــــۈپ قېلىشــــتىن ئەنســــىرەپ ۋاســــىيراخانا ئىبادەتخانىســــىغا بېرىــــپ، ۋاســــىيراخاناغا ئىلتىجــا قىلىپتــۇ، ئىلاھىنىڭ ئالدىدىكى يەر تۇيۇقسىـز پولتىيىـپ چىقىپتـۇ، ئۇنىـڭ شەكلى بەئەينى بىر ئەمچەككە ئوخشايدىكەن، بۇ خىسلەتلىك بـالا ئۇنى ئېمىپ چوڭ بولۇپتۇ.

تىبەتچە تارىخىي ماتېرىياللاردا خاتىرىلەنگەن يەنە بىـر ئەپسـانە مۇنداق:

دارمــا ئاســۇكا (Darmasoka) ھۆكۈمرانلىقىنىـــڭ 13 ـ يىلــى ئۇنىڭ خانىكەسى بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ، رەمچىلەرنىڭ كۆپۈنچىسى بۇ بالا كەلگۈسىدە شاھنىڭ تەختىنى تارتىۋالىدۇ دەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن شـاھ ئـۇنى تاشلىۋېتىشكە پەرمـان چۈشـۈرۈپتۇ. خـانىكە بـۇ بـالىنى تاشلىۋەتمىسە، پادىشاھىنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قورقـۇپ، نـائىلاج مـــاقۇل بوپتـــۇ. لـــېكىن شـــاھزادە تاشـــلىۋېتىلگەن چاغـــدا ئـــۇ تاشلىۋېتىلگەن ئادەمسىز ئاشۇ قاقاس جايدا يەردىـن بىـر ئەمـچەك پەيدا بولۇپ، سۈتى بىلەن بېقىپتۇ ـ دە، شاھزادە ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ [1]

---

[1] «بۇددا ئېلى ئۇدۇن» ـ خەلق نەشرىياتى 1995 ــ يىللىق ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ 4 ـ، 5 ــ بېتىگە قاراڭ.

ئۇيغۇرلاردا قۇياشقا چوقۇنۇش ئادەتلىرىدىن باشقا يەرگە چوقۇنۇشنىڭمۇ خىلمۇخىل ئادەتلىرى تا ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، ئىككى ئادەم قەسەم قىلىشقاندا، يەرنىڭ ھەققىدە قەسەم قىلىشىدۇ ۋە «يەر ئۇرسۇن»، «يەر يۇتسۇن» دەپ ئانت ئىچىشىدۇ. بۇ خۇددى «خۇدا ئۇرسۇن» دېگەنگە ئوخشاشلا مەنىگە ئىگە بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلارنىڭ يەرنى ئىلاھلاشتۇرغانلىقى، يەرنى ئۇلۇغلىغانلىقى ۋە ئۇنىڭدىن قورققانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولۇدۇ. گەرچە ئۇيغۇرلار ھازىر ئىسلام دىنىدىكى «ئاللاھ» دىن باشقا ئىلاھقا ئىشەنمىسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئېڭىدا زېمىن يەنىلا بىرخىل زور قۇدرەتكە ئىگە ئىلاھ سۈپىتىدە مەۋجۇت.

ئۇيغۇرلاردىن ئىككى كىشى سودىدا پۈتۈشسە، سودىغا بولغان رازىلىقىنى ئىپادىلەش ۋە بىر ـ بىرىگە ئامەت تىلەش مەنىسىدە قوللىرىنى يەرگە سۈۋاپ قول ئېلىشىدۇ، مانا بۇ يەرنى بىرخىل ئىلاھىي كۈچ ھېسابلاپ گۇۋاھلىققا تارتقانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە ئۇيغۇرلاردا سودىنىڭ تۇنجى كىرىمىنى «ئىرىم» دەپ يەرگە ئۈچ قېتىم ئۇرۇۋېتىپ، ئاندىن يانچۇقىغا سالىدىغان ئادەت بار. بۇمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ تاپاۋەتنى يەرنىڭ قوللىشىدىن بولغان دەپ قارىغانلىقى ۋە يەرنىڭ داۋاملىق قوللىشىنى ئىلتىجا قىلغانلىقىدۇر، ئۇلار ئاڭسىز ھالدا ئاشۇنداق قىلغاندا يەر ئىلاھى ئامەت كەلتۈرىدۇ دەپ قارايدۇ.

يەرگە چوقۇنۇشنىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرى سۈپىتىدە يەنە تاغقا چوقۇنۇش قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم ئېتىقاد ئادەتلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە مەۋجۇت ئىدى. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار ئۆتۈكەن تېغىنى مۇقەددەس تاغ ھېسابلاپ چوقۇنغان، ئۆزلىرىنىڭ بارلىق تەقدىرىنى، ئامەتلىرىنى، غەلىبىلىرىنى ۋە ئاپەتلىرىنى ئاشۇ تاغقا باغلاپ چۈشەنگەن. شۇڭا، ئۆتۈكەن تېغىنى پايتەخت قىلغان ۋە ئۆتۈكەن تېغىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى چوڭقۇر بەختسىزلىك يەنى ئىلاھنىڭ قوللىشىدىن ئايرىلىپ قېلىش دەپ چۈشەنگەن.

قەدىمكى ئىنسانلار پۈتكۈل كائىناتتىكى ھەممە مەۋجۇداتنى ئەركەك چىشى دەپ ئايرىپ، تۇغۇلۇش، ئۆلۈش، مۇھەببەت، نەپرەت قاتارلىق ئىنسانىيەت ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئىزدىنىش تېمىسى بولغان مەسىلىلەر ئۈستىدىمۇ دەسلەپتە مۇشۇ جىنسىيەت نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ كۆزىتىش ئېلىپ بارغان ۋە يەكۈن چىقارغان.

قەدىمكى گرېتسىيىلىكلەر بىلەن روملۇقلار بارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنى چىشى جىنسلىق دەپ ھېسابلىغان، باغ بىنا قىلغاندا مول - ھوسۇل ئېلىش ئۈچۈن مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن مېۋىسىز دەرەخلەرنى تەڭ تېرىغان. مېۋىسىز دەرەخ ئەركەك ھېسابلىنىپ، مېۋىلىك دەرەخ بىلەن بىرگە بولسا مېۋە كۆپ بولىدۇ دەپ قاراشقان.

ئۇيغۇرلار گەرچە مېۋىلىك دەرەخلەرنى چىشى، مېۋىسىز دەرەخلەرنى ئەركەك دەپ روشەن پەرقلەندۈرۈپ كەتمىسىمۇ، لېكىن دەرەخلەرنى ئەركەك، چىشى دەپ ئايرىيدىغان ئىش ھېلىمۇ بار. مەسىلەن، باغدا ئانار دەرىخىنىڭ مېۋىسى ئازىيىپ كەتسە، ئەركەك ئانار دەپ قارىلىدىغان بىر خىل مېۋىسىز ئاناردىن بىر تۈپ ئېلىپ كېلىپ، مېۋىسى ئازىيىپ كېتىۋاتقان ئانار دەرەخلىرى ئارىسىغا تىكىپ قويىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق ئانارلارنىڭ ھوسۇلىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

جىنسىي چوقۇنۇش ئادەتلىرى ۋە مۇراسىملىرى قەدىمكى ئىنسانلاردا ناھايىتى ئوچۇق - ئاشكارا ۋە ئىنتايىن ئەستايىدىل ھالەتتە ئېلىپ بېرىلاتتى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇلار لوگىكىلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان بىر يۈرۈش مېتافىزىكىلىق رېجىلەرگە ئىگە ئاڭلىق پائالىيەتلەر ئىدى. كېيىنچە دىنىي قاراشلارنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۇلار دەسلەپكى تېئولوگىيىلىك قاراشلاردىن ۋاز كەچكەن بولسىمۇ، بىراق بەزىبىر ئادەتلەر پەقەت بىرخىل ياشاش ئۇسۇلى شەكلىدە مەۋجۇت بولۇۋەردى - دە، ئاخىرىدا باش - ئاخىرى يوق، كېلىپ چىقىشى ۋە سەۋەبىنى زادىلا چۈشەنگىلى بولمايدىغان نوقۇل ئادەتكە ئايلاندى. پەقەت ھازىرقى زامانغا

كەلگەندە بۇ سەۋەبى غۇۋالىشىپ كەتكەن ئادەتلەرنى پەقەت پەلسەپە ۋە ئانتروپولوگىيە ئالىملىرىلا تەتقىق قىلىپ چىقىش ئارقىلىقلار سەۋەبىنى ئېنىقلاشقا توغرا كەلدى. ئەگەر ئاشۇ ئادەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى كېيىنكى دەۋرلەردىمۇ كىشىلەرگە ئايان بولۇپ، ئىنسانلار ئاشۇ ئادەتلەرنى ئاڭلىق هالدا بىرخىل تۇرمۇش شەكلى قىلغان بولسا، بۇ ئادەتلەر مەۋجۇت بولمىغان بولاتتى. ئىپتىدائىي دىنىي ئېتىقاد ۋە ئادەتلەرنىڭ مەلۇم مىللەتنىڭ تۇرمۇشىدىن تولۇق قېلىپ قالماسلىقى ۋە جاھىللىق بىلەن ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى شۇ سەۋەبتىنكى، ئاشۇ ئىپتىدائىي ئېتىقاد ۋە ئادەتلەر بىر مىللەتنىڭ ياشاش ئۇسۇلىنىلا شەكىللەندۈرۈپ قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى ۋە ئۆزىگە خاس بولغان قىممەت قارىشىنى شەكىللەندۈرگەن. سانسىز ئەسىرلەر جەريانىدا خۇددى تەكلىماكان قۇملۇقىدەك تىنىمسىز ئۆزگىرىپ تۇرغان، بىراق ئۆز ئاستىدا ئۆزگەرمەس ئاڭ تىندۇرمىلىرىنى يوشۇرغان مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا سىڭىپ كىرىپ، تەتقىق قىلغاندىلا، بىز ئاندىن مىللىتىمىزنىڭ مىللىي روهى ۋە مىللىي ئېڭىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بايقىيالايمىز.

## 2. هايۋانلىق بىلەن ئىنسانلىق ئارىسىدا

شۇ نەرسىنى كېسىپ ئېيتىشقا بولۇدۇكى، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىيات تارىخى ئىنسانىيەتنىڭ هايۋانىيلىقتىن يىراقلىشىپ ئىنسانىيلىققا قاراپ ئىلگىرىلەش تارىخىدىن ئىبارەت، بىراق ئىنسانىيەت ئەزەلدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەيۋاتقان هايۋانىيلىقتىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايدۇ. قەدىمكى مۇقەددەس كىتابلاردا ۋە ئەپسانىلاردا ئىنسانىيەت ئېڭىغا بېكىتىپ قويۇلغان غايىۋى ئىنسانىيلىق، ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۈلۈك چۈشىدىن ئىبارەت. شۇڭا ئىنسانىيەت هەم ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق غايىسىدىكى ئاشۇ «ئىنسانىيلىقىمۇ

يېقىنلىشىدىغان» ھەم ھايۋانىي تەبىئىتىنىڭ پىسخىك ئېھتىياجىدىنمۇ بەك يىراقلاپ كەتمىگەن بىر يولنى تېپىپ، ھەم ئىنسانىيلىق ھەم ھايۋانىيلىق تەلىپىنىڭ ھەر ئىككىسىنى قاندۇرۇپ مېڭىشى كېرەك.

ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردە ئىنسانلار ھايۋانلار بىلەن مەيلى تەبىئەت دۇنياسىدا بولسۇن، مەيلى روھىي دۇنياسىدا بولسۇن، ئىنتايىن يېقىن ئىدى. بۈگۈنكى دەۋردىكىدەك ئىنسانلار تەبىئەت دۇنياسىدىن يىراقلاپ كەتكەن ئەمەس ئىدى، ئىنسانلار ئۆزلىرىنى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلايتى. مەيلى شامانىزم ئېتىقادىدا بولسۇن، مەيلى براخمان دىنىدا بولسۇن، مەيلى تويىنچىلار (داۋچىلار) بولسۇن ھەممىسى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۆزىنى ئىلاھنىڭ زاھىرىيىتى دەپ قاراپ، تەبىئەت بىلەن ئىلاھنى ۋە ئىنسان روھىنى بىر گەۋدە دەپ قارىغانىدى. ئۆلۈمنى بولسا ئىنسان روھىنىڭ تەندىن ئاجرىلىپ چىقىپ كائىنات روھى بىلەن قوشۇلۇشى دەپ قارىشاتتى. ئىپتىدائىي ئانىمىزملىق دىنىي قاراش بويىچە ھەممە نەرسىدە جان بار بولۇپ، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ھەممە نەرسىدە جان بار دەپ قارىغاندىن سىرت، ھەممە نەرسىنى ئىنسانلاشتۇرۇپ، ھەممە نەرسىدە ئىنسانغا خاس خاراكتېر بار دەپ قارايتتى. ئۇلار بۇ ئارقىلىق بىر تەرەپتىن چەكسىز كۈچ - قۇدرىتى بىلەن ئىنساننى ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغان تەبىئەت بىلەن ئېلىشىش ۋە ھايات ئۈچۈن كۆرەش قىلىش ئېلىپ كەلگەن مەغلۇبىيەت ۋە ئۈمىدسىزلىكلەرگە بويسۇنماي، ئۆزلىرىگە روھىي جەھەتتە تەسەللىي ئىزدىسە، يەنە بىر تەرەپتىن رەھىمسىز تەبىئەت دۇنياسىنى خام - خىياللار ئارقىلىق مېھرى - مۇھەببەتكە ئىگە دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن يېقىنچىلىق مۇناسىۋەتنى بەرپا قىلىشنى ئىستەيتتى.

ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي ياشاش ئۇسۇلى ۋە ئېتىقاد ئادەتلىرىدە ئەڭ مۇھىم بىر نەرسە تۇتېمىزىمدۇر. بۇ خىل سىرلىق مەدەنىيەت ھەققىدە تېخى دۇنيا ئالىملىرى ئارىسىدا بىرلىككە

كەلگەن كۆزقاراش يوق. پسخولوگلار، ئانتروپولوگلار ۋە تىئولـوگلار بۇ ھەقتە ھەرخىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلدى، تۇتېم زادى قانداق بىر ھادىسە؟ ئۇ بىر دىنمۇ ئەمەسمۇ؟ دېگەن مەسىلىنى چۆرىدىگەن ھالدا تالاش ـ تارتىشلار كۆپ، بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە ئۇ مۇكەممەل بىر دىني ئېتىقاد، بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە بولسا بىرخىل بەلگە، بەزىلەرنىڭ نەزىرىدە بولسا بىرخىل سەنئەت ياكى ئويۇن. 1869 ـ يىلى ئەنگلىيە ئالىمى ج. ف. ماكلېنان (J. F. Maclenan) ماقالە ئېلان قىلىپ، تۇتېمنى تېئولوگىيە نۇقتىسىدىن چىقىپ تەھلىل قىلىپ ئۇنى ئىنسانلارنىڭ بىرخىل ئىپتىدائىي دىني ئېتىقاد شەكلى دەپ قارىدى. ل. خ. مورگاننىڭ (L. H. Morgan) 1877 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «قەدىمكى جەمىيەت» ناملىق كىتابىدا بولسا تۇتېم پەقەت مەلۇم ئۇرۇق ياكى قەبىلىنىڭ بەلگىسى ۋە سىمۋولى دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئېدۋارد تايلور (E. B. Tylor) قاتارلىق ئالىملار بولسا تۇتېمىزمنىڭ دىن ئېكەنلىكىگە قارشى تۇرۇپ، ئۇنى پەقەت قەدىمكى ئىنسانلار ئۆز جەمىيىتىدىكى ئادەملەر توپى ۋە ئۇرۇقلارنى تۈرگە ئايرىش ئېھتىياجىدىن بولغان دەپ قارىغان.

كۆز ئالدىمىزدا مەۋجۇت بولۇۋاتقان ۋەقە ھادىسىلەرمۇ بىردەمدىلار كىشىلەرنىڭ ئېغىزىدا بىر مەھەل كۆرۈپ يۈرگەندىن كېيىن سانسىزلىغان پەرەز، مۇلاھىزە ۋە سۇبېكتىپ ئارزۇلار پەيدا قىلغان خام ـ خىياللار بىلەن ئارىلىشىپ ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە سىرلىق ئىشلارغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقان بۇ ئىنسانلار جەمىيىتىدە ھايات ياشاۋاتقان ئادەملەر ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن نەچچە ئون يىل ئاۋۋالقى ۋەقە ـ ھادىسىلەرمۇ تېگى ـ تەكتىنى ئېنىقلىغىلى بولمايدىغان، تارىخنىڭ مەڭگۈلۈك تەتقىقات تېمىلىرىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتسا، ئاشۇ قەدىمكى دەۋرلەردىكى تۇتېمىزمنىڭ سىرىنى تولۇق ئېچىپ تاشلاش ئانچە مۇمكىن بولمىسا كېرەك. بىراق، ئۇ بىزنىڭ ئىنسانلارنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ۋە پسخىك ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا بىزنى مۇھىم

دەلىل ـ ئىسپات ۋە ماتېرىيال يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ دۇنيانى كۆزىتىش ۋە پىكىر يۈرگۈزۈشىدىكى ئەڭ نېگىزلىك نەرسە بولغان جىنسىيەت ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ مۇھىم ياشاش ئۇسۇلىدىن بىرى بولغان تۇتېمىزمدا ماھىيەتلىك رول ئوينىماي قالمايدۇ.

تۇتېم (Totem) ئىندىئان تىلىدا ئۇنىڭ ئەۋلادى دېگەن مەنىدە بولۇپ، نۇرغۇنلىغان قەدىمكى مىللەتلەر ئۆزلىرىنى مەلۇم بىر ھايۋاننىڭ ئەۋلادى دەپ ئىشەنگەن ۋە بۇ ھايۋاننى ئۆزلىرىگە تۇتېم قىلىپ، ئۆز ئۇرۇقىنى باشقا ئۇرۇقلاردىن پەرقلەندۈرىدىغان بەلگە ھېسابىدا ئىشلەتكەن، بۇ خىل تۇتېمىزم ئېتىقادى پەقەت ياۋايى ھالەتتىكى بەزى مىللەتلەردە دىنىي ئېتىقات تۈسىنى ئالغان بولۇپ، قەدىمكى زاماندا تەرەققىي قىلغان بەزى مىللەتلەردە بولسا ئۇنداق بولمىغان. يەنى، دىنىي ئېتىقات تۈسى بولمىغان پەقەتلا بىر بەلگە، سىمۋول سۈپىتىدە قارالغان.

بىز مەيلى «ئوغۇزنامە»، مەيلى مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدىن ياكى «تارىخىي خاتىرىلەر» دىن ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرىنى بىر خۇدا ھېسابلاپ چوقۇنغانلىقى ھەققىدە پاكىت تاپالمايمىز. بۆرە پەقەت ئۇيغۇرلاردا لەقەم ۋە بەلگە ئورنىدىلا مەۋجۇت ئىدى، خۇددى ھازىرقى كىشىلەر ئۆزلىرىگە تەخەللۇس قويغاندەك ياكى لەقەم قويغاندەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇقىنى باشقا مىللەتلەردىن پەرقلەندۈرۈش رولىنىلا ئوينايتى.

مەسىلەن: قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرى ئۆزلىرىنى بۇغراخان دەپ ئاتىغان، بۇغرا تۆگە دېگەن مەنىدە، بىراق بىز بۇ پادىشاھلارنىڭ تۆگىنى ئىلاھ ھېسابلاپ چوقۇنغانلىقىغا ئائىت ھېچقانداق ئىسپات تاپالمايمىز. بۇ پەقەتلا بىر خىل لەقەم بولۇپ، ئەينى چاغدا خان جەمەتى بولغان بۇغرا ئۇرۇقىنى باشقا ئۇرۇق ـ جەمەتلەردىن ئايرىپ تۇرۇش رولىنى ئوينىغان. شۇڭا، تۇتېم تەتقىقاتىدا تايلور قاتارلىق ئالىملارنىڭ تۇتېم پەقەت بەلگە دەيدىغان قارىشىنىڭمۇ مەكلىنبان قاتارلىق ئالىملارنىڭ

تۇتىمىزم بىرخىل دىن دەيدىغان قارىشىنىڭمۇ ھەر ئىككىسىنىڭ ئاساسى بار.

ھازىرقى دەۋرلەردىمۇ بىز ئۇرۇق بەلگىسى قىلىنغان بەزى لەقەملەرنى ئۇچرىتىمىز، بەزى يېزىلاردا بىر ئۇرۇق مۈشۈك ئەۋلادى دەپ ئاتالسا، يەنە بىر ئۇرۇق قوشقار ئەۋلادى دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىدىغان ئەھۋاللارنى ئۇچرىتالايمىز. بىراق، ئۇلار تولۇق مۇسۇلمان بولۇپ، ئۇلاردا توتېمنى دىن دەيدىغان قاراش يوق. بۇ خۇددى ھازىرقى بەزى شائىرلارنىڭ ئۆزلىرىگە ئارسلان، بۆركۈت، ئۇچقۇن دېگەندەك تەخەللۇسلارنى قويۇۋالغىنىغا ئوخشاش بىر ئىش. بۇ تەخەللۇسلاردىن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، تەخەللۇس قويغۇچى ئۆزىگە تەخەللۇس قىلغان ھايۋان ياكى نەرسىگە بەكمۇ ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە ئۆزىدە شۇلار بىلەن ئوخشاش خاراكتېرنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ ياكى شۇنداق خاراكتېر بار دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ پەخىرلىنىدۇ. شۇنداقلا ئۆزلىرىنى ئاشۇ نەرسىلەرگە تەقلىد قىلىش ئارقىلىق ئوخشاش ئارزۇسىنى قاندۇرىدۇ.

ئۇيغۇرلاردىكى بۆرە ھەققىدىكى ئەپسانىلارنىڭ سىرلىق تۈس ئېلىشى پەقەتلا ئۇلار ھۆرمەت قىلغان نەرسىگە بولغان ھۆرمىتىنىڭ ئىنتايىن يۈكسەكلىكىدىن ئۇنى بەدىئىي جەھەتتە مۇبالىغە قىلىپ ئىپادىلىشىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق مۇبالىغە قىلىش قەدىمكى ئەپسانىۋى تەپەككۇر دەۋرىدىلا ئەمەس، ھازىرقى دەۋردىمۇ مەۋجۇت. بىز پەقەت مۇبالىغە ۋە ھۆرمەتنىڭ پسىخىك ئاساسىنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىقلا ئۇيغۇرلارنىڭ نېمىشقا بۆرىنى ئۆزلىرىگە بەلگە قىلغانلىقى ھەققىدىكى سىرنى ئېچىپ بېرەلەيمىز.

روھىي كېسەللىكلەر ئالىمى فرېئۇد بەزى روھىي كېسەللىكلەر مىساللىرى ئارقىلىق تۇتىم ئېتىقادىنى يوشۇرۇن ئاڭدىكى ئودىپوس تۈگۈنى قارىشى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشكە تىرىشقان. يەنى ئۇنىڭ قارىشى بويىچە تۇتىم ھايۋان دادىنىڭ ئوبرازى بولۇپ، كىشىلەردىكى تۇتېمغا چوقۇنۇش ۋە ئۇنىڭدىن قورقۇش تۇيغۇسى

دادىدىن قورقۇش ۋە ئۇنىڭ ئائىلىدىكى زورلۇق كۈچىگە چوقۇنۇش تۇيغۇسى بىلەن ئوخشاش.

فرېئود بۇ يەردە شۇنداق بىر نۇقتىغا سەل قارىغانكى، ئىنسانلارنىڭ تۇتىم ھەققىدىكى ئەپسانىلىرىدە تۇتىم ھايۋان ھامان چىشى ھايۋاندۇر، شۇڭا ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ ئېڭىدىكى دادىدىنىڭ سىمۋولى بولۇشىنى مۇتلەقلەشتۈرگىلى بولمايدۇ. بىراق، تۇتىم ئېتىقادى ھەققىدىكى تەتقىقاتتا فرېئودنىڭ بالىلاردىكى تەقلىد قىلىش پسىخىكىسى ۋە بالىلار ئويۇنلىرى ھەققىدىكى نەزەرىيىلىرى بىزگە مەلۇم چىقىش يولىدىن بېشارەت بېرەلەيدۇ.

ئوغۇل بالا دادىسىنى، قىز بالا ئانىسىنى تارتىدۇ، يەنى ئۇلارغا تەقلىد قىلىدۇ. چۈنكى، بالىلار ئۇلارنىڭ ئورنىنى دەسسەشنى ئىستەيدۇ، ئوغۇل بالا يوشۇرۇن ئېڭىدا دادىسىنى ئۆلتۈرۈپ، دادىسىنىڭ ئورنىغا چىقىشنى، قىز بالا ئاپىسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئاپىسىنىڭ ئورنىغا دەسسەشنى ئىستەيدۇ. ئۇلار ئىنتايىن ئەخلاقسىز بولغان يىرگىنچلىك بۇ خىل ھاياجىنىنى پەقەت ئويۇن ۋە تەقلىد قىلىش ئارقىلىق قاندۇرالايدۇ. بالىلار ئويۇن ئوينىغاندا چوڭ كىشىلەرنى دورايدۇ، چوڭ كىشىلەرنى دوراشتا بولسا ئاتا ـ ئانىسىنى ئۈلگە ئالىدۇ، مانا بۇ بالىلارنىڭ سىمۋوللۇق يوللار بىلەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئورنىنى ئېلىشى يەنى ئۇلارنى تارتىشى. شۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەرنىڭ مەلۇم نەرسىنى تۇتىم قىلىشى، تۇتىم قىلىنغان نەرسىگە بولغان چەكسىز ھۆرمىتى ۋە ئۇنىڭغا تەقلىد قىلىشنىڭ نەتىجىسى بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، ھازىرقى بىر شائىر ئۆزىگە بۈركۈت دەپ ئىسىم قويغان بولسا، بۇ ئۇنىڭ بۈركۈتتىكى مەلۇم خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆزىدە بولسا دەپ ئارزۇ قىلغانلىقىنى يەنى ئۆزىنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدىكى بۈركۈت بولۇپ، ئۆتكۈر ۋە باتۇرلۇق بىلەن تونۇلۇشىنى ئارزۇ قىلغانلىقىنى ھەمدە مۇشۇنداق ئارزۇلار پەيدا قىلغان خام ـ خىياللارنىڭ تۈرتكىسىدە ئۆز خاراكتېرىنى بۈركۈتكە تەقلىد

قىلىپ، خۇشاللانغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. بىراق، قىزىق يېرى شۇكى، ئۆزىگە بۇنداق تەخقەللۇسنى قويۇۋالغان كىشىلەر خاراكتېر جەھەتتە ئۆزى تۇتىم قىلغان نەرسىنىڭ ئەكسىچە ئىنتايىن ئاجىز كېلىدۇ. دېمەك، بىز بۇنىڭدىن ئۇنىڭ تەخەللۇس قويۇشتىكى مۇددىئاسىنىڭ ئۆزىدە ناھايىتى كەم بولغان ئاشۇ خاراكتېرنى تەقلىد قىلىش ئارقىلىق، ئۆزىدە باردەك ھېس قىلىپ، غەيرى نورمال ئۇسۇل بىلەن ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئۆزىدە زادىلا جاسارەت بولمىغان ئادەم ئۆزىگە «جاسارەت» دەپ تەخەللۇس قويۇش ئارقىلىق، ئۆزى ئارزۇ قىلىدىغان، لېكىن مەڭگۈ يېتەلمەيدىغان «جاسارەتلىك بولۇش» ئارزۇسىنى قاندۇرىدۇ. تۇتىمىزمدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولۇدۇكى، نۇرغۇنلىغان تۇتىمىزملىق ئويۇنلاردا كىشىلەر تۇتىم قىلىنغان ھايۋانغا ئوخشۇتۇپ ياسالغان كىيىمنى ياكى نىقابنى كىيىپ ئويۇن قويۇدۇ، بەزىلىرى تۇتىم ھايۋاننىڭ تېرىسىنى كىيىۋېلىپ، سىرلىق تۇتىم ئۇسسۇللىرىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئەجدىھا ئويۇنى، شىر ئويۇنى، قەدىمكى گرېتسىيىدىكى ئۆچكە شەكلىدە سەھنىدە ئويۇن قويۇش. بۇ ئويۇنلارنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولۇدۇكى، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزلىرىنى تۇتىم ھايۋان شەكلىگە كىرگۈزۈش ئارقىلىق تەقلىد قىلىپ، شەكلى ئۆزگەرگەن ھالدا يەنى سىمۋوللۇق يول بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تۇتىم ھايۋاننىڭ ئورنىنى بېسىش ھەۋسىنى قاندۇرغان.

مەھمۇد قەشقىرى «تۈرك تىللى دىۋانى» ناملىق بۈيۈك ئەسىرىدە ئۇيغۇر دېگەن ئاتالغۇغا تەبىر بەرگەندە مۇنداق بىر ھېكايىنى بايان قىلىدۇ: «ماڭا مۇھەممەد چاقىر تۇتقاخان ئوغلى ئىزامىدىن ئىسرافىل توغان تېكىن ئۆز ئاتىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى سۆزلەپ مۇنداق دېگەنىدى: ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ئۇيغۇر ئېلىگە يېقىنلاشقاندا، تۈرك خاقانى ئۇنىڭغا قارشى تۆت مىڭ ئادەم ئەۋەتكەن، ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىنىڭ قاناتلىرى لاچىن

قاناتلىرىغا ئوخشايدىكەن، ئوقنى ئالدىغا قانداق ئاتسا، كەينىگىمۇ شۇنداق ئۇستۇلۇق بىلەن ئاتىدىكەن. زۇلقەرنەين بۇلارغا ھەيران قاپتۇ...»[1]

بۇ مىسالدىن كۆرۈۋېلىشقا بولۇدۇكى، قەدىمكى ئۇيغۇرلار قالپاقلىرىنى لاچىننىڭ قاناتلىرى شەكلىدە ياساپ كىيىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى لاچىندەك ھېس قىلغان، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ قالپاقلىرىغا لاچىن ئوبرازىنى چۈشۈرۈشى ئۇلارنىڭ لاچىننىڭ باتۇر ۋە ئۆتكۈرلىكىگە بولغان قايىللىقىدىن بولغان.

شۇ نەرسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش قىيىن ئەمەسكى، ئۇيغۇرلارنىڭ لاچىنغا بولغان قايىللىقى ئۇلاردا لاچىنغا ئوخشاش ھەۋىسىنى پەيدا قىلغان، لاچىنغا ئوخشاش ھەۋىسى ئۇلارنىڭ سەنئىتىدە ئەكس ئەتكەن، يەنى ئۇلارنىڭ قالپاق ياساش ھۈنەر سەنئىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

قەدىمكى قەبىلىلەرنىڭ ئۇسسۇل ۋە ناخشا قاتارلىق سەنئەت شەكىللىرى قويۇق تۇتېمىزملىق مۇراسىم شەكلىنى ئالغان، ناخشا ئېيتقاندا تۇتېم ھايۋاننىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش ئاۋازلارنى ناخشا ئىچىگە قوشقان، ئۇسسۇل ئوينىغاندا تۇتېم ھايۋاننىڭ ھەرىكىتىنى دوراپ ئۇسسۇل ئوينىغان. مەسىلەن، قازاقلار ئۆزلىرىگە ئاققۇنى تۇتېم قىلغاچقا، ئۇلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ ئۇسسۇل ھەرىكىتى ئاققۇغا ئوخشايدۇ، ئاۋستىرالىيىنىڭ جەنۇبىدىكى كونگىروغا چوقۇنىدىغان بىر يەرلىك مىللەت ئۆزىنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە كونگىرونىڭ شەكلىنى چېكىۋېلىپ يۈرۈيدۇ. ئۇلارنىڭ چېكىم چېكىش ئۇسۇلى ئادەمنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدۇ، ئۇلار تېرىسىنى پىچاق بىلەن كېسىپ، كونگىرونىڭ شەكلىنى بەدىنىگە ئويۇدۇ، شۇنىڭ بىلەن يارىلار ساقايغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ تىلىنغان كۆكرەك، بەل، دۈمبە ۋە پۇت ـ قوللىرىدا كونگىرو شەكلىنى ئىپادىلەيدىغان مەڭگۈلۈك

---

[1] مەھمۇد قەشقىرى: «تۈرك تىلى دىۋانى» نىڭ 1981 ـ يىل خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنىڭ 151 ـ بېتىگە قاراڭ.

تاتۇق قالىدۇ، خۇددى ئۇيغۇر قاتارلىق مۇسۇلمانلار خەتنە قىلغانغا ئوخشاشلا بەزى ئىپتىدائىي قەبىلىلەر چوڭ مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، بالا سەككىز ياشتىن ئاشقاندىلا ئۇلارنىڭ بەدىنىگە تۇتىم بەلگىسىنى مەڭگۈ ئۆچمەس قىلىپ چېكىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق بالىنىڭ چوڭ بولۇپ تۇتىم قىلىنغان هايۋانغا ئايلانغانلىقىنى بىلدۈرۈشىدۇ.

ئارستوتىل ئۆزىنىڭ «شېئىرىيەت» ناملىق كىتابىنىڭ «شېئىرىيەت ـ تەقلىدتۇر» دېگەن ماۋزۇ ئاستىدىكى مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «مەيلى ئېپىك شېئىر، تراگېدىيە، كومېدىيە ياكى مۇزىكىلار بولسۇن ئۇلارنىڭ هەممىسى ئومۇملاشتۇرغاندا، تەقلىد قىلىش (دوراش) دېگەن ئۇقۇم ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ، ئۇلار پەقەت بىر ـ بىرىدىن مۇنداق ئۈچ جەھەتتە پەرقلىنىدۇ، دوراش ۋاستىسى، دوراش ئۇسلۇبى ۋە دوراش شەكلى...»[①]

ئارستوتىل يەنە «شېئىرىيەت» ناملىق كىتابىنىڭ 4 ـ بابىدا مۇنداق دەيدۇ: «شېئىرىي ئىجادىيەتنىڭ ئادەتتە ئىككى مەنبەسى بار، ئۇلار هەر ئىككىسى ئىنساننىڭ تۇغما تەبىئىتىدە مەۋجۇت. بۇلارنىڭ بىرىنچىسى بولغان تەقلىد قىلىش ئىنساندا بالىلىق دەۋرىدىلا بار بولغان بىرخىل تۇغما قوزغىلىش بولۇپ، جانلىقلار ئىچىدە ئادەمنىڭ هايۋان بىلەن بولغان ئەڭ چوڭ پەرقى ئۇنىڭ دورامچىلىقىدا. ئۇ نىڭ بىلىمى ئەڭ دەسلەپتە دوراشتىن كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە بىز هەممىمىزدە دوراشتىن ئىبارەت بۇ هەرىكەتتىن هوزۇرلىنىدىغان تۇغما خاراكتېر بار.»[②]

دېمەك، ئارستوتىل قەدىمكى دەۋرلەردىلا ئىنسان تەبىئىتىدە بار بولغان دورامچىلىقتىن ئىبارەت بۇ خىل خاراكتېرنىڭ سەنئەتنىڭ

---

[①] ئارستوتىل: «شېئىرىيەت»، پېنگۇين نەشرىياتىنىڭ 1965 ـ يىل ئىنگلىزچە نەشرى، 31 ـ بەتكە قارالسۇن.

[②] يۇقىرىقى كىتاب، 35 ـ بەتكە قارالسۇن.

مەنبەسى ئىكەنلىكىنى بايقىغان ۋە بۇنى ئۆزىنىڭ سەنئەت ھەققىدىكى بىر يۈرۈش سىستېمىلىق نەزەرىيىلىرى ئارقىلىق دەلىللەپ چىققان. ھازىرقى سەنئەت ئىجادىيىتىدىمۇ سەنئەتنىڭ ماھىيىتى دوراش بولسىمۇ، بىراق بۇ ماھىيەت ئاسان ھىس قىلغىلى بولمايدىغان بولۇپ كەتكەن، بىراق ئىپتىدائىي سەنئەتتە بولسا روشەن ئىدى.

ئۇنداقتا ئىنسان نېمە ئۈچۈن دوراشتىن ھوزۇرلىنىدۇ؟ چۈنكى دوراش ئارقىلىق ئىنسان ئۆز روھىغا تەسەللىي تاپىدۇ، دورىغۇچى ئۆزىنى دوراش جەريانىدا خۇددى دورالغۇچى نەرسىدەك ھىس قىلىپ، دورالغۇچىغا ئايلىنىش ئىستىكىنى قاندۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەدەبىي ئەسەردە يازغۇچى بەدىئىيلىكتىن شۇنىڭ ئۈچۈن ھوزۇرلىنىدۇكى، ئۇ ئۆزىنى تۇرمۇشتىكى ئوبرازلاردىن قۇراشتۇرۇلغان پېرسوناژلاردەك ھىس قىلىپ، ئىجادىيەت جەريانىدا خىيالىي ھالدا ئۆزى تەسۋىرلىگەن پېرسوناژغا ئايلىنىدۇ ـ دە، ئاشۇ پېرسوناژنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئۆز كەچۈرمىشىدەك پېرسوناژلارنىڭ قەھرىمانلىق ھەرىكەتلىرىدىن ھوزۇرلىنىدۇ.

قەدىمكى ئەپسانىلار مەيلى كىم تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنسۇن ياكى بىر شەخس تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ، ئاندىن تارقالغان بولسۇن، ئارىستوتېلنىڭ نەزەرىيىسى بويىچە بولغاندا ئۇمۇ دوراشنىڭ مەھسۇلى.

بۇلاردىن بىز مۇنداق بىر سخېمىنى كەلتۈرۈپ چىقىرالايمىز:

ھايۋان (تۇتىم) = دادا = قەھرىمان = دورالغۇچى

ئادەم = بالا = سەنئەتكار = دورىغۇچى

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، كىشىلەرگە ئومۇملۇشۇپ كەتكەن، باشتا ئەپسانە پەيدا بولۇپ، ئاندىن تۇتىم ئېتىقادى پەيدا بولغان دېگەن كۆز قاراش ئانچە پۇت دەسسەپ تۇرالمايدۇ. تۇتىمىزىمنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى تۈنجى سەۋەب ھايۋان، يەنى ئەڭ دەسلەپ ھايۋان ئوتتۇرىغا چىققان، ئىنسانلار بەزى ھايۋانلارنىڭ بەزى خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكىگە قول قويغان، بۇ ھايۋانغا بولغان

ئادەتتىن تاشقىرى قول قويۇش ۋە قايىللىق تۈيغۇسى قەدىمكى ئەپسانىلارنى شەكىللەندۈرگەن. يەنى كىشىلەر ئۆزى قايىل بولغان ھايۋانغا بولغان قايىللىق تۈيغۇسى ئاشقانسېرى، ئۇنى سىرلىقلاشتۇرۇپ، ئۆز قايىللىقىنى ئىپادىلىگەن. ئاشۇ ھايۋاننى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلغان، ئۆزلىرىگە ئۈلگە تىكلەشنى ۋە باشقىلارنىڭمۇ بۇنى ئۈلگە قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشنى ئۆز ئادىتىگە ئايلاندۇرغان. ئىنسانىيەت ئاندىن ئۆزى تىكلىگەن بۇ ئۈلگىنى باشقىلارغا كېڭەيتىش مەقسىتىدە (ئۆز ئىدىيىسىنى باشقىلارغا قوبۇل قىلدۇرۇش ئىنسانلارنىڭ ئەڭ خۇشاللىق بىلەن ئېلىپ بارىدىغان ئىشى) ياكى ئۆزىنىڭ ئۈلگىنى دوراشتىن كېلىپ چىققان (باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان غەلىتە) ھەرىكىتىنى ئاقلاش مەقسىتىدە بۇ ئۈلگىنى بار كۈچى بىلەن باشقىلارغا ماختىغان، بارغانسېرى مۇبالىغە قىلىش جەريانىدا بۇ ئۈلگە ھەققىدىكى ھېكايە سىرلىق ئەپسانىگە ئايلانغان، ئاندىن ئۇنى ئۆز ئۇرۇقىنىڭ ئەجدادى دەپ تونۇغان.

جاھالەت دەۋرىدىكى ئىنسانىيەت سەنئىتىدە تۆتىم تەسۋىرى ۋە تۆتىم شەكلىدە ياسىنىش مودا بولغان. بۇ خۇددى كىچىك بالا دادىسى سىرتقا چىقىپ كەتكەندە ئۇنىڭ كىيىمىنى كىيىپ ئوينىغانغا ئوخشاش ئىش، بەزى كىچىك بالىلار باشقىلارغا دادىسىنى كۆپتۈرۈپ تەسۋىرلەپ بېرىدۇ ۋە ئۆزىنىڭمۇ چوڭ بولغاندا دادىسىغا ئوخشاش پالانچى بولىدىغانلىقىنى ئېيتىشىپ يۈرىدۇ. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قەدىمكى ئىنسانلار تۆتىم ھايۋاننى ئۆزى دوراش ئوبيېكتى قىلغان ۋە ئەجدادى ئورنىغا دەسسەتكەن. ئىنسانلار يوشۇرۇن ئېڭىدىكى چەكلەنگەن ئاشۇ يىرگىنچلىك بولغان دادىسىنىڭ ئۆزىگە ئايلىنىش ئىستىكىنى سابلىماتسىيە قىلىپ تۆتىمنىڭ ئۆزىگە ئايلىنىش ئىستىكىگە ئايلاندۇرغان.

بەزىلەر ئېيتقاندەك، ئەگەر تۆتىم نوقۇل ئىلاھ بولىدىغان بولسا، قەدىمكى ياۋايى قەبىلىلەر پەقەتلا چوقۇنۇش مۇراسىملىرىنىلا

ئېلىپ بارغان بولاتتى، بىراق كۆپۈنچە تۇتېم مۇراسىملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىبادەت شەكلىدە ئەمەس، بەلكى تۇتېم قىلىنغان نەرسىگە ئايلىنىش شەكلىدە. شۇڭا يىغىنچاقلاپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، تۇتېمنىڭ ئاساسىي مەنبەسى تەقلىد قىلىشتىن ئىبارەت.

ئەمدى مەسىلى شۇكى، ئىنسانلار زادى قانداق ھايۋانلارغا تەقلىد قىلىدۇ؟

پەن تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، يەر شارىدىكى ئەڭ دەسلەپكى ھاياتلىق ئۆسۈملۈكتىن ئىبارەت، كېيىن ھايۋان ئاخىرىدا ئادەم يارىتىلغان، ئەگەر بىز كارىل ياڭ (Carl Jung)نىڭ كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئاڭ نەزەرىيىسى ئارقىلىق قارايدىغان بولساق، ئىنسانلاردىكى تۇتېم ئېتىقادى ئىنسانلارنىڭ كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى ئەجدادلارنى ئەسلەشنى مەنبە قىلغان بولۇشى مۇمكىن، بىراق نېمە ئۈچۈن ئۇرۇق بىلەن ئۇرۇق، مىللەت بىلەن مىللەتنىڭ تۇتېمى ئوخشىمايدۇ؟ مەلۇم بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ مەلۇم بىرخىل ھايۋاننى تۇتېم قىلىش سەۋەبى زادى نېمە؟

بىز ئالدىنقى بابتا سۆزلەپ ئۆتكەندەك، قەدىمكى ئىنسانلار ئۈچۈن كائىناتنىڭ ماھىيىتى جىنسىيەتتىن ئىبارەت، چۈنكى ئىنسانلار ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ چوڭ سىر بولغان تۇغۇلۇش بىلەن ئۆلۈمنى پەقەت جىنسىيەتكە باغلاپلا كۆزۈتەلەيدۇ، يەنى جانلىقلار جىنسىي ئالاقىدىن تۇغۇلىدۇ، شۇڭا ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى جىنسىي ئالاقە، ئىنسان ئەۋلاد قالدۇرۇش ئارقىلىق ئۆزى ھاياتىنى مەڭگۈلۈككە ئىگە قىلالايدۇ، شۇڭا ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇشنىڭ بىردىنبىر يولى جىنسىيەت.

جاھالەت دەۋرىدىكى ئىنسانلارنىڭ دۇنيا ھەققىدىكى بارلىق قاراشلىرىنىڭ تۈپ يىلتىزى جىنسىيەت بولغاچقا، جىنسىي ئاڭ ئىنسانىيەتنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت تارىخىغا سىڭىپ كەتكەن، شۇڭا ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنىڭ بىرى بولغان

تۆتىمىزمىنىڭمۇ ماھىيىتى جىنسىيەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس، بىز يۇقۇرىدا سۆزلەپ ئۆتكەندەك، ئۇنىڭدا بىۋاسىتە تۇغقانلارنىڭ قالايمىقان جىنسىي ئالاقىدە بولۇشىدىن قورقۇش كومپىلىكسىدىن باشقا يەنە ئۇنىڭدا جىنسىي ئىقتىدارغا چوقۇنۇش ھېسسىياتىمۇ بار.

بالىلاردىكى دادىسىغا ئايلىنىش تەبىئىي ھاياجىنى ئەلۋەتتە دادىدىكى ئىگىلىۋېلىش كۈچىنى مەقسەت قىلغان بولۇدۇ، دادا ئائىلىدە مۇتلەق ھوقۇقدار، شۇنداقلا ئاياللارنى ئىگىلىۋالغۇچى. بالىلارنىڭ نەزىرىدە ئۇنى بۇنداق ھوقۇققا ئىگە قىلغان نەرسە ئۇنىڭدىكى تەڭداشسىز جىنسىي ئىقتىدار ۋە كۆپىيىش كۈچىدىن ئىبارەت.

قەدىمكى ئىنسانلاردا خىلمۇخىل جىنسىي بىنورماللىق ۋە روھىي كېسەللەرنىڭ بار بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن، چۈنكى ئەينى دەۋرلەردىكى كىشىلەر كوللېكتىپ ھالدىكى بىرخىل جىنسىي ئەسەبىيلىككە گىرىپتار بولغان بولۇپ، ھازىرقى دەۋر كىشىلىرىنىڭ نەزىرىدە جىنسىي ئەسەبىيلىك ۋە بىنورماللىق دەپ قارىلىدىغان ئاشۇ جىنسىيەتكە دەرىجىدىن تاشقىرى ئەھمىيەت بېرىش ئەينى دەۋر كىشىلىرى ئۈچۈن ئىنتايىن نورمال ۋە ئادەتتىكى تۇرمۇش مىزانلىرىغا ئايلانغان.

كارل ياڭنىڭ قارىشى بويىچە ئېيتقاندا، ھازىرقى دەۋر كىشىلىرىدىكى روھىي كېسەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەڭ مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى - لوگىكىلىق تەپەككۇر بارغانسېرى كۈچىيىپ، كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىنى بوغۇپ قويۇۋاتقان مەدەنىيەت ئاتموسفىراسىدا ئەپسانىۋى تەپەككۇرنىڭ چىقىش يولى تاپالماستىن بوغۇلۇپ قېلىشى ۋە چەتكە قېقىلىشى بولۇپ، ئىنساندا تەبىئىي ھالدا بىرخىل ئەپسانىۋى تەپەككۇرنىڭ تۇغما ھاجايىنى بولىدۇ. ئىلىم - پەن ۋە ماددىي مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتى كىشىلەرنىڭ روھىنى ماددا بىلەن تولدۇرۇۋېتىپ، ئەپسانىۋى تەپەككۇرغا يەنى ماددىي دۇنيادىن ھالقىغان، سىرلىق

ۋە مېتافىزىكىلىق تەپەككۇرغا يول قويمىغانلىقى ئۈچۈن ئەپسانىۋى تەپەككۇرغا بولغان تەلەپ كىشىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا ساقلىنىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ تەلەپ يوشۇرۇن ئاڭدا خۇددى يېرىگلىق ياردەك ساقلىنىپ، ئىنساننى ئازاپلايدۇ، ئىنساندا چۈشكۈنلۈك ۋە دۇنيادىن بىزار بولۇش تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ، ئاخىرى ئىنسان ئۆزىدىكى بۇ تۇغما تەلەپنى پەقەت ئېلىشىپ قېلىش ئارقىلىق قاندۇرالايدۇ. ئېلىشىپ قېلىش نەتىجىسىدە كاردىن چىققان نېرۋا ئىنساندىكى ئىنتايىن قاتتىق بولغان ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى شەكىللەندۇرگەن لوگىكىلارنى ئېلىشىپ قېلىش ئارقىلىق بىتچىت قىلىپ تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنساندا خام ـ خىيال ئەسەبىيلىكى ۋە خىيالىي تۇيغۇ پەيدا بولىدۇ. بۇ خام خىيال ئەسەبىيلىكى ۋە خىيالىي تۇيغۇ دەل قەدىمكى زامان ئادەملىرىنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىغا ئوخشايدۇ.

مەسىلەن، ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ رېيال دۇنيادىن ئۆزىنى ئېلىپ قېچىشتىكى بىر ۋاستىسى زەھەرلىك چېكىملىك بولۇپ، زەھەرلىك چېكىملىك چەككۈچىنى ئەڭ دەسلەپتە مەپتۇن قىلغىنى دەل زەھەرلىك چېكىملىك پەيدا قىلغان خىيالىي تۇيغۇ. تۇنجى قېتىم زەھەر چەككۈچى تۇنجى چېكىش بىلەنلا زەھەرگە تايىنىش خاراكتېرلىك فىزىئولوگىيىلىك ئۆزگۈرۈش پەيدا قىلمايدۇ، يەنى خۇمار پەيدا قىلمايدۇ، بىراق ئۇ يەنىلا زەھەرنىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا ئۈچرايدۇ. زەھەرنىڭ ئادەمنى دەسلەپكى ئېزىقتۇرۇشى دەل ئۇ پەيدا قىلغان خىيالىي تۇيغۇدۇر. ئادەم نېمە ئۈچۈن ساق ۋاقتىدا ئېرىشكىلى بولمايدىغان ئاشۇ خىيالىي تۇيغۇنى قوغلىشىدۇ؟ چۈنكى، ئىنساندا تۇغما ھالدا خىيالىي تۇيغۇغا ئوخشايدىغان بىرخىل ئەپسانىۋى تەپەككۇر تەلىپى مەۋجۇت. زەھەرلىك چېكىملىك دەل كىشىلەردىكى لوگىكىلىق تەپەككۇرنى بۇزۇپ، ئۇنىڭ بۇ خىل تەلىپىنى قاندۇرىدۇ. خام خىيال ئەسەبىيلىكى خاراكتېرلىك روھىي پارچىلىنىش يەنى پارانويىلىك سىكزافرېنىيە (Patanoic sehizophrenia) كېسەللىكىنىڭ

كۆپۈنچىسى روھىي كېسەل دوختۇرلىرى تەرىپىدىن خۇراپاتلىق ئەسەبىيلىكى ۋە جىن چاپلىشىش خام ـ خىيالى كېسىلى دەپ ئېيتىلىۋاتقان كېسەللىكنىڭ ھەممىسى دەل ئىنساندىكى بېسىمغا ئۇچرىغان ئەپسانىۋى تەپەككۇرنىڭ پارتلاپ چىقىشىدىن ئىبارەت.

قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ تەپەككۇر سىستېمىسى پۈتۈنلەي ئەپسانىۋى تەپەككۇر شەكلىدە قۇرۇلغان بولۇپ، ئەپسانىۋى تەپەككۇر ئارقىلىق، ئۇلار روھىي جەھەتتە ماددىي دۇنيانىڭ لوگىكىلىق تەرتىپىدىن غالىپ ئىدى. يەنى خام ـ خىيال ئارقىلىق ماددىي دۇنيانى بويسۇندۇراتتى، ھازىرقى ئىنسانلار بولسا ماددىي دۇنيانىڭ ئۆزىنىڭ لوگىكىلىق تەرتىپى ئارقىلىق ماددىي دۇنيا ئۈستىدىن نىسبەتەن غەلىبە قىلغان بولغاچقا، ئەپسانىۋى خام ـ خىياللارنى چۆرۈپ تاشلىغان، بىراق روھىي جەھەتتە قۇرۇق ياكى ۋاكۇئۇم ھالەتتە قالدى. ماددىي جەھەتتىكى نامراتلىق روھىي جەھەتتىكى بايلىقنى پەيدا قىلغان بولسا، ئەمدى ماددىي جەھەتتىكى بايلىق روھىي جەھەتتىكى نامراتلىقنى پەيدا قىلدى، لېكىن روھىي جەھەتتىكى ئېھتىياج ھامان ئىنساننى قىيناپ، ئىنسان بۇ ئېھتىياجنى قانداق قاندۇرۇشنى بىلەلمەي، گاڭگىراپ قالدى. ئەمەلىيەتتە دەل ئەپسانىۋى تەپەككۇر كىشىلەردىكى مۇشۇ ئېھتىياجنى قاندۇرىدىغان بىردىنبىر يول ئىدى، شۇڭا ھازىرقى زامان كىشىلىرىدە تۈتىم ئېڭى ۋە دىنىي قىزغىنلىق قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقماقتا.

ئىنساننىڭ تەپەككۇر ئەركىنلىكى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان ئاشۇ ئىپتىدائىي دەۋرلەردە روھىي سىقىلىش ۋە زەربىلەر پەقەت ئۆلۈم ۋەھىمىسىلا بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇلار بولسا ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى مەڭگۈلۈك ھاياتلىق ھەققىدىكى خام خىياللار ئارقىلىق يېڭىپ، ئۆزىگە تەسەللىي تېپىپ كەلگەنىدى، ئۇلار مەڭگۈلۈك ھاياتقا ئېرىشىشنىڭ بىردىنبىر يولىنى پەقەت ئەۋلاد قالدۇرۇشقا يەنى جىنسىي ئىقتىدارغا باغلىغانىدى.

مەلۇم مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، قەدىمكى كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرى ھازىرقى روھىي كېسەل ھېسابلىنىدىغان كىشىلەرنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىدى، ھازىرقى روھىي كېسەل ھېسابلىنىدىغانلار لوگىكىلىق تەپەككۇرى بۇزۇلغان كىشىلەر بولۇپ، لوگىكىلىق تەپەككۇر پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغاچقا، ئۇلاردا بۇ ئورتاقلىق بولمىغاچقا، يەنى باشقا ئىنسانلارغا ئوخشىمىغاچقا، ئۇلار روھىي كېسەل دەپ قارىلىدۇ. پەرەز قىلىشقا بولۇدۇكى، ئەپسانىۋى تەپەككۇر تامامەن ئومۇملاشقان قەدىمكى ئىنسانلار ئارىسىدا لوگىكىلىق تەپەككۇرى كۈچلۈك بىر ئادەم بولغان بولسا، ھەممە ئادەمگە ئۇ غەلىتە كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ سۆزلىرى ۋە قاراشلىرى ئەقىلگە سىغمايدىغان بولۇپ تۇيۇلۇپ، ھەممە ئادەم ئۇنى ئېلىشىپ قاپتۇ دېيىشى مۇمكىن ئىدى.

مەسىلەن: ئۆزىنى بۆرىنىڭ ئەۋلادى دەپ قارايدىغان بىر قەبىلە ئىچىدە مەلۇم بىر كىشى (ئەگەر مۇمكىن بولسا) باشقىلارغا بىردىنلا ئادەمنىڭ بۆرىدىن تۆرەلۈشى مۇمكىن دېگەن كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويسا (ئۇنداق قىلالىشى ناتايىن، بۇ پەقەت مىسال) ھېچكىمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان بۇ قاراش باشقىلارنى قاتتىق چۆچۈتۈۋېتىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ئادەمنىڭ ھايۋاننىڭ ئۇرۇقىدىن بولۇشى ھەقىقەت، شۇڭا ئومۇملاشقان بۇ قاراش مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدۇ، بىراق تاسادىپىي بىراۋ چىقىپ مۇنازىرە قىلسا، كىشىلەر كۆزقارىشى ئۆزگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان بۇ غەلىتە ئادەمنى ساراڭ دەپ قارىماي قالمايدۇ. ساراڭلىق ۋە نورماللىق ھەققىدىكى ئۇقۇم ۋە ئۆلچەم دايىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

قەدىمكى كىمياگەرلەر ئەينى دەۋرلەردە بىرخىل «پەلسەپە تېشى»نى تېپىپ چىقىشقا تىرىشقانىدى، ئۇلار ئادەتتىكى مېتاللارنى تاۋلاپ، بىر ـ بىرىگە ئېرىتىپ قوشۇش (رېئاكسىيە) ئارقىلىق ئالتۇنغا ئايلاندۇرغىلى بولۇدۇ دەپ قارىغان ۋە مۇشۇ ئارقىلىق ئۆلمەسلىكنىڭ دورىسىنى تېپىپ، ھەممە كېسەلنى

داۋالاپ، ئىنسان ھاياتىنى چەكسىز ئۇزۇن قىلماقچى بولغانىدى، ئۇلار ئۆزلىرىدىكى بۇ خىل تىرىشچانلىقنىڭ بىكار ئاۋارىچىلىق ۋە بىمەنە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان چېغىدىلا، ئاندىن ئۇلار نەزىرىنى جىنسىيەتنىڭ سىرلىقلىقىغا بۇرىدى.[1] مانا بۇ قەدىمكى ئىنسانلاردىكى پان جىنسىيەتچىلىكتىن ئىبارەت بىر يۈرۈش ناھايىتى مۇستەھكەم كۆزقاراشلارنى شەكىللەندۈردى. ئۇلار ھاياتلىقنى مەڭگۈلۈككە ئىگە قىلىشنىڭ بىردىنبىر يولى جىنسىيەت بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىدى، شۇنىڭ بىلەن جىنسىيەتنى تېخىمۇ سىرلىق بولغان بىر قەۋەت پەردە قاپلىدى. شۇنىڭ بىلەن جىنسىي چوقۇنۇش ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىكى نوقۇل ئۇقۇم خاراكتېردىكى جىنسىي ئىقتىدار دەپ قارالغان ئابستراكت جىنسىيەتكە چوقۇنۇشتىن بارا ـ بارا نوقۇل جىنسىي ئەزاغا چوقۇنۇشقا ئۆتتى. نوقۇل جىنسىي ئەزاغا تىۋىنىشنىڭ قالدۇق ئالامەتلىرى تا ھازىرغىچە بەزى ئېچىلمىغان مىللەتلەردە ۋە نادان كىشىلەر ئارىسىدا ساقلانماقتا. بۇ ھال تەرەققىي قىلغان مىللەتلەردىن ياپونلاردىمۇ بار.

مەسىلەن: 1983 ـ يىلى شاڭخەي شەھىرىدىكى مەلۇم رايوندا ئېغىز ئارقىلىق جىنسىي ئالاقىلىشىش گۇرۇھىدىن بىرى بايقالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئونغا يېقىن ئەزاسى بار ئىكەن، ئۇلارنىڭ كۆپۈنچىسى قېرى ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ئەرلەر بولۇپ، خۇراپاتلىق ئىدىيىسى ئېغىر كىشىلەر ئىكەن، ئۇلار داۋاملىق ئۇششاق ـ چۈششەك ياخشىلىقلارنى قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ياش ئۆسمۈرلەرنى ئالداپ، ئۇلارنىڭ زەكىرىنى شورايدىكەن ياكى ئاياللىق جىنسىي ئەزاسىنى يالايدىكەن، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىسپېرمىسىنى ئىچىۋېتىش پائالىيەتلىرى بىلەن

[1] O. A. ۋال: «جىنسىيەت ۋە جىنسىي چوقۇنۇش»، جۇڭگو ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى نەشرىياتىنىڭ 1988 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 63 ـ بەتكە قارالسۇن.

شۇغۇللۇنىدىكەن.[1]

يۇقۇرىدا مىسالغا ئېلىنغان دېلودىكى ئىشلارغا سەۋەب بولغىنى، كىشىلەردىكى ئىسپېرما ۋە باشقا جىنسىي ئاجرالمىلار ئادەمنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىدۇ دېگەن قاراشتىن كېلىپ چىققان.

كىشىلەرنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتلىقنى جىنسىيەتتىن ئىزدىشى نوقۇل ئادەمنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا مەركەزلىشىشتىن ئىلگىرى ئۇ بىرخىل ئابستراكت جىنسىي كۈچكە مەركەزلەشكەندى، تۇتېمىزم بولسا قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ مەڭگۈلۈك ھاياتلىقنى ئىزدەشتە ئابستراكت جىنسىي ئىقتىداردىن ئالاھىدە جىنسىي مەناغا ئىگە سىمۋوللۇق ئوبرازلارغا كۆچۈشى بولۇپ، كېيىن نوقۇل جىنسىي ئەزاغا كۆچكەن.

ئەينى دەۋردە مەلۇم بىر ئابسىراكت ئۇقۇمنى بىر ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلەش ئىنسانلارغا خېلىلا ئومۇملاشقان ئادەت. مەسىلەن، قەدىمكى ھىندى دىنىنىڭ خۇداسى ئاتمان (Atnan) «مەن» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئادەمدىكى ئىنتايىن ئابسىراكت بولغان پەلسەپىۋى ئۇقۇم «ئۆزلۈك ئېڭى» نى كۆرسىتىدۇ، قەدىمكى پارسلارنىڭ مۇقەددەس كىتابى «ئاۋېستا» دا ياخشىلىق «يورۇقلۇق تەڭرىسى»، يامانلىق «قاراڭغۇلۇق تەڭرىسى»نى بىلدۈرىدىغان ئوبرازدىن ئىبارەت. «قۇتادغۇ بىلىگ»تىمۇ كۈنتۇغدى ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنى، ئۆگدۈلمىش ئەقىل ـ پاراسەتنى، ئودغۇرمىش قانائەتنى، ئايتولدى بەخت ـ سائادەتنى كۆرسىتىدۇ. مانا مۇشۇنداق بىر ئوبراز ئارقىلىق ئابستراكت بىر ئۇقۇمنى ئىپادىلەش قەدىمكى دەۋر مەدەنىيىتىدىكى مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكتىن ئىبارەت، بۇ خىل ئالاھىدىلىك خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا تېخىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ دەسلەپكى ئېتىقادى ئاسمان بىلەن زېمىن ئوتتۇرىسىدىكى جىنسىي كۈچكە چوقۇنۇشتىن بارا ـ بارا جىنسىيەت ۋە مەۋجۇتلۇق ئىرادىسىنى تېخىمۇ ياخشى

[1] فاڭ شىنخۇا: «جىنسىي بىنورماللىق ۋە جىنايەت» ساقچىلار مائارىپ نەشرىياتى، 1993 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 169 ـ بەت.

ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان مەلۇم ئوبرازلارغا كۆچتى، شۇنىڭ بىلەن تۇتېم ئېتىقادى بارلىققا كەلدى.

تۇتېم قىلىنغان هايۋان ياكى ئۆسۈملۈك قەدىمكى ئىنسانلارغا مەڭگۈلۈك هاياتلىق ۋە مەۋجۇتلۇقتىن بېشارەت بەرگەن، ئاشۇ هايۋانلار ياكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەۋلاد قالدۇرۇش كۈچى ۋە مەۋجۇتلۇق ئىقتىدارى قەدىمكى ئىنسانلاردا هۆمۈر تۇيغۇسى پەيدا قىلغان ئاندىن ئۇلاردا ئاشۇ تۇتېم قىلىنغان نەرسىلەرگە ئوخشاش بولۇش، هەتتا ئايلىنىپ كېتىش ۋەسۋەسىنى پەيدا قىلغان، بۇ خىل ۋەسۋەسە بولسا تۇتېملارنى تېخىمۇ سىرلىقلاشتۇرغان. شۇنىڭ بىلەن بەزى هايۋانلار ياكى ئۆسۈملۈكلەر مۇبالىغە قىلىۋېرىشلەر نەتىجىسىدە بارا ـ بارا ئىلاهىي كۈچكە يەنى كىشىلەرنى ئەبەدىيەتكە ئېرىشتۈرىدىغان بىر كۈچكە ئايلانغان.

مەسىلەن، قەدىمكى هىندىلارنىڭ دۇنيانىڭ يارىتىلىشى هەققىدىكى ئەپسانىسىدە ئېيتىلىشىچە، پۈتكۈل كائىنات بىر دېڭىز تاشپاقىسى ئۈستىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار ئۇنىڭ سودا ئۈزۈشى بىلەن تەڭ هەرىكەتلىنىپ، سامادا ئۈزىدۇ. ئۇ ئەڭ چوڭ ئىلاه بولۇپ، كائىناتنىڭ مەنبەسى ۋە ياراتقۇچىسىدۇر.

بۇ مىسالدا دېڭىز تاشپاقىسىنىڭ زاي نېمىنىڭ سىمۋولى ئىكەنلىكى ناهايىتى ئېنىق، چۈنكى دېڭىز تاشپاقىسى بېشى ئەرلىك جىنسىي ئەزاغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ سۇ ئىچىدە ئۈزۈشى جىنسىي يۇقىرى پەللىنى بىلدۈرىدۇ، دۇنيانىڭ بارلىققا كېلىشى ئاشۇ بىر قېتىملىق جىنسىي يۇقۇرى پەللىنىڭ مەهسۇلىدىن ئىبارەت.

قەدىمكى ئاسىرىيە (Assyria) لىكلەرنىڭ نەزىرىدە ئۆچكە جىنسىي هاياتىي كۈچىنىڭ سىمۋولى بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى ئەۋلاد قالدۇرۇش ئىلاهى دەپ چوقۇنغان.

بەزى تارىخىي كىتابلاردا خاتىرىلىنىشىچە، قەدىمكى مىسىرلىقلار ئىچىدىكى بىر قەبىلە كالىغا ئېتىقاد قىلغان، ئۇلار

كالىنى بىر ئىلاھىي كۈچ ھېسابلاپ، كالىنىڭ جىنسىي ئىقتىدارىغا چوقۇنغان. مىسىرلىقلار ئاپىس بۇقىسىنى تەبىئىي ئىلاھى ئوسىرىسنىڭ كالا شەكلىدە زاھىر بولۇشى، ئۇنى تۇغقان ئىنەك بولسا ئاي نۇرى ۋە چاقماقتىن ھامىلىدار بولغان دەپ قارايدۇ. ناھايىتى روشەنكى، ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئىلاھىيەت قارىشىدىن بىز يەنىلا ئۇلارنىڭ ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ئاسمان ئېتىقادىنى كۆرۈۋالالايمىز. دېمەك، ئاپىس بۇقىسى يەنىلا ئاسمان ئىلاھىدىن پەيدا بولغان، شۇڭا، قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ نەزىرىدە ئاپىس بۇقىسى ھەم ئىلاھ ھەم ئىلاھنىڭ كائىناتتىكى مەلۇم شەكىلدىكى ھالىتى، يەنى ئىلاھ ئىنتايىن ئابستراكت ئۇقۇم بولۇپ، ئاسمانمۇ بىر ئاز ئابستراكت ئۇقۇم، قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە زېمىن يۈزىدىكى ئۇلار چوقۇنغان نەرسىلەر پەقەتلا ئاشۇ ئابستراكت روھنىڭ كونكرېت شەكلىدىن ئىبارەت. تۇتېم ئېتىقادى دەل مانا مۇشۇنداق كونكرېت شەكىلدىكى ئىلاھچىلىقتۇر.

قەدىمكى مىسىرلىقلار بۇقىنى ئىلاھ ھېسابلاپ چوقۇنغان چاغدا ئاجايىپ غەلىتە بولغان ھەم ھەيۋەتلىك ھەم سۈرلۈك مۇراسىملارنى ئۆتكۈزەتتى، مۇراسىم ئاخىرىدا ئاياللار قىپيالىڭاچ بولۇپ، بۇقىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي ئالاقە قىلاتتى، بۇ خىل ئادەت بىرخىل ئۆرپ ـ ئادەت شەكلىنى ئالغان بولغان «تەۋرات»تا بۇ ئىش خاتىرىلەنگەن.

مۇسا ئوتتۇرىغا قويغان پەرھىزدە «ھايۋان بىلەن زىنا قىلىشقا بولمايدۇ، ئاياللار ھايۋاننىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن زىنا قىلسا بۇ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىلىق بولۇدۇ» دېگەن. 14 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر تىئولوگى نەسىرىددىن رابغۇزى ئۆزىنىڭ «قىسەسسۇل ئەنبىيا» ناملىق زور ھەجىملىك قىسسەلەر توپلىمىنىڭ 33 ـ قىسسىسى بولغان «قەھافە ئەلەيھىسسالام ۋەقەلىرىنىڭ بايانى» دېگەن قىسسىدە قەدىمكى يەھۇدىيلاردىكى ھايۋان بىلەن زىنا قىلىش ھادىسىنى مۇنداق خاتىرىلىگەن:

«شەيتان بىر كۈنى پادىشاھ كېلىۋاتقان يولدا ناماز ئوقۇپ ئولتۇردى، پادىشاھ توختاپ ئۇنىڭدىن تۈرلۈك سوئاللارنى سورىدى، شەيتان كۆڭۈلدىكىدەك جاۋاپ بەردى، بىر كۈنى ئىككى ئادەم كېلىپ ئۇنىڭدىن سورىدى:

بىز ئاتچىلارمىز، ئات سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىمىز. مۇبادا يولدا نەپسى شەھۋەت غالىپ كېلىپ بايتاللار بىلەن زىنا قىلساق بولۇرمۇ؟

شەيتان دېدى:

راۋا بولۇدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن كىشىلەر ھايۋانلارنىڭ چىشىسى بىلەن جىما قىلىدىغان بولدى، بىر ـ بىرىدىن ئۆگۈنۈپ بۇنداق گۇناھ ئىشلار كۆپەيدى، بۇنداق قىلىش قەبىھ گۇناھتۇر.»[①]

مانا بۇ قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ جاھالەت دەۋرىدىكى تۇتىم ئېتىقادى بولۇپ، تۇتىم بۇ مىللەتلەردە ھەقىقەتەن بىرخىل دىن ئىدى، تۇتىم ھايۋانلارغا كىشىلەر ئىلاھ بىلىپ چوقۇناتتى، بۇنداق ئادەت ھازىرمۇ بەزى مىللەتلەردە ساقلانماقتا.

مەسىلەن: قازاق باخشىلارنىڭ مۇنۇ قوشاقلىرىغا قاراپ باقايلى:

بۆرى، بۆرى، بۆرى ئىگەم،
كەل ئىلھامچىم بۆرە ئىگەم.
ئوماي ئانا قارغىغاچ،
ئىمىپ ئۆسكەن بۆرى ئىگەم.

ئارلان، ئارلان باش بۆرى،
ئالتە غۇلاچ ئاچ بۆرى.

---

[①] ناسىرىددىن رابغۇزى: «قىسسەسۇل ئەنبىيا» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان ئۇيغۇرچە نۇسخىسى 357 ـ بەت

ئالتە ئايلىق ياش بۆرى،
ۋەھشى تۇغمىش كۆك بۆرى.[1]

بۇ قوشاقلاردىن قازاقلاردا تۇتېم ئېتىقادىنىڭ دىن ھالىتىدە مەۋجۇت بولغانلىقىنى ۋە باخشىلىرى ئارىسىدا ھازىرغىچە دىنىي تۈسكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. يەنى ئۇلار بۆرىنى ياراتقۇچى ئىگەم دەپ قارىغان. بىراق تۈركىي مىللەتلەردە بولسا تۇتېم دىنىي ئېتىقاد ھالىتىدە ئەمەس، بەلكى پەقەت بەلگە ھالىتىدىلا مەۋجۇت ئىدى. شۇڭا، بەزى ئانتروپوگىيە ئالىملىرى ئۆز تەتقىقاتلىرىدا ناھايىتى كەسكىن ھالدا: «تۈركلەردە تۇتېم يوق ئىدى» دەپ كېسىپلا ئوتتۇرىغا قويغان ۋە تۈركلەرنىڭ قەدىمكى دەۋرلەردە بايراقلىرىغا بۆرە سۈرىتى چۈشۈرۈۋېلىش قاتارلىق ھادىسىلەرنى تۇتېم ئەمەس «تۆز» (toz) دەپ ئاتىغان ۋە تۆز قارىشى بىلەن تۇتېم ئېتىقادىنى تۈپتىن پەرقلىق ئىككى خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى دەپ قارىغان. مېنىڭچە ئۇيغۇرلاردىكى تۆز ھادىسىسى تۇتېمغا ئوخشاپ كېتىدۇ، شۇڭا ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇپ تۇتېم دېيىشكە بولىدۇ، بىراق دىن ھالىتىدىكى تۇتېم بىلەن غەيرى دىن ھالىتىدىكى تۇتېمنى پەرقلەندۈرۈش كېرەك.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار بۆرىنى پەقەت ئۆزلىرىگە بەلگە قىلغان، بۇ بەلگە پەقەت لەقەم خاراكتېرىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ھېچقانداق دىنىي ئېتىقاد مەنىسى يوق، ئۇيغۇرلار پەقەت بۆرىگە ھەۋەس قىلغان ۋە بۆرىدەك بولۇشنى ئارزۇ قىلغان. بىراق بۆرىنى ئىلاھ دەپ چوقۇنمىغان، ھەتتا بۆرىنى ھېچقانداق ئىلاھىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە قىلمىغان.

گېرمانىيىنىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تۇرپاندىن تاپقان قۇچۇ ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدە كۆچۈرۈلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر

---

[1] ئەسئەت سۇلايمانىنىڭ «ئۇيغۇر تۇتېم مەدەنىيىتى»، خەلق نەشرىياتى 2001 ــ يىل نەشرىنىڭ 298 ــ بېتىگە قاراڭ.

يېزىقىدىكى تېبابەتچىلىككە ئائىت يازما يادىكارلىقىنىڭ پارچىسىدا بىز مۇنداق بىر رېتسېپنى ئۇچرىتىمىز:

«بۆرىنىڭ سۆڭىكى بىلەن تىلىنى قۇرۇتۇپ، غالجىر ئىت چىشلىۋالغان كىشىنىڭ بېشىغا سۈرتۈپ بەرسە ئوڭشىلىپ كېتىدۇ.»

تۆتىم ئېتىقادى بار مىللەتلەردە تۆتىم قىلىنغان ھايۋاننى ئۆلتۈرۈشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ، ئۇيغۇرلار بولسا قەدىمكى دەۋرلەردە بۆرىنى ئۆلتۈرۈپ ئىشلەتكەن، تا ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۆرە ئوشۇقىنى تۇمار قىلىپ ئېسىش ئادىتىمۇ قانداقتۇر ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرىگە چوقۇنۇشى ئەمەس، بەلكى بۆرىنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۆرىنى بويىنىغا ئېسىۋېلىشى بولسا ئۇنى تىلتۇمار قىلىشتىن ئىبارەت، يەنى يامان تىلدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كىشىلەر ئۇنى ئاسقان.

يامان تىلدىن ساقلىنىشنىڭ ئۇسۇلى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، كىشىلەرنىڭ نەزىرى چۈشىدىغان ئاجايىپ ئېسىل نەرسىگە ناچار نەرسىنى ئېسىپ قويۇش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ نەزىرىنى ئىتتىك كۆزگە چېلىقىدىغان ناچار نەرسىگە بۇراش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ يامان كۆزىدىن ساقلاش. مەسىلەن، بەزىلەر بالىسى ناھايىتى چىرايلىق بولسا باشقىلارنىڭ كۆزى تېگىدۇ دەپ قاراپ ئۇنىڭ پېشانىسىغا ئازراق قارا سۈرتۈپ قويىدۇ، بەزىلەر ناھايىتى بولۇق ئۆسكەن ئۈزۈم باراڭلىرىنى يامان كۆزدىن ساقلاش ئۈچۈن باراڭغا ئەسكى كاللىنى ئېسىپ قويىدۇ، بولۇپمۇ ئۇنى ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدىغان جايغا ئېسىپ قويىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش كىشىلەر بۆرىنىڭ ئوشۇقىنىمۇ كۆزگە چېلىقسۇن دەپ مەيدىسىگە ئېسىۋالىدۇ. شۇڭا، بىز ئۇيغۇرلاردىكى بۆرە ئوشۇقىنى ئېسىۋالىدىغان ئادەتنى تۆتىم ئېتىقادىنىڭ مەھسۇلى دەپ ئېيتالمايمىز.

تۆتىم ئېتىقادى ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئەپسانىلاردا تەسۋىرلەنگەن تۆتىم ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى

چىشى هايۋان بولۇپ، چىشى هايۋانغا ئىلاھ ھېسابىدا چوقۇنۇش، دادىسىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، ئانىنىڭ مۇقەددەس ئورنىنى ئېتىراپ قىلىش بولۇپ، ماھىيەت جەھەتتە ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى بىلەن بىردەك، بىراق ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەردە ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى مەۋجۇت بولمىغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى تۈزۈمى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى سايلام تۈزۈمىدىن بىراقلا ئانىنىڭ ئورنىغا بالا ۋارىسلىق قىلىدىغان تۈزۈمگە ئۆزگەرگەن. 605 ـ يىلى ئۇيغۇر قەبىلىسىدىن تېركىن دېگەن كىشى ئۇيغۇر قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى بولۇپ سايلاندى، تېركىن ئاقساقال بولۇپ سايلانغان ئاشۇ دەۋر ئىپتىدائىي سايلام تۈزۈمىنىڭ ئەڭ ئاخىرى بولۇپ، تېركىننىڭ ئوغلى بوساتىنىڭ ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ئاقساقال بولۇپ ۋارىسلىق قىلىشى بىلەن ئۇيغۇرلار سايلام تۈزۈمىدىن ۋارىسلىق تۈزۈمىگە ئۆتكەن ئاشۇ دەۋردىكى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا بالىسىنىڭ ۋارىسلىق قىلىشى ئۇيغۇرلاردا ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنىڭ ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنى بېسىپ ئۆتمەي تۇرۇپلا پەيدا بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا، ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى بولمىغان تۈركلەردە تۆتىمىزملىق دىنىي ئېتىقادنىڭ مەۋجۇتلۇقى مەنتىقىگە سىغمايدۇ، ئۇيغۇرلاردا تۆتىم ئېتىقادى بولغان دەپ قارىغۇچىلارنىڭ مۇھىم دەستىكى بولغان «ئوغۇزنامە» دىكى بۆرە ئوبرازى بولسا ئەركەك بۆرە، بۇ قەدىمكى ئەپسانىلاردىكى چىشى بۆرىنىڭ پۇت ـ قولى كېسىپ تاشلانغان بالىنى قۇتقۇزغانلىقى ۋە ئۇنىڭ بىلەن جۈپلىشىپ ھامىلىدار بولغاندىن كېيىن بالا تۇغقانلىقىدىن ئىبارەت ھېكايە بىلەن سىغىشالمايدۇ. ئەگەر «ئوغۇزنامە»دىكى بۆرە ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرىگە چوقۇنغانلىقىنىڭ ئىپادىسى بولغان بولسا، ئۇ چوقۇم ئۇيغۇرلارنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاشۇ چىشى بۆرە بولۇشى كېرەك ئىدى.

ئازىئانلار، تۈركلەر ۋە ئىندىئان قاتارلىق سېرىق تەنلىكلەرنىڭ بۆرە ئەپسانىسىدىكى ئوخشاشلىقلاردىن بۇ ئەپسانىلارنىڭ بىرلا

مىللەتكە تەۋەلىكىنى جەزملەشتۈرەلمەيمىز. گەرچە ئۇيغۇرلارنىڭ هازىرقى ساختا مىللەتچىلىرى ھەرقانداق نەرسىنىڭ مەنبەسىنى باشقىلاردىن ئىزدەشكە قارشى بولسىمۇ، بىراق بىز ئىلىم نۇقتىسىدىن چىقىپ تۇرۇپ بۇ ئەپسانە ئارىئانلارنىڭ ئەپسانىسىنىڭ ۋارىيانتى بولۇشى مۇمكىن دېسەك بولۇۋېرىدۇ. چۈنكى، ئۇلاردا بۆرە تۇتېمى دىنى بولغانىدى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرىگە بۆرىنى بەلگە قىلىشى پەقەت ئۆزلىرىگە بۆرىنى لەقەم قىلىش ۋە ئۇلگە قىلىش بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپوسى بولغان «ئوغۇزنامە»دە بۆرىنىڭ تەسۋىرلىنىشى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت بايرىقىدىكى بۆرىنىڭ سۈرىتى پەقەت ئۇيغۇرلارنىڭ بۆرىگە ھەۋەس قىلغانلىقىنىلا چۈشەندۈرىدۇ. مەسىلەن، قەدىمكى گرېكلەرمۇ تۇتېمنى ئىلاھ ھېسابلاپ چوقۇنمىغان، بىراق ئۇلاردا تۇتېم ھايۋانغا بولغان ھەۋەس ۋە ھۆرمەت بولغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىپوسى «ئوغۇزنامە»دە بۆرىنىڭ ئەركەك بۆرە قىلىپ تەسۋىرلىنىشى يەنە بىر تەرەپتىن قەدىمكى ئۇيغۇرلاردىكى ئەرلىك جىنسقا ۋە ئەرلىك كۈچىگە ھۆرمەت قىلىشنىڭ بىرخىل ئىپادىسى بولۇپ، بۇ ئىپوستىن بىز ئۇنى خۇدا قىلىپ چوقۇنغان بىرەر ئالامەتنى ئۇچرىتالمايمىز. شۇڭا، «ئوغۇزنامە»دىكى بۆرە ئوبرازى ۋە بايراقلاردىكى بۆرە ئوبرازلىرىنى بۆرە ئەپسانىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېلىش خاتا.

تۇتېمىزم ئېتىقادىنىڭ ئەڭ مۇھىم بەلگىلىرىنىڭ بىرى تۇتېمغا ئاتاپ نەزىر - چىراغ قىلىش ۋە بىر يۈرۈش مۇراسىملارنى ئۆتكۈزۈش بولۇپ، ئۇيغۇرلاردا تا ھازىرغىچە تېخى بۇنداق مۇراسىملارنىڭ ئىزى بايقالمىدى.

«كۈنلەردىن بىر كۈن ئوغۇز خاقان بىر جايدا تەڭرىگە سېغىنىۋاتاتتى، ئەتراپ قاراڭغۇلۇشۇپ، ئاسماندىن بىر كۆك نۇر چۈشتى. بۇ نۇر كۈندىن نۇرلۇق، ئايدىن يورۇق ئىدى، ئوغۇز خاقان ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، بۇ نۇرنىڭ ئىچىدە بىر قىز بارلىقىنى كۆردى...»

«ئوغۇزنامە»دىكى بۇ تەسۋىرلەردىن شۇنى ھېس قىلىش قىيىن ئەمەسكى، ئوغۇزخان بۇ يەردە ئېتىقاد قىلىۋاتقان تەڭرى ـ كۆك تەڭرىسى بولۇپ، كۆك نۇر ئىچىدىن چۈشكەن قىز بولسا ئۇنىڭ ئىبادىتىگە كۆك تەڭرىنىڭ قىلغان سوۋغىتىدىن ئىبارەت. يەنى ئوغۇزخان ئەرلىك جىنسىي ئالاھىدىلىككە ئىگە تەڭرى بولغان كۆككە تىۋىنسا، ئۇنىڭ ئەرلىك جىنسىي ھەۋىسىنى قاندۇرىدىغان ۋە ھاياتىنى مەڭگۈلۈككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن پەرزەنت قالدۇرىدىغان كۆك تەڭرى ئۇنىڭغا گۈزەل بىر پەرىنى سوۋغا قىلدى.

«يەنە بىر كۈنى ئوغۇز خاقان ئوۋغا چىقتى، ئۇ ئالدىدىكى كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر دەرەخ كۆردى، شۇ دەرەخنىڭ كاۋىكىدا بىر قىز تەنھا ئولتۇراتتى، ئۇ بەكمۇ چىرايلىق بىر قىز ئىدى...»

«ئوغۇزنامە»دىكى بۇ تەسۋىردىن ھېس قىلىشقا بولۇدۇكى، ئوغۇزخاننىڭ ئالدىنقى ئايالى كۆك تەڭرى ـ يەنى ئەرلىكنىڭ سوۋغىسى بولسا. ئىككىنچى ئايالى يەر ئىلاھى بولغان ئاياللىقنىڭ سوۋغىسى. بۇ ئاياللارنىڭ بىرى ئاسماندىن چۈشكەن بولسا، بىرى يەردىن ئۈنۈپ چىققان. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ يەردىكى كۆل ئاياللىق جىنسىي ئەزاغا ئوخشايدۇ، زېمىن ئاياللىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، دەريا ۋە كۆللەر ئۇنىڭ جىنسىي ئەزاسى ياكى كۆپىيىش كۈچىنىڭ سىمۋولى. دەرۋەقە، ئىنسانلارمۇ پەقەت كۆللەر ۋە دەريالارنىڭ ئەتراپلىرىدىلا ھايات كەچۈرەلەيدۇ.

بۇ بۇلاردىن يەنىلا ئىپوس دەۋرىدىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائىي ئېڭىدىكى ئاسمان بىلەن زېمىن ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى كۆرۈۋالالايمىز، ئوغۇزخان ئاسمان ۋە زېمىندىن ئىبارەت ئىككى جىنسىي كۈچنىڭ قوللىشى بىلەن مۇكەممەللىككە ئېرىشكەن، يەنى ئەۋلاد قالدۇرۇش، ھاياتنى مەڭگۈلۈككە ئىگە قىلىش ۋە جاھاننى سوراش ئىقتىدارىغا ئېرىشكەن. ئاسماندىن چۈشكەن ئايالى بىلەن يەردىن چىققان ئايالى تۇغقان بالىلارغا جاھاننى بۆلۈپ بەرگەن، يەنى ئۇلاردا

ئاسمانىنىڭ ئەرلىك كۈچىنىڭ بەلگىسى بولغان زوراۋانلىق ۋە يەرنىڭ ئاياللىق گۈزەللىكى بولغان مېھرى ـ مۇھەببەت بولۇپ، ئوغۇزخان ئۇلارنىڭ بىرلىكىنى تەلەپ قىلغان. دېمەك، ھەم زوراۋانلىق ھەم مۇھەببەتكە تەڭ ئىگە بولسا، دۆلەتنى تۇتۇپ تۇرغىلى بولىدۇ. ئوغۇزخاننىڭ ئەۋلادىدا بۇ ئىككى خىل ئالاھىدىلىكنىڭ تەڭ مەۋجۇت بولۇشى ئوغۇزخاندىكى مۇكەممەللىشىش بولۇپ، بۇ ئىككىسىنىڭ بىرلىكى ھەم ھاياتنى مەڭگۈلۈككە ئىگە قىلالايدۇ.

بىز «ئوغۇزنامە»دىن كۆك تەڭرى بىلەن يەرگە چوقۇنۇشتىن باشقا ھېچقانداق بىر ئىلاھقا چوقۇنۇشنىڭ ئىزنى ئۇچرىتالمايمىز. «ئوغۇزنامە» دە يەنە ئۆرپ ـ ئادەتكە ئائىت مۇنداق بىر بايان بار: «ئوغۇز خاقان چوڭ چېدىردا... ئوڭ تەرەپكە قىرىق غۇلاچ ياغاچ قاداتقۇزۇپ، ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر ئالتۇن توخۇنى ئاستى، تۈۋىگە بىر ئاق قوينى باغلىدى. سول تەرەپكىمۇ قىرىق غۇلاچلىق ئۇزۇن بىر ئاق ياغاچ قاداتقۇزۇپ، ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر كۈمۈش توخۇنى ئاستى، تۈۋىگە بىر قارا قوينى باغلىدى...»

بىز بۇنىڭدىنمۇ يەنىلا كۆككە چوقۇنۇش ۋە كۆك ئۇچۇن ئېلىپ بېرىلغان تىۋىنىشنىڭ ئالامىتىنى ھېس قىلىمىز، بۇ تىپىك كۆك ئۇچۇن نەزىر ـ چىراغ قىلىش مۇراسىمى بولۇپ (قىرىق غۇلاچ ياغاچ ئىشلىتىش ناھايىتى ئېگىز تۈۋرۈك قىلىنغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ)، كۆككە سوزۇلغان تۈۋرۈكتىكى ئېسىلغان توخۇلار كۆككە قىلىنغان قۇربانلىق، توخۇ قانىتى بار جانلىق، شۇڭا ئۇ ئۆي ھايۋانلىرى ئىچىدە باشقىلارغا قارىغاندا كۆككە بەكراق يېقىن بارالايدىغىنى، تۈۋرۈك تۈۋىگە باغلانغان قوي بولسا يەر ئىلاھىغا قىلىنغان قۇربانلىق بولۇپ، شۇڭا ئۇ تۈۋىگە باغلانغان.

«ئوغۇزنامە» دە كۆك بۆرىنىڭ نېمىگە بەلگە قىلىنغانلىقى ناھايىتى ئېنىق تىلغا ئېلىنغان:

«مەن سىلەرگە بولدۇن خاقان،

ئېلىگىلار قولغا يا ۋە قالقان.
بىزگە تامغا بولسۇن بۆيان (بەخت ـ سائادەت، ساۋاب.)،
ھەم كۆك بۆرى بولسۇن ئۆران (ھەربىي پارول، شۇئار، بەلگە.).

بۇ يەردە كۆك بۆرە ئىلاھ ئەمەس، پەقەت بەلگە ۋە شۇئار دەپ ئېنىق كۆرسىتىلگەن، بۇنىڭدىن بىز ئوغۇزخاننىڭ قول ئاستىدىكىلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ئۆلاردىن «بۆرىدەك روھنى جارى قىلدۇرۇش»نى ئۆتۈنگەنلىكىنى ھېس قىلماي قالمايمىز.
«ئوغۇزنامە»دىكى كۆك بۆرىنى سىرلىق تۈسكە ئىگە قىلىپ تۈرغىنى پەقەت ئۇنىڭ كۆك نۇر ئىچىدە ئاسماندىن چۈشۈشى بولۇپ، تەتقىقاتچىلار ۋە ئالىملارنى قايمۇقتۇرۇۋاتقىنى دەل بۇنىڭدىكى رىياللىقتىن ھالقىغان فانتازىيىلىك بايان. بۇمۇ خۇددى ئوغۇزخانغا تۈنجى خوتۇن بولمىش پەرىنىڭ ئاسماندىن چۈشۈشى بىلەن ئوخشاش بولۇپ، خۇددى ئۇنىڭ تۈنجى ئايالىنى خۇدا دەپ قارىغىلى بولمىغانغا ئوخشاش بۇ بۆرىنىمۇ خۇدا دەپ قارىغىلى بولمايدۇ. بۇ «كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىق يوغان ئەركەك بۆرە» نى بىز يەنىلا كۆك تەڭرىنىڭ ئوغۇزخانغا چۈشۈرگەن ئەلچىسى، يەنى ئەرلىك كۈچ ۋە جاسارەتنىڭ سىمۋولى دەپ قارايمىز. ئۇنىڭ رەڭگى كۆك، دېمەك ئۇ پەقەت ئەرلىك كۆپىيىش كۈچىنىڭ بەلگىسى. ئۇ ئۇرۇشقا يول باشلايدۇ، دېمەك ئۇ زوراۋانلىق ۋە ئىگىلىۋېلىش روھىنىڭ سىمۋولى.
بۇ يەردە كۆك تەڭرى ئوغۇزخانغا ئىلھام ۋە مەدەت بېرىش ئۈچۈن كۆك بۆرىنى بىرخىل بەلگە ۋە ئۆلگە ئورنىدا ئەۋەتكەن.
تۈتىم ئېتىقادىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى، تۈتىمنى ئىلاھ بىلگەن قەبىلىلەر ۋە مىللەتلەر تۈتىمنى ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق نامى ۋە قەبىلە نامى قىلغان. مەسىلەن، قەدىمكى گرېتسىيىگە قاراشلىق ئاكائىيانلار (Achaeans) ئېيىقنى ئۆز قەبىلىسىنىڭ نامى قىلغان، مىرمىدىنلار (Mirmidns) نىڭ مىللەت نامى چۈمۈلە دېگەن سۆزدىن كېلىپ

چىققان، تۈركىي تىلدا سۆزلەيدىغان، لېكىن ئۆزى تۈرك بولمىغان مىللەت قازاقلارنىڭ نامىمۇ «قاز» (غاز) بىلەن «ئاق» دېگەن سۆزنىڭ قوشۇلۇشىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئۇلاردا بۇ ھەقتە بىر رىۋايەتمۇ بار. ئىندىئان قەبىلىلىرى ئارىسىدا بولسا تۇتېمنى ئۇرۇق نامى قىلىش بىر قەدەر ئومۇملاشقان، خۇددى ئەنگلىيە ئالىمى ئېدۋار تايلور (Edward.Tylor) ئېيتقانىدەك: «نۇرغۇنلىغان ئىنسانىيەت قەبىلىلىرى ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى بىرەر ھايۋانغا، ئۆسۈملۈككە ياكى نەرسىلەرگە باغلاپ، ئۇلارنىڭ ناملىرىنى ئۆزلىرىگە نام قىلىپ قويغان ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇقىنى باشقىلاردىن مۇشۇنداق ئوخشىمىغان سىرلىق قانداشلىق پەرقى ئارقىلىق ئايرىغان»[1]

ئۇيغۇرلاردا تۇتېم ئېتىقادى بار بولغان دېسەك، ئۇيغۇرلارنى شەكىللەندۈرگەن نۇرغۇن ئۇرۇق ـ قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى ئىچىدە تۇتېم نامى قويۇلغان ئۇرۇق ياكى قەبىلىلەر بار بولغان بولاتتى. بىراق، بىز مەيلى تارىخ نۇقتىسىدىن، مەيلى ئانتروپولوگىيە نۇقتىسىدىن ياكى تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن تەتقىق قىلايلى، بۇ ھەقتە تۇتامغا چىققۇدەك پاكىتنى تاپالمايمىز، ئۇيغۇرلارنى تەشكىل قىلغان ياغلاقار، ئوتۇرقار، دېرمار، ئاۋۋچاغ، بۇقاسقىر، قازار، ياماقار، ئاياۋىر، قوغۇرسۇدىن ئىبارەت ئىچكى توققۇز ئۇرۇق بولسۇن ياكى ئۇيغۇر، بۆكۈ، قۇن، بايىرقۇ، تۇڭرا، ئىزگىل، چۈبە، باسمىل، قارلۇق قاتارلىق تاشقى توققۇز ئۇرۇق بولسۇن ھېچقايسىسىنىڭ نامىنى مەلۇم تۇتېمدىن كەلگەن دەپ جەزىملەشتۈرەلمەيمىز. «ئوغۇزنامە» دىمۇ ھايۋان ياكى باشقا تۇتېم نامى بىلەن ئاتالغان بىرەر قەبىلە نامى ئېيتىلمىغان، مېنىڭچە قەدىمكى ئۇرۇقلار تۇتېم نامى بىلەن ئەمەس، پەقەت قانداشلىق نامى بىلەن ئاتالغان. يەنى ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ نامىنى ئۇرۇق نامى قىلىپ ئىشلەتكەن. مەسىلەن، تۈركلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئەجدادى بولغان ئاشىنا

---

[1] ئېدۋارد تايلور: «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت»، سودا كىتاب بېسىش سارىيىنىڭ 1988 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى، 573 ـ بەت.

ئۇرۇقى ھەققىدە «سۈينامە» دە مۇنداق بايان بار: «تۈركلەرنىڭ ئەجدادلىرى پىڭلىياڭدىكى ‹شالغۇت خۇلار› ئىدى، ئۇلارنىڭ ئۇرۇقىنىڭ نامى ئاشىنا ئىدى. شىمالىي ۋېي پادىشاھى تەيۋۇدى 439 ـ يىلى جۈي سۈينى تارمار قىلغاندا، قەبىلە باشلىقى ئاشىنا 500 ئائىلە بىلەن جۇرجانلارغا قېچىپ كەتتى، ئۇلار ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئالتايدا ياشاپ، تۆمۈر تاۋلاش بىلەن شۇغۇللانغانىدى.»[1] «سۈينامە» دىكى بۇ مەلۇماتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولۇدۇكى، تارىختا ۋە ئەپسانىلاردا خاتىرىلەنگەن تۈركلەرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئۇرۇق نامى «ئاشىنا» دېگەن نام ھەرگىزمۇ تۇتىم قىلىنغان ھايۋان ياكى زىرائەتنىڭ نامى ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ يەنى قەبىلە باشلىقىنىڭ نامىدىن كەلگەن.

بىز قەدىمكى تارىخ ھەققىدىكى يازمىلاردىنمۇ تۇتىمنىڭ ئۇرۇق نامى قىلىنغانلىقىنى ئۇچراتمايمىز، ئۇيغۇرلاردىكى ئۇرۇقلارنىڭ ناملىرى كىشى ئىسمىدىن باشقا يەر ـ جاي نامىدىن كەلگەن ئەھۋاللارمۇ ئىنتايىن كۆپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرۇق ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە 8 ـ ئەسىردە تۇرپان ئويمانلىقىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى بىر رىۋايەت راشىددىنىنىڭ «جامىئۇل تاۋارىخ» ناملىق كىتابىدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «ئۇيغۇرلار ئورخۇن دەرياسى ۋادىلىرىنى ماكان قىلغان دەۋرلەردە ئۇزلىرى تۇرغان جايلارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئون قەبىلىگە بۆلۈنگەنىدى، بۇ ئون قەبىلە ئورخۇن دەرياسىنىڭ ئون تارماق ئېقىنلىرىدا ئولتۇراقلاشقاچقا، بۇ تارماق ئېقىملارنىڭ نامى ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ جايدا ياشىغان قەبىلىلىرىگە نام بولۇپ قالغانىدى.»[2]

2 ـ ئەسىردە يۇناندا ئۆتكەن جۇغراپىيە پېشۋاسى پتولېمى

---

[1] «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 2000 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 448 ـ بەتكە قارالسۇن.

[2] («جامىئۇل تاۋارىخ» 1 ـ توم، 1 ـ كىتاب، سودا باسمىخانىسى، 1983 ـ يىل خەنزۇچە ن ەشرى، 240 ـ بەت.

«جۇغراپىيە» دېگەن كىتابنىڭ «سىرىس» دېگەن قىسمىدا: «... ئۇنىڭمۇ جەنۇبى تەرىپىدە دامنايلار ياشايدۇ، ئۇلارنىڭمۇ تۆۋەن تەرىپىدە پىئالايلار ياشايدۇ، ئۇلار ئۇيغارد دەرياسى (تارىم دەرياسى، يەنى Oechordas دەپمۇ تەرجىمە قىلىنغان) قىرغاقلىرىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ جەنۇب تەرىپىدە شۇ دەريانىڭ نامى بىلەن ئوخشاش نامدىكى ئۇيغاردالار (Oikhardai) ياشايدۇ.» دېيىلگەن، ئەنگلىيە ئالىمى هېنرى يولى ئۇيغاردالار ئۇيغۇرلاردۇر، ئۇيغارد دەرياسى تارىم دەرياسىدۇر دەپ هېسابلىغان.[1] ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەزەلدىن تارىم ۋادىسىدا ياشاپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بۇ پولاتتەك پاكىت ئۇيغۇر دېگەن سۆزنىڭمۇ يەر نامىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، بۇ ئۇرۇق نامىلىرى پەيدا بولغان ئاشۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ روهىنى ئىگىلەپ تۇرغىنى هەرگىزمۇ تۇتىم ئېتىقادى ئەمەس، بەلكى ئەڭ ئىپتىدائىي ئېتىقاد كۆككە ۋە يەرگە چوقۇنۇش، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يىلتىزىنى مەلۇم هايۋانغا ئەمەس بەلكى يەرگە باغلىغان.

ئاهاڭدىكى تاسادىپىي ئوخشىشىپ قېلىشلارنى تېپىپ چىقىپ ئۇرۇق نامىلىرىنى تۇتىمدىن كېلىپ چىققان دەپ قاراش ئاقمايدۇ.

«كونا تاڭنامە.ئۇيغۇرلار هەققىدە قىسسە» دىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچكى توققۇز ئۇرۇقىنى دەسلەپكى قاغاننىڭ فامىلىسى ئىدى دەپ چۈشەندۈرگەن.

پەقەت قازاقلاردىلا بۆرە نامى بىلەن ئاتالغان ئۇرۇق نامى بار، بىراق قازاقلار كېيىن تۈركلەشكەن غەيرى تۈركلەر بولغاچقا، ئۇلارنىڭ ئۇرۇقىغا بۆرە نامىنى قويۇشى تۈركلەردە تۇتىم ئېتىقادى بارلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ.

«تۈرك تىلى دىۋانى»دىمۇ تۈرك قەبىلىلىرى ۋە ئۇرۇقلىرىنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى «ئوغۇزنامە»

---

[1] «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 50 ـ بەت.

گە ئوخشاش رىۋايەتلەر بىلەن چۈشەندۈرىدۇ، بۇ رىۋايەتلەرنىڭ ئىچىدە تۆتىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىسىم يوق. «تۈرك» دېگەن سۆزنى بولسا مەھمۇد قەشقەرى «تەۋرات» ۋە «قۇرئان» قاتارلىق مۇقەددەس كىتابلاردا نامى زىكىر قىلىنغان نوھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ياپەسنىڭ ئوغلى تۈركنىڭ ئىسمىدىن كېلىپ چىققان دەپ چۈشەندۈرىدۇ[1].

مانا بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەينى دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئېڭىدا تۆتىم نامىنىڭ ئۇرۇق نامى بولۇپ قېلىشى يات ئىش بولۇپ، ئەگەر بۇنداق ھادىسە بولغان بولسا، مەھمۇد قەشقەرى تىلغا ئالماي قالمايتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەھمۇد قەشقەرى ھەتتا بۆرە تۆتىمىنىمۇ تىلغا ئېلىپ قويمىغان، ئەينى ۋاقىتتا گەرچە ئۇنى ئىسلام دىنىدا دېسەكمۇ لېكىن ئىسلام دىنىغا ئىشەنمەيدىغان ئۇيغۇرلار ھەققىدە گەپ بولغاندىمۇ تۆتېمنى تىلغا ئالمىغان. تۈركلەرنىڭ قەبىلىلىرىنى مەھمۇد قەشقەرى بەكمۇ كۆپ دېگەنىدى، بىراق تۆتېم نامى بىلەن ئاتالغان بىرەرمۇ قەبىلىنىڭ بولماسلىقى بىزنىڭ ئۇيغۇرلاردا تۆتېم ئېتىقادى بولغان دەپ قارىشىمىزنى كەسكىن رەت قىلىدۇ.

تۆتېمنى ئۆزلىرىگە ئېتىقاد قىلغان قەدىمىي قەبىلىلەردە تۆتېم ئېتىقادى سەۋەبىدىن شەكىللەنگەن پەرھىزلەر ئىچىدە ئوخشاش بىر تۆتېمغا ئىشىنىدىغان ئۇرۇق ئىچىدىكىلەرنىڭ ئۆزئارا نىكاھ مۇناسىۋىتى ئورنىتىشى ئەڭ قاتتىق چەكلىنىدىغان ئىش بولۇپ، روھىي ئانالىز ئالىمى سىگمۇند فرېئود تۆتېملا مەۋجۇت بولغان ھەرقانداق جايدا، ھەرقانداق كىشىلەر ئارىسىدا ئوخشاش تۆتېمدىكى ئەر ـ ئاياللارنىڭ جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى قاتتىق چەكلەنگەن دەپ قارايدۇ. بۇ خىل پەرھىز تۆتېم ئېتىقادىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇيغۇر تارىخىدا ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدە بۇ خىل

[1] مەھمۇد قەشقەرى: «تۈرك تىلى دىۋانى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1983 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1 ـ توم، 37 ـ بەتكە قاراڭ.

پەرھىزنىڭ ھېچقانداق ئىزنى تاپقىلى بولمايدۇ.

«ئىبنى فەزان ساياھەتنامىسى» ناملىق كىتابىدا 10 ـ ئەسىرلەردىكى قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ نىكاھ ئادەتلىرى ھەققىدە ئالاھىدە سەھىپە ئاجرىتىلىپ توختىتىلغان. ئامېرىكىدىكى ئىندىئان قەبىلىلىرى ۋە پولىنېزىيىلىكلەردە مەۋجۇت بولغان بىر تۇتىملىقلارنىڭ نىكاھى چەكلىنىدىغان پەرھىز تۈركلەردە يوق بولۇپ، ساياھەتنامىغا ئاساسلانغاندا، تۈركلەرنىڭ ئادىتى ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ چىقىدۇ، يەنى بۇ كىتابتا تۈركلەرنىڭ ئۇرۇق ئىچىدىن نىكاھلىنىشتىن پەرھىز تۇتمايلا قالماستىن، ئەكسىچە يېقىن تۇغقانلار بىلەن وتي قىلىشنىڭ ئادەت ئىكەنلىكى بايان قىلىنغان. 10 ـ ئەسىردە خۇراسان ۋە ئىران ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئوردىسىدا تۇرغان ئەرەب ساياھەتچىسى ۋە شائىر ئەبۇ دۇلەف مىسئىربىن مۇھەلھىلنىڭ ياساھەتنامىسىدىمۇ بۇ ھەقتە مۇنداق بايانلار بار: «چىغىللار قىزى، قىز قېرىندىشى ياكى نىكاھلىنىشقا بولمايدىغان باشقا بىرى بىلەنمۇ نىكاھلىنالايدۇ. ئۇلار مەجبۇسى (ئوتقا چوقۇنغۇچى) بولمىسىمۇ، لېكىن نىكاھلىنىش جەھەتتىكى ئادەتلىرى مانا شۇنداق» ھېرىدۇت بۇ ئادەتنىڭ تۈركلەرنىڭ يەنە بىر قەبىلىسى ئىقتىلاردا مەۋجۇتلۇقىنى بايان قىلغان.

«قەدىمىي تۈرك قەبىلىلىرىدە بەزى قەبىلىلەر ئائىلە سىرتىدىكى تۇل ئاياللارغا يېقىنلاشمايتتى، ئۇلار پەقەت ئۆگەي ئانىلىرى بىلەنلا ئەمەس، قېرىنداشلىرىنىڭ ياكى باشقا تۇغقانلىرىنىڭ تۇل قالغان خوتۇنلىرى بىلەنمۇ نىكاھلىنىۋېرەتتى، يېقىن زامانلارغىچە ئاناتولىيە تۈركلىرى ئارىسىدىمۇ يېقىنلىرى نىكاھلانغان تۇل ئاياللار بىلەن نىكاھلىنىش ئادەت ئىدى، چۈنكى ئەرسىز تۇل ئايالنىڭ ھالى خاراب بولاتتى، ئۇنىڭ بىلەن نىكاھلىنىش ھەممىدىن ئاۋۋال ئائىلە ئىچىدىكى ئىتتىپاقلىق مەجبۇرىيىتى ئىدى.»

ئۇيغۇرلاردا نەۋرىنى نەۋرىگە چاتىدىغان ئادەت تا ھازىرغىچە

مەۋجۇت، ئۇرۇق ـ تۇغقانلار ئارىسىدىكى رىشتىنى ئۈزمەسلىك ئۈچۈن يېقىن تۇغقانلار باللىرىنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ قويىدۇ.

دۇنيا تارىخىدىكى سانسىز قېتىملىق ئىرقىي توقۇنۇش ۋە ئىرقىي قوشۇلۇشلار نەتىجىسىدە نۇرغۇنلىغان مىللەتلەر تارىخ سەھنىسىدىن يوقالغان، نۇرغۇن مىللەتلەر ئىرقىي تەركىبىنى ئۆزگەرتىپ، شالغۇتلىشىپ كەتكەن، بىراق ئۇيغۇرلارنىڭ يېگانە مىللىي پىسخىكىسى ۋە ئالاھىدە جۇغراپىيىلىك ياشاش شارائىتى سەۋەبىدىن ئۆز قېنىدىكى ساپلىقنى قاتتىق ساقلاپ كەلگەن.

تارىم دەرياسىنىڭ گاھ يەر ئاستى بىلەن گاھ يەر ئۈستى بىلەن ئاققان ئېقىنىنى بويلاپ، تەكلىماكان چۆللۈكىدە ئىنتايىن تارقاق ھالدا جايلاشقان بوستانلىقتا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ توپ ـ توپ بولۇپ بېكىنمە ھالەتتە ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ جۇغراپىيىۋى شارائىتىنىڭ ئۆزىلا ئۇلارنىڭ نىكاھ ئادىتىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن. قاتناش تەرەققىي قىلمىغان ئۆتكەن ئەسىرلەردە ئۇلارنىڭ يىراقتىكى ئۇرۇقلار ياكى باشقا يۇرتلۇق ئۇيغۇرلار بىلەن نىكاھلىنىشى توسالغۇغا ئۇچراپ كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلاردىكى يۇرتۋازلىق ۋە باشقا يۇرتلۇقلار بىلەن تويلاشمايدىغان ئادەت بىر ئەنئەنىگە ئايلىنىپ قالغان. كېيىنچە قاتناشنىڭ قولايلىشىشى بىلەن يۇرت بىلەن يۇرت ئارىسىدىكى ئالاقىلار كۈچىيىپ، ھەتتا باشقا مىللەتلەر بىلەن ئارىلاش ئولتۇراقلىشىش ھالىتى شەكىللەنگەن بولسىمۇ، بىراق نىكاھدىكى ياتلارنى چەتكە قېقىش ھېلىمۇ بۇ مىللەتتە مۇستەھكەم ئەنئەنە سۈپىتىدە ساقلانماقتا. ھازىرقى كۈنلەردىمۇ بەزى رايونلاردا ھەتتا بىر يېزا بىلەن بىر يېزا ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا نىكاھلىنىشقا قارشى تۇرىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت، بۇنداق بولۇۋاتقان يەردە ئۇيغۇر جەممىيىتىدە يات ئىرقتىكىلەر بىلەن توي قىلىش ئىنتايىن سەزگۈر بىر مەسىلە. مەسىلەن، 1765 ـ يىلىدىكى ئۇچتۇرپان جېڭىدە يېغىلىقى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئۇچتۇرپاندا تۇرۇشلۇق خان ئامبىلى سۇچېڭنىڭ ئۇيغۇر خوتۇن ـ

قىزلىرىنى ئاياغ ـ ئاستى قىلىشى سەۋەبىدىن قوزغالغان بولۇپ، ئۇنىڭ رەھمىتۇللا ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ ئايالىنى يامۇلدا قوندۇرۇپ قالغانلىقى پۈتۈن ئۇيغۇرلارنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغاپ، قانلىق توقۇنۇش كەلتۈرۈپ چىقارغان. 1765 ـ يىلىدىكى ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىدىن تارتىپ 1931 ـ يىلىدىكى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىغىچە بولغان سانسىز قېتىملىق ئۇرۇش ۋە قوزغىلاڭ دەل يات ئىرىقتىكىلەرنىڭ نىكاھ زورلۇقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان.

ئۇيغۇرلاردا سانسىز يىللاردىن بېرى ھەممە ئادەم قاغاپمۇ تۈگىتەلمەي كەلگەن يۇرتۋازلىقنىڭ تۈپكى ئاساسى مىللىتىمىزنىڭ كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلار توي قىلىش تۈگۈنى بولۇشى مۇمكىن، ھەممە ئادەم يۇرتۋازلىققا قارشى، بىراق ھەممە ئادەم يۇرتۋازلىق قىلىدىغان بۇنداق غەلىتە پسىخىكا ئەلۋەتتە مىللەتنىڭ مىللىي روھىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى يوشۇرۇن چۈكمىلەر سەۋەبىدىن بولمىسا، تاسادىپىي پەيدا بولۇپ قالغان بولسا نۇرغۇن يىللاردىن بېرى قاقشىغان تەشۋىقاتلار بىلەن ئازراق بولسىمۇ ئۆزگۈرەر بولغىيتتى؟

ئۇيغۇرلارنىڭ ياتلار بىلەن توي قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇشى، دىنىي مەسىلە بولماستىن بەلكى مىللىي روھتىكى كومپلېكستىن ئىبارەت.

مۇشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ قېنى دۇنيادىكى خېلى كۆپ مىللەتلەرنىڭ قېنىدىن ساپراق ھالەتنى ساقلاپ قالغان، موڭغۇللارنىڭ خان جەمەتىدىكى ناھايىتى ئاز ساندىكى بىرنەچچە پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئۇيغۇرلۇشۇپ كېتىشىنى باھانە قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى بەزى تارىخچىلارنىڭ شالغۇت دېيىشى ناھايىتى بىمەنىلىك، ئۇلارنىڭ ئۇيغۇرلۇشۇپ كېتىشىمۇ ئۇلارنىڭ ئەسلى جەمەتى بولغان چىڭگىزخاننىڭ تۈركلەرگە يېقىن بولغان بىر قەبىلىدىن ئىكەنلىكىدىن بولغان بولسا كېرەك، نۇرغۇنلىغان تارىخىي پاكىتلار چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ

ئەۋلادلىرىدا ئوخشىمىغان دەرىجىدە تۈرك قېنى بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ ساپ موڭغۇل ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىغان.

يۇقۇرىقى بىر قاتار دەلىل ـ ئىسپاتلار ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەردە تۇتېم ئېتىقادىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ، تۇتېم بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھېچقانداق ئادەتنىڭ بولماسلىقى سەۋەبىدىن بىزنىڭ ئۇيغۇرلاردا تۇتېم ئېتىقادى بار ئىدى دەيدىغان قاراشلىرىمىزغا ئەجەللىك زەربە بېرىدۇ. شۇڭا، بىز ئۇيغۇرلار تۇتېمنى بىرخىل دىنىي ئېتىقاد قىلغان دېگەن خاتا قاراشنى تەلتۆكۈس ئىنكار قىلىشىمىز لازىم.

ئۇنداقتا، «ئوغۇزنامە» دىن ئىبارەت بۇ گىگانت ئېپوستىكى بۆرە ئوبرازى زادى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

خۇددى بىزنىڭ كۆرگەن چۈشىمىزگە ئوخشاش، قەدىمكى ئەپسانە، رىۋايەت ۋە ئېپوسلارمۇ قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ چۈشىدىن ئىبارەت، بىزنىڭ كېچىسى كۆرگەن چۈشىمىز بىزنىڭ شەخسىي ئېڭىمىز تەرىپىدىن توقۇپ چىقىرىلغان بولسا، قەدىمكى ئەپسانىلار بىر ئۇرۇق ياكى بىر مىللەت تەرىپىدىن ئورتاق توقۇپ چىقىرىلغان. بىز ھازىرقى زامان پسىخولوگىيە ئىلمىگە ئاساسەن كىشىلەرنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرىپ، ئاشۇ چۈشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان پسىخىك ئاساسنى تېپىپ چىقالىغانغا ئوخشاش، ئەپسانىلارنى تەھلىل قىلىش ئارقىلىقمۇ قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى ۋە مىللىتىمىزنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقالايمىز.

قەدىمكى ئەپسانە ۋە ئېپوسلارنى تەتقىق قىلىشتا بىزنى ئادەتتە بىر قاراشتىلا گاڭگىرىتىپ قويىدىغىنى ئۇلاردىكى بەزى بىمەنىلىكلەر بولۇپ، ئادەتتىن تاشقىرى سىغىمچانلىقىنى پەيدا قىلىدىغان سىمۋول ئۇنى بىمەنە تۇسكە كىرگۈزۈپ قويغان. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرى، روھىي كەچۈرمىشلىرى ئۇلاردا قاتتىق پىرىسلىنىپ كىچىكلىتىلگەن. بىز پەقەت ئاشۇ سىمۋوللارنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرەلىسەكلا،

ئاشۇ ئەپسانىلارنىڭ تارىخ ھەققىدىكى ئەڭ مۇھىم ھۆججەتلەر بىلەن ئوخشاش قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلماي قالمايمىز. ئاشۇ سىرلىق ئەپسانىلارنى بىز ئىلمىيلىككە يات دەپ قارىساق ياكى ئىلىم - پەن بىلەن سىغىشالمايدۇ. يالغان، خىيالىي نەرسىلەر دەپ قارىساق قاتتىق خاتالىشىمىز. ئۇلار مىللەتنىڭ ھەم روھىيەت ھەم ماددىي تارىخى بولۇپ، بىزنى زامانىۋى پەن - تېخنىكا يولى بىلەن ئېرىشكىلى بولمايدىغان قىممەتلىك بىلىملەر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

بىر قاراشتا يارىتىلىش ئەپسانىسىغا، بىر قاراشتا تارىخىي داستانغا، يەنە بىر قاراشتا خىيالىي فانتازىيىگە ئوخشايدىغان «ئوغۇزنامە» دىن ئىبارەت بۇ سىرلىق قەسىردە زادى نېمىلەر بار؟

## 1. ئوغۇزخاندىكى دادىنى ئۆلتۈرۈش كومپىلىكسى

ئوغۇزخان داستانىنىڭ بېشىدىلا سەل ئىلاھىي تۈس ئالغان ھالدا غەلىتە تەسۋىرلىنىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ جاھاندىكى ئورنى ۋە رىياللىقتىكى رولىدىن بېشارەت بېرىلىدۇ.

يىرتقۇچ ھايۋان قىئات بۇغىنىمۇ، ئېيىقنىمۇ يەيدۇ، قىئاتنى شۇڭقار يەيدۇ، شۇڭقارنى بولسا ئوغۇزخاننىڭ يا ئوقى ئۆلتۈرىدۇ. بۇ بايانلار گەرچە ئوغۇزخاننىڭ باتۇرلۇقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قىستۇرمىدەك بولسىمۇ، لېكىن بۇ يەردە ناھايىتى ئېنىقكى، ئوغۇزخاننىڭ جاھاندا تۇتقان ئورنى مەسىلىسى يەنى ئۇنىڭ ئاسمان ۋە يەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

بۇ ئوغۇزخاننىڭ چوڭ يۈرۈشكە ئاتلىنىشتىن ئىلگىرى باشىغان تۇنجى ئىستىلاسى، ئۇ ئاۋۋال ئوۋ ئوۋلاپ ئۆز مەۋجۇتلىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ، يەنى ئۆز مەۋجۇدلۇقى ئۈچۈن ئىستىلاغا ئاتلىنىدۇ. ئۇ ئالدى بىلەن ئورمانلىقنى — يەنى يەرنىڭ بىر قىسمىنى بويسۇندۇرىدۇ، ئايال جىنسلىق يەرنى بويسۇندۇرۇش ئوغۇزخاندىكى مەڭگۈلۈك ھاياتلىق ئىستىكىنىڭ مەھسۇلى، شۇڭا، يەرنى ئىگىلەيدۇ، يەنى بۇغا، ئېيىق ۋە قىئاتلارنى

ئوۋلايدۇ.

ئۇنىڭ ئىگىلەش ئىستىكى ئاسمانىنىڭ دەخلى ـ تەرۇز قىلىشىغا ئۇچرايدۇ، ئەر جىنسلىق بولغان ئاسمان ئۇنىڭ يەردىن ئوۋلىغان نەرسىگە ئىگە بولۇشىغا يول قويمايدۇ، يەنى قىئاتنى شۇڭقار (ئاسمانغا تەۋە، ئاسماننىڭ ۋەكىلى) ئىگىلىۋالىدۇ.

ئوغۇزخان ئاسمانغا ئوق ئاتىدۇ، ئاسمانغا مەلۇم دەرىجىدە ۋەكىللىك قىلىدىغان شۇڭقارنى ئۆلتۈرىدۇ.

بۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى مۇنداق ئىپادىلەش مۇمكىن:

«ئوغۇزنامە» ئىپوسىدىكى بارلىق ھوقۇق ۋە ئەرلىك ئىرادىسىنى مۇشۇ گرافىكتىن كۆرگىلى بولىدۇ. ئوغۇزخاننىڭ ئىگىلىگۈچى بولۇش ۋە ئەسلىدىكى ئىگىلىگۈچىگە قارشى تۇرۇش ئىستىكى دەل ئۇنىڭدىكى دادىسىنى ئۆلتۈرۈش ئىستىكىدىن ئىبارەت.

## 2. ئەسلى گۇناھ، تووۋا قىلىش ۋە تەڭرىنىڭ مۇكاپاتى

ئۇيغۇرلارنىڭ پۈتكۈل مىللىي روھىنى شەكىللەندۈرگەن كۆك ئېتىقادى پۈتكۈل ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان يەنىلا شۇ ئەسلى گۇناھ تۇيغۇسىدىن نىرى كەتمىگەن.

ھېكايىنىڭ 1 ـ بۆلىكىدە ئوغۇزخاننىڭ تۇغۇلۇشى ۋە ياشاش شارائىتى بايان قىلىنغاندىن كېيىن، 2 ـ بۆلىكىدە ئوغۇزخاننىڭ نىكاھلىنىشى ۋە پەرزەنت قالدۇرۇشى سۆزلىنىدۇ. بۇ يەر مۇنداق سۆزلەر بىلەن ئېلىنىدۇ: «...كەنە كۈنلەردە بىر كۈن ئوغۇز قاغان بىر يەردە تەڭرىنى يالبارغۇدا ئىردى، قاراڭغۇلۇق كەلدى...» يەنى كۈنلەردىن بىر كۈنى ئوغۇز قاغان بىر يەردە تەڭرىگە يالۋۇرۇۋاتاتتى، قاراڭغۇلۇق كەلدى.

بۇ يەردە ئوغۇزخان يالۋۇرىۋاتقان تەڭرى كۆك تەڭرى بولۇپ، ئوغۇزخان ھېكايىسىنىڭ 1 ـ بۆلىكىدە كۆكنىڭ ئىگىلىۋېلىش يەنى دادىللىق ئىمتىيازىغا جەڭ ئېلان قىلغانىدى، بىراق ئارقىدىنلا غەمكىنلىشىپ، ئۆز گۇناھىغا تۆۋە قىلىپ، تەڭرىگە يالۋۇرۇشقا باشلايدۇ.

ئوغۇزخاننىڭ گۇناھى ــ تەڭرىدىن ئىمتىياز تالىشىش = دادىدىن ھوقۇق تالىشىش.

ئوغۇزخاننىڭ تۆۋىسى ــ ئىبادەت قىلىش = دادىنى قەدىرلەش

تەڭرىنىڭ مۇكاپاتى ــ مەلۇم ئىمتىيازنى بېرىش = دادا بولۇش ئىستىكىنى قاندۇرۇش.

ئوغۇزخان تەڭرىگە يېلىنىۋاتسا ئاسماندىن كۆك نۇر چۈشىدۇ، كۆك نۇر ئىچىدە بىر پەرى ئولتۇرىدۇ. نۇرنىڭ كۆك بولۇشى دەل ئاسماننىڭ ئۇيغۇرچىدا «كۆك» دەپ ئاتىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، «كۆك» دېگەن سۆز ھەم ئاسماننى ھەم كۆك رەڭنى بىلدۈرىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بۇ پەرى تەڭرىنىڭ ئوغۇزخانغا قىلغان سوۋغىسىدىن ئىبارەت، يەنى ئۇ تۆۋا قىلىپ تەڭرىگە يالۋۇرغانلىقى ئۈچۈن تەڭرى ئۇنى مۇكاپاتلايدۇ. بۇ مۇكاپات ــ بىر قىزدىن ئىبارەت، ئوغۇز خاقان قىز بىلەن بىللە بولۇپ، ئەۋلاد قالدۇرىدۇ، ئۇ بىر دادىغا ئايلىنىدۇ، ھاياتلىقنى ئەبەدىيلىككە ئىگە قىلىش ئىستىكىنى قاندۇرىدۇ.

دادا ــ ئىگىلىۋالغۇچى ۋە ھوقۇق ئىمتىيازدىن دېرەك بېرىدۇ، يەنى ئاسمان ئۇنىڭ ئىگىلىۋالغۇچىغا ئايلىنىشقا ۋە ھوقۇق ئىمتىيازغا ئېرىشىشكە يول قويىدۇ.

مۇقەددەس يەرمۇ ئوغۇزخانغا بىر قىز سوۋغا قىلىدۇ، ئوغۇزخان ئاسمان ۋە يەرنىڭ يەنى ئەرلىك ۋە ئاياللىقنىڭ بىرىكىشى بىلەن مۇكەممەل ئادەمگە ئايلىنىدۇ.

ئېپوستا دادىنىڭ بالىنىڭ ئىگىلىشىگە يول قويۇشى تەلەپ قىلىنغان، ئاخىرىدا ئوغۇزخانمۇ ئۆز ھوقۇقىنى ۋە ئىستىلا قىلغان نەرسىلىرىنى ئوغۇللىرىغا بۆلۈپ بېرىدۇ.

ئوغۇزخان ئۆزىنىڭ مۇكەممەللەشكەنلىكىنى ھېس قىلغاندىن كېيىن خەلققە مۇنداق يارلىق چۈشۈرىدۇ:

«مەن سىلەرگە بولدۇم خاقان،
ئېلىڭلار قولغا يا ۋە قالقان.
بىزگە تامغا بولسۇن بۇيان،
كۆك بۆرە بولغاي ئۇران.

تۆمۈر نەيزە بولغىن ئورمان،
دېڭىز ــ دەريا يۈرسۇن ئېقىپ.
ئوۋ يېرىدە يۈرسۇن قۇلان،
كۈن تۇغ بولغاي، ئاسمان قورغان...»

«مەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىمەن، مەن پۈتۈن جاھاننىڭمۇ خاقانى بولۇشۇم كېرەك![1] » مانا بۇ يەردە ئېپادىلىنىۋاتقىنى بىر خەلقنىڭ چۈشى، بىر مىللەتنىڭ ئەرلىك ھوقۇقىغا ئېرىشىش ئىستىكى، ھاياتنى ئەبەدىيلىككە ئىگە قىلىش ئىستىكى.

ئوغۇزخان ئۆزىگە كۆك بۆرىنى شوئار قىلىدۇ، يەنى بۇ يەردە كۆك بۆرە ئوغۇزخاننىڭ روھىدىكى ئەرلىكنىڭ ئوبرازلىششى بولۇپ، كېيىن ئۇ ئوغۇزخانغا يول باشلايدۇ.

«كۈن تۇغ بولغاي، ئاسمان قورغان...»

كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان بۇ بەدىئىي مىسرادىن بىز مۇنداق ئاجايىپ بىر تەسەۋۋۇرنى ھېس قىلىمىز: پۈتكۈل دۇنيا بىر چېدىرغا ئايلىنىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇياش بىر بايراق قىلىپ تىكلىنىدۇ.

بايراق ــ بىر قەۋم، بىر مىللەتنىڭ بەلگىسى، يول

---

[1] ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۇسۇپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 3891 ــ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 142 ــ بەت.

كۆرسەتكۈچى.

ئوغۇزخان بايرىقنى قۇياشتەك ئېگىز بولسۇن دەپ تەلەپ قىلىدۇ، بايراقنى ئېگىزگە قاداشتىن مەقسەت ئۆزىنى نامايان قىلىش. دېمەك، بۇ يەردە ئوغۇزخان ئۆز قەۋمىنىڭ كۈچىنى — ئەۋلاد قالدۇرۇش كۈچى — جىنسىي ئىقتىدارىنى نامايان قىلىدۇ.

ئوغۇزخان پۈتكۈل كائىناتنى ئۆز بارگاھىغا ئايلاندۇرۇپ، ھەممە نەرسىنى بويسۇندۇرماقچى، يەنى تەڭرىگە ۋە دادىغا ئايلانماقچى. مانا بۇ ئوغۇزخاننىڭ قايتىدىن ئىستىلا يولىنى تۇتۇشىنىڭ باشلىنىشى، يەنى ئۇ پۈتكۈل زېمىننى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئاتلانغاندا، ئۆزىگە يەنىلا ئاسماننى ۋە قۇياشنى نىشان قىلىدۇ، دېمەك ئۇ ئايال جىنسلىق بىلەن زېمىننى بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن ئەر جىنسلىق بولغان كۆككە ۋە قۇياشقا تەقلىد قىلىدۇ.

### 3. يارىتىش ئەپسانىسى

ئېپوسنىڭ 1 ـ بۆلىكىدە ئوغۇزخاننىڭ تەبىئەت ئىستىلاسى، 2 ـ بۆلىكىدە جىنسىي ئىستىلاسى بايان قىلىنغاندىن كېيىن، 3ـ بۆلىكىدە سىياسىي ئىستىلاسى بايان قىلىنىدۇ، بىراق بۇ كۆرۈنۈشتە سىياسىي ئىستىلا بولغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە يارىتىش ئەپسانىسىدىن ئىبارەت.

ئوغۇزخان نۇرغۇن جايلارنى ئىگىلەيدۇ، نۇرغۇنلىغان مىللەت ۋە قەۋملەرنى يارىتىدۇ، ئوغۇزخاننىڭ ئىستىلاسى جەريانىدا ساقلاپ، قىپچاق، قارلۇق، قالئاچ، قاڭغالۇق قاتارلىق قەۋم ۋە ئۇرۇقلار بارلىققا كېلىدۇ.

ئوغۇزخان ئەر قىياپىتىدە ئاسمانغا تەقلىد قىلىدۇ، يەنى ئايال جىنسلىق بولغان زېمىننى ئىگىلەيدۇ، ئەرنىڭ ئايالنى ئىگىلىشى يېڭى بىر ھاياتلىقنى ياراتقاندەك ئەر جىنسلىق ئوغۇزخاننىڭ ئايال جىنسلىق زېمىننى ئىگىلىشى بىر مۇنچە ئۇرۇق ۋە قەبىلىلەرنى يارىتىدۇ.

كۆك يايلىق ئەركەك بۆرە ئوغۇزخانغا يول باشلايدۇ، بۇ بۆرە زادى كىم؟

بۇ بۆرە دەل ئوغۇزخاننىڭ ئۆزىدىن ئىبارەت، بۇ ئوغۇزخاننىڭ رېياللىقتىكى ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئىدىيىسىدىكى ئۆزى. ئۇنىڭ بۇ ئىككىنچى ئۆزى ئوغۇزخان بىلەن نۇرغۇن جەھەتتە ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن پارچىلىنىپ چىقىپ كەتكەن، ئۇنىڭدا ئوغۇزخان ئىپتىراپ قىلىشنى خالىمايدىغان، بىراق ئاڭسىز ھالدا ئەگىشىشكە مەجبۇر بولۇدىغان بىر مەزمۇن بار، ئۇ بولسىمۇ يەنىلا دادا.

خىيالىي سىزىم پەيدا بولغان بەزى روھىي كېسەللەر خىيالى ھالەتدا بەزى ئوبرازلارنى كۆرۈدۇ ياكى كۆز ئالدىدىكى بەزى نەرسىلەرنى ئۆزگەرتىپ كۆرۈۋالىدۇ. ئاشۇ كۆرۈنگەن ئۇنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئۆزى ياكى بولۇشنى ئىستەيدىغان ئۆزىدىن ئىبارەت. يەنى، غايىسىدىكى ئاشۇ ئوبرازنى توقۇپ چىققان. مەسىلەن، «ھاملېت» درامىسىدا ھاملېت دايىم دادىسىنىڭ ئەرۋاھىنى كۆرىدۇ ۋە بۇ ئەرۋاھنىڭ بارلىق بۇيرۇقلىرىغا ئەگىشىدۇ، ئۇ ئەرۋاھ پەقەت ھاملېتنىڭ ئېڭىدىلا مەۋجۇت، بۇ ئوبراز ھاملېتنىڭ ئۆزىنىڭ روھىدىن پارچىلىنىپ چىققان بولۇپ، ئۇنىڭغا ھاملېتنىڭ ئېڭىدىكى نۇرغۇن ئىستەكلەر مۇجەسسەملەشكەن. ئەرۋاھ ھاملېتقا قىساس ئېلىشنى بۇيرۇيدۇ، ئەمەلىيەتتە قىساس ئېلىشقا ئۈندىگىنى ھاملېتنىڭ ئۆزى.

«ئوغۇزنامە» ئېپوسىنىڭ بىر مىللەتنىڭ كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئېڭىنى ئىپادىلەپ بېرىشىدىكى سىمۋوللۇق ۋاسىتىلىرىنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا، بىز بىر مىللەتنىڭ شەكىللىنىش ۋە ئەۋلاد قالدۇرۇش تارىخىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ دەل مىللەتنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى مەڭگۈلۈككە ئىگە قىلىش ئىستىكىدىن ئىبارەتتۇر.

### 4. تۇۋە قىلىش ۋە نەزىرە

ئۇيغۇرلارنىڭ تۆتنى ئۇلۇغلاش ئادىتى بويىچە «ئوغۇزنامە» ئېپوسى تۆت بۆلەككە بۆلۈنگەن، ئاخىرقى بۆلىكىدە ئوغۇزخاننىڭ ئىستىلانى تۈگەتكەندىن كېيىن پۈتۈن خەلقنى يىغىپ مۇراسىم

ئۆتكۈزىدۇ، مۇراسىمدا كۆك تەڭرىگە نەزىرە قىلىنىدۇ.

ئوغۇزخان نۇرغۇن زېمىنلارنى بېسىۋالغانلىقى ئۈچۈن كۆكتىن ئەپۇ سورايدۇ، كۈن چىقىش ۋە كۈن پېتىش تەرەپكە ئىككى تال ئېگىز ياغاچ قادايدۇ، ياغاچنىڭ ئېگىزلىكى 40 غۇلاچ بولۇپ، 40 دېگەن مۇقەددەس سان بىلەن تەسۋىرلەنگەن. دېمەك، ناھايىتى ئېگىزلىكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۇنى بۇنداق ئېگىز قىلىشتىكى مەقسەت ئاسمانغا تېخىمۇ يېقىن قىلىش ئۈچۈندۇر. ئۇ بىر ئالتۇن توخۇ بىلەن كۈمۈش توخۇنى كۆككە نەزىرە قىلىش ئارقىلىق كەچۈرۈم سورايدۇ، كۆكنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ئىمتىيازنى ئوغۇزخانغا ئۆتۈنۈپ بەرگىنىگە رەھمىتىنى بىلدۈرىدۇ.

ئاندىن ئوغۇزخان ئۆزىنىڭ ھاياتلىقىنىڭ داۋامىنى ئوغۇللىرىدىن ئىستەيدۇ، ئوغۇللىرىغا يۇرتىنى بۆلۈپ بېرىدۇ، يەنى ئىگىلىگەنلىرىنى ئوغۇللىرىنىڭمۇ ئىگىلەشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئاخىرقى قىسىمدا ھەممىدىن دىققىتىمىزنى تارتىدىغان بىر نەرسە شۇكى، ئوغۇزخاننىڭ ئۇلۇغ تۈرك ناملىق بىر ۋەزىرى چۈشىدە ئالتۇن يا بىلەن كۈمۈش ئوقنى كۆرىدۇ ۋە بۇنى يۇرتىنى پەرزەنتلەرگە بۆلۈپ بېرىشنىڭ بېشارىتى دەپ قارايدۇ. ئۇنداقتا يا بىلەن كۈمۈش ئوق زادى نېمىشقا يۇرتنى بۆلۈپ بېرىشتىن بېشارەت دەپ قارىلىدۇ؟

ئوق ئىنسانلاردا مۇنداق نەرسىلەرنىڭ سىمۋولى بولۇپ كەلگەن.

1. ئۇ ھوقۇق ۋە ئىلاھىي كۈچنىڭ سىمۋولى، فىرئەۋن تاج كىيىش مۇراسىمى ئېلىپ بارغاندا، تۆت تەرەپكە يادىن ئوق ئۈزۈپ، ئۆزىنىڭ بىرخىل ئىلاھىي كۈچكە ئىگە بولغانلىقىنى ئىپادىلەيتتى.

2. ئۇ بەزى مىللەتلەردە ۋە قىيا تاش رەسىملىرىدە قۇياش نۇرىنى ئىپادىلەيدۇ.

3. پىسخىك ئانالىز تەلىماتىدا بولسا ئۇ بىرخىل ئەرلىك جىنسىي خارلاش سەۋدالىقىنى ئىپادىلەيدۇ دەپ قارىلىدۇ.

ئەمەلىيەتتە بۇ ئۈچ خىل سىمۋولنى بىرلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن ئۇ مۇكەممەل سىمۋولغا ئايلىنىپ، بىز «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدىكى ئوقنىڭ مەنىسىنى چۈشۈنەلەيمىز، ئۇ ھەم ئىلاھىي كۈچنى، ھەم قۇياش ئېتىقادىنى، ھەم زورلۇق كۈچنى ئىپادىلەيدۇ. قۇياشقا ۋە كۆككە ئېتىقاد قىلىنىدىغان قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا قۇياش ھەم ئەرلىك كۈچنى ئىپادىلەيدۇ، ھەم ئىلاھىي كۈچنى ئىپادىلەيدۇ. قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا ئەرلىك جىنسىي زوراۋانلىق دەل بىرخىل ئىلاھىي كۈچتىن ئىبارەت.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ سەنئىتىدە ئوقنىڭ رەسمى ئەرلىك جىنسىي ئەزانى ئىپادىلەپ كېلىدۇ. مەسىلەن، قەدىمكى ھىندىستان ئەپسانىلىرىدىكى ئىلاھ شىۋانىڭ (shiva) ھەيكەللىرىدە ئۇنىڭ قولىدا تۇتۇپ تۇرغان يا ئوقى ئەرلىك جىنسىي ئەزانىڭ سىمۋولى، گرېك ئەپسانىلىرىدىكى سۆيگۈ ئىلاھى ئىروسنىڭ ئوقيا ئوقىمۇ شۇنىڭ بىلەن ئوخشاش مەنىدە.

«ئوغۇزنامە» ئېپوسىنى بەزىلەر ئافراسياپ قاتارلىق تارىخىي شەخسلەرگە باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ، تارىخىي شەخسلەرنى ئەپسانىلاشتۇرۇش ۋە ئىدىيىۋىلەشتۈرۈش قەدىمكى دەۋردىلا ئەمەس، دەل ھازىرقى ئۇيغۇرلاردىمۇ مەۋجۇت. بۇ ئېپوستىن تارىخىي ھۆججەتلەرنى تېپىپ چىقىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ ئەپسانىۋى سىرلىقلىقى كەينىگە يوشۇرۇنغان مىللەتنىڭ روھىي قىياپىتىنى قېزىپ چىقىشىمۇ ئوخشاشلا مۇھىم.

## 5. تەن بىلەن روھ ئارىسىدا

ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى دىنىي ئېتىقادلىرىنىڭ مەنبەسى يارىتىش كۈچى بولغان جىنسىي كۈچ بولسىمۇ، بىراق ئۇ كېيىنكى تارىخىي تەرەققىياتلار جەريانىدا ئۆزىدىكى جىنسىيەت بىلەن بولغان ماھىيەتلىك مەنبەداشلىق مۇناسىۋىتىنى غۇۋالاشتۇرۇۋەتتى. يەنى مەدەنىيەتتىكى ئادەتتىن

تاشقىرى پرىسلىنىش ۋە جۇغلۇنۇش نەتىجىسىدە بەزى نەرسىلەرنىڭ سىغىمچانلىقى ئادەتتىن تاشقىرى ئېشىپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇرەككەپ مەزمۇنلىرى ئىچىدىن ئۇنىڭ ئەسلى مەنبەسىنى تاپقىلى بولمايدىغان قىياپەتكە كىرىپ قالدى. ئىنسانىيەت مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغانسېرى، مەدەنىيەت غايەت زور سىمۋوللار يىغىندىسىغا ئايلاندى، چۈنكى پەقەت سىمۋوللارلا ئۇنىڭ سىغىمچانلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاز نەرسە بىلەن كۆپ مەزمۇننى ئىپادىلىيەلەيدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلالايتتى. ئىنسانلار ئابستراكت تەپەككۇرى تەرەققىي قىلغانسېرى، ئۇ سىغىمچانلىقى زور بولغان ئىپادىلەش ۋاستىلىرىغا ئېھتىياجلىق بولۇدۇ، چۈنكى، ئۇنىڭدا يېڭى - يېڭى ئابستراكت ئۇقۇملار پەيدا بولۇدۇ. ئابستراكت ئۇقۇملار كۆپەيگەنسېرى ئىنساننىڭ ئىپادىلەش ئېھتىياجى ئېشىپ بارىدۇ، شۇنىڭ بىلەن تەرەققىي قىلغان مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى سىمۋول ۋە بېشارەتلەرنىڭ چەكسىز مۇناسىۋەت مەيدانىغا ئايلىنىدۇ.

قەدىمكى ئىنسانلار جىنسىيەتنى بىرخىل ياراتقۇچى كۈچ ھېسابلاپ، ئۇنىڭغا چوقۇنغان، شۇنىڭ بىلەن پۈتكۈل كائىناتنىڭ يارىتىلىشىدىن تارتىپ، ھەربىر ئادەمنىڭ يارىتىلىشىنى جىنسىي ئىقتىدارنىڭ مەھسۇلى دەپ چۈشەنگەن. قەدىمكى ئاسمان بىلەن يەرگە چوقۇنۇش ئېتىقادى بارغانسېرى تەرەققىي قىلىپ، ئۆزىدىكى جىنسىي مەزمۇننى يوقۇتۇپ، مۇنتىزىم دىنىي ئېتىقادقا ئايلانغان ۋە باشقا ھەرخىل ئانىمىزملىق ئېتىقادلارنى شەكىللەندۈرگەن. ئىنسانلارنىڭ مۇنتىزىم دىنىي ئېتىقادى نۇرغۇن جەھەتتە سىمۋوللاشقان بولۇپ، ئۇقۇملار زور دەرىجىدە ئابستراكتلاشقان ۋە مۇرەككەپلەشكەن.

ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى ۋە ئۆزىنى كۈزۈتۈش، تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى چىقىش نۇقتىسى بولغان جىنسىيەت ئىنسانىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئىككى خىل نىشانغا قاراپ

ماڭغان.

1. بىر تۈركۈم ئىنسانلاردا جىنسىيەت سىمۋول ۋە بەلگىلەر قاينىمىدا شەكىلنى ئۆزگەرتىپ، تونۇغىلى بولمايدىغان ھالەتكە يەتكەن. ئاللاھ كۆزقارىشى بارغانسېرى مەۋھۇملۇشۇپ، بىر چەكسىزلىككە ئايلانغان، بارا ـ بارا ھازىرقى زامان دىنلىرى شەكىللىنىپ، ئەڭ قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدىكى جىنسىيەت يوشۇرۇلۇش ۋە شەكىلنى ئۆزگەرتىشلەردىن كېيىن بۇ دىنلاردىن ئىزنى تاپقىلى بولمايدىغان بولۇپ قالغان، ھەتتا بۇ دىنلار جىنسىيەتنى مەينەتچىلىك ۋە چۈشكۈنلۈك دەپ ئىنكار قىلىدىغان دەرىجىگە يەتكەن.

مەسىلەن، قىزىل مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە سىزىلغان ساكيامۇنىنىڭ تۇغۇلۇشى تەسۋىرلەنگەن رەسىمدە ساكيامۇنى مايا خېنىمنىڭ جىنسىي ئەزاسىدىن ئەمەس، بەلكى بېقىنىدىن تۇغۇلغان قىلىپ تەسۋىرلەنگەن، «ئىنجىل»دا جىزەس بولسا ئاتىسىز، يەنى بىرلا جىنستىن تۇغۇلغان.

بۇلاردىن ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، ياراتقۇچى كۈچ دەپ قارالغان جىنسىيەت بۇ يەردە ياراتقۇچىلۇق ئىمتىيازدىن مەھرۇم قىلىنغان.

دىنلارنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا بۇ خىل خاھىش بارغانسېرى كۈچىيىپ، ئاخىرىدا بەزىبىر تەركىي دۇنياچىلىق، ھەۋەسنى چەكلەش ئىدىيىلىرى شەكىللەنگەن.

2. يەنە بىر تۈركۈم ئىنسانلاردا بولسا جىنسىيەت بىرخىل يارىتىش كۈچىنى بىلدۈرىدىغان ئېپتىدائىي ئۇقۇمدىن بارغانسېرى كونكرېتلىشىپ بارا ـ بارا نوقۇللا ئىنسانلارنىڭ بولۇپمۇ ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئەزاسىغىلا مەركەزلەشكەن، يەنى كىشىلەر جىنسىي ئەزانى ياراتقۇچى ئىلاھ دەپ قارىغان.

ئالدىنقى مىسالدا ئىنسانلار جىنسىيەتنى كائىناتقا ۋە ھاياتنىڭ ماھىيىتىگە يۈكلىسە، بۇ ئىنسانلار بولسا كائىنات ۋە ھاياتلىقنى جىنسىيەتكە يۈكلىگەن، شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلارنىڭ

جىنسىي ئەزاغا چوقۇنۇش ئېتىقادى شەكىللەنگەن.

ئىنسانلارنىڭ بالا تېپىشىغا ئىنتىلىشى پۈتۈنلەي بىرخىل تەبىئىي ھاياجان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ تەبىئىتىدىكى ھاياتلىق ئىرادىسىنىڭ مەھسۇلىدىن ئىبارەت، ئىنسانلارنىڭ بالىدىن خۇشال بولىدىغىنى پەقەتلا ئۆزىنىڭ ئەۋلاد قالدۇرۇپ، دۇنيادىن ئىز - دېرەكسىز يوقۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش بولۇپ، بىر ئىنساننىڭ پەرزەنتى ئۇنىڭ بارلىق خۇشاللىقىدىن ئىبارەت، چۈنكى، ئىنساننىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدا مەڭگۈ ئۆلمەسلىككە ئىنتىلىش بار بولۇپ، ئىنسان پەرزەنت قالدۇرۇش ئارقىلىق ھاياتىنى مەڭگۈلۈككە ئىگە قىلالايمەن دەپ قارايدۇ. ئاتا - ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىدىكى سىرلىق مېھرى - مۇھەببەتنى بۇنىڭدىن باشقا نۇقتىدىن چىقىپ چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. بەزىلەر بۇنى ئىشلەپچىقىرىش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن ئىنسانلار بىر ئەمگەك كۈچىگە ئىگە بولۇش تۈيغۇسى بىلەن پەرزەنتىدىن شادلىنىدۇ دەپ چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇنداق قاراش تولۇق ئاساسقا ئىگە ئەمەس، پەرزەنت شادلىقى پەقەتلا مەڭگۈلۈك ھايات ھاياجىنىدىن تۇغۇلغان شادلىق بولماستىن، ئۇنىڭدا يەنە يارىتىش شادلىقىمۇ بولىدۇ. يەنى، ئاتا - ئانا ئۆزلىرىنىڭ يېڭى بىر جانلىقنى ئاپىرىدە قىلغانلىقىدىن شادلىنىدۇ، بالىلارمۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ جىنسىي ئىقتىدارىنى ئۆزىنى ياراتقان كۈچ دەپ قارايدۇ.

ئىنسانلارنىڭ روھ بىلەن تەننى بىر - بىرىدىن ئايرىۋېتىپ بۇ ئىككىسى ئارىسىدا سەرگەردان بولۇش تارىخى، دەل ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدۇر.

سانسىز ئەسىرلەردىن بېرى ئىنسانلار گاھ تەننىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ، چۈشكۈنلۈك ئىچىدە نىدا قىلسا، گاھ روھنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ تەننىڭ موھتاجلىقى ئالدىدا ئەقلىنى يوقاتتى، كىشىلەر كۆپىنچە تەن بىلەن روھنى ئايرىم - ئايرىم ئىككى نەرسە دەپ قاراپ، ئۇلارنى قارىمۇقارشى ئورۇنغا قويدى. بەزىلەر تەن تەرەپتە

تۆرۈپ روھنى ھېچنەرسىگە ئەرزىمەيدىغان قۇرۇق ۋە مەۋھۇملۇق دەپ قارىدى. تەننىڭ ئېھتىياجىنى ھەممىدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويدى، بىراق ھەممىدىن قىزىق يېرى شۇكى، ئۇلار تەننى پەقەتلا بىرخىل ماددىي مەۋجۇتلۇق دەپ قارىماستىن، ئەكسىچە دەل تەننىڭ ئۆزىگىلا سىرلىق تۈس بەردى، يەنى تەننى ئىلاھلاشتۇردى. كىشىلەرگە ئەزەلدىن پەقەت ئاڭ بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك تۇيۇلۇدىغان تىئولوگىيىلىك ئىدىيىلەرنى ئۇلار تەندىمۇ ئىزدىدى، شۇنىڭ بىلەن تەن كىشىلەر چۈشىنىپ يېتەلمەيدىغان روھ بىلەن ئوخشاشلا سىرلىقلىققا تولدى. پەقەت كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندىلا فىزىئولوگىيە پېنىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ كىشىلەر ئادەم ئاناتومىيىسىنى بىلگەندىن كېيىن ئاندىن تەننىڭ ماددا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، تەنگە بولغان مىستىزملىق قاراشلار بارا - بارا يوقۇلۇپ، پەقەت روھقا بولغان مىستىزملىق قاراشلارلا مەۋجۇت بولۇپ قالدى، جىنسىي ئەزاغا چوقۇنۇش ئاشۇ دەۋرلەردىكى تەن ھەققىدىكى مىستىزملىق قاراشلارنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە كىشىلەردە تەنگە بولغان قارشىلىق كۈچىيىپ، تەننى پەقەت ۋاقىتلىق نەرسە، ئاخىرىدا سېسىپ، چىرىپ توپىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ نەپسى ئالدىدا باش ئېگىش گۇناھ دەيدىغان، تەننىڭ ئەڭ تۈپكى ئىمتىيازلىرىدىن بىرى بولغان جىنسىيەتنى چەتكە قېقىش ئىنسانىيەت ئىدىئولوگىيىسىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى. ئۇلاردىن بەزىلەر ھەتتا تەننىڭ ئەڭ تۈپكى ئېھتىياجى بولغان ئوزۇقلۇنۇشقا بولغان تەلەپنىمۇ ئىنكار قىلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى، بىراق ئوزۇقلۇق ئۈزۈلسە ياشاش مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇنى تۈپتىن ئىنكار قىلالماي، قىسمەن ئىنكار قىلدى. ھوزۇر ئۈچۈن تاماق يېيىش ۋە ھەشەمەتچىلىكنى تىللاش بۇنىڭ بىر مىسالى، ئىنسان تېنىدىكى ئەڭ تۈپكى تەلەپلەرنىڭ بىرى بولغان جىنسىي تەلەپ بولسا بەزىلەر تەرىپىدىن پۈتۈنلەي ئىنكار

قىلىندى. مەسىلەن، بۇددا دىنى نىرۋاناغا يېتىشنىڭ يولى ئۆزىنى شەھۋەتتىن پاك تۇتۇش دەپ قاراپ، توي قىلىشنى ئىنكار قىلدى. توي قىلماسلىقنى ئەڭ ئالىي پەزىلەت دەپ قارىدى، دەسلەپكى مەزگىللەردىكى خرىستىئان دىنىمۇ جىنسىيەتنى بىر خىل گۇناھ دەپ قارىدى ۋە دىنغا ئىشەنگۈچىلەرنى جىنسىيەتتىن چەتلەشكە ئاگاھلاندۇردى، سوپىلارمۇ تەركىي دۇنياچىلىقنى تەرغىپ قىلىپ، جىنسىيەتنى ئىنكار قىلدى. نۇرغۇن سوپىلار ئۆمۈر بويى توي قىلماي ئۆتتى.

تەن بىلەن روھ ھەققىدىكى ئۇيغۇرچە قاراشلاردا دايىم روھ خۇداغا، تەن بولسا شەيتانغا يېقىن قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ، مەشھۇر «قىسسەسۇل ئەنبىيا» دا مۇنداق دېيىلگەن:

«بىر كۈنى ھازازۇل ئۆز خىزمىتىدىكى بارلىق پەرىشتىلەر بىلەن ئادەمنى كۆرۈش ئۈچۈن كېلىپ ھەيران قالدى، ئاسماندا ۋە يەر يۈزىدە، ئەرش كۇرسىدا كۆرگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ سۈرەتتە (ئادەمنىڭ ياسالغان تېنىنى دېمەكچى) نامايان بولدى، بۇ سۈرەت ئۆتكەن ئاجايىپ ۋە غارايىپلارنى خاتىرىگە كەلتۈردى. ھازازۇل كېلىپ ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قورسىقىغا قولى بىلەن ئۇرۇۋېدى، ياتنىڭ قولى تېگىش بىلەن كوزىنىڭ ئاۋازىدەك بىر ئاۋاز چىقتى، ھازازۇل بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ، پەرىشتىلەرگە:

— بۇ سۈرەتنىڭ ئىچى كاۋاك ئىكەن، كاۋاكلىق ئەيىپ - نۇقسانلىقنىڭ نىشانى، بۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ ۋەسۋەسە قىلىش ئاسان، مەن ئىچىگە كىرىپ ئۇنىڭ باتىنىنى كۆرۈپ باقاي. ھازىر كىرمىسە جان كىرگەندىن كېيىن كىرگىلى بولمايدۇ،— دېدى.

ھازازۇل بۇ ھەيكەلنىڭ ئىچىگە كىرىپ، سەيىر ۋە تاماشا قىلدى، ھەيكەلنىڭ ئىچى شۇنچە كەڭرى ۋە بېزەكلىك بىر ئىمارەت، ئىككى ئالەمنىڭ گۆھىرى يىغىلغان بىر گۆھەر ئامبىرى ئىدى، بۇنداق كەڭرى ئىمارەتنى ھېچكىم كۆرمىگەنىدى. ھازازۇل ھەممە قىسىملارنى كۆرۈپ كۆڭۈل رايونىغا كەلدى، كۆڭۈل رايونى ئاجايىپ بىر بەلەن ئىمارەت ئىدى، بۇ ئىمارەتكە كىرىشكە

ھېچيەردىن يول تاپالماي، نائۈمىد بولۇپ چىقتى (خۇدايى تائاللا كۆڭۈل ئۆيىگە كىرىشكە يول بەرمىدى.[1])

رابغۇزىنىڭ قارىشىدا ناھايىتى ئېنىقكى، روھ بىلەن تەن قارشى ئىدى. ئادەم يارىتىلىش بىلەنلا شەيتان ئۇنىڭ تېنىنى ئىگىلىمەكچى بولغان، بىراق جان ئۇنىڭغا يول قويمايدىغان كۈچ دەپ قارالغان، شۇنىڭ بىلەن روھ بىلەن تەنىنىڭ كۆرۈشى، خۇدا بىلەن شەيتان ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشنىڭ ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ئىپادىسى بولغان، شەيتانىنىڭ ۋەسۋەسى تەننى ھاياجانلاندۇرىدۇ، خۇداغا بولغان ئېتىقاد تەنىنىڭ ھاياجىنىنى توسۇپ ئۇنى خاتىرجەم قىلىدۇ.

«قىسسەسۇل ئەنبىيا» دا تەسۋىرلىنىشىچە، شەيتان ئوتتىن يارىتىلغان، ئادەم تۇپراقتىن يارىتىلغاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆڭلى سۇدىن، روھى شامالدىن، نەپسى ئوتتىن يارىتىلغان. دېمەك، ئادەم نەپسى بىلەن شەيتانىنىڭ مەنبەسى بىر بولۇپ، ئىنسان تېنىدىكى ھەۋەسنىڭ ئۆزى شەيتان دەپ قارالغان.

ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانا جەننەتتە چەكلەنگەن مېۋىنى يەپ گۇناھ ئۆتكۈزىدۇ، «قىسسەسۇل ئەنبىيا» دا بۇ مېۋە بۇغداي دەپ بايان قىلىنىدۇ، «تەۋرات»تا بولسا بۇ مېۋە ئەقىل مېۋىسى دەپ ئاتالغان. «قىسسەسۇل ئەنبىيا»دا ئېيتىلىشىچە، ئادەم بۇغدايىنى يېگەندىن كېيىن تاھارىتى قىستاپ كېتىدۇ. «تەۋرات»تا ئېيتىلىشىچە، ئادەم ئەقىل مېۋىسىنى يېگەندىن كېيىن كۆزى ئېچىلىپ، ئۆزىنىڭ يالىڭاچلىقىنى بىلىپ قالىدۇ ۋە يالىڭاچلىقىدىن نومۇس قىلىدۇ. دېمەك، ھەر ئىككىسىدە ئوخشاشلا ئىنتايىن خىجىللىق ئىچىدە قالىدۇ، ئىسلام دىنىدا ئىنسان تېنىدىكى ۋەسۋەسىلەر ئىچىدە ئىنساننىڭ ئوزۇقلۇققا بولغان ئاچكۆزلىكى تىلغا ئېلىنسا، يەھۇدىي دىنىدا بولسا ھەۋەس تەكىتلەنگەن. «ئەقىل مېۋىسى»دىكى ئەقىلنىڭ زادى نېمىنى

---

[1] رابغۇزى: «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان، ئۇيغۇرچە نۇسخىسى 10 ــ بەت.

كۆزدە تۇتۇدىغانلىقى ئېنىق قەيت قىلىنمىغان. بىراق بىز ئادەم بىلەن ھاۋانىڭ كېيىنكى خىجىللىق ھېس قىلىشنى بىلىشىدىن بۇ مېۋىنىڭ جىنسىيەت بىلەن ئالاقىدار ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز. يەنى ئادەمنىڭ كۆزى ئېچىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا جىنسىي بىلىم پەيدا بولغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ جىنسىي بىلگەچكە، يالىڭاچلىقىدىن خىجىل بولغان. بەزى خىرىستىئان تىئولوگلىرى بولسا بۇنى مۇنداق ئىزاھلىغان: خۇدانىڭ ئەقىل مېۋىسىنى چەكلىشىدىكى سەۋەب ئادەم بىلەن ھەۋانى گۇناھتىن توسۇش ئۈچۈندۇر. ئۇنداقتا بۇ گۇناھ زادى نېمە گۇناھ؟ ئادەم بىلەن ھەۋانىڭ جىنسىنى بىلىشى، ئۇلار جىنسىنى بىلگەن ئىكەن، دېمەك جىنسىي ئالاقە قىلىدۇ، جىنسىي ئالاقە ئۇلارنى يېڭى بىر جاننى ئاپىرىدە قىلالايدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىدۇ. پەقەت تەڭرىگىلا خاس بولغان بۇنداق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئادەمنىڭ ئۆزىدە ھازىرلاشقا تىرىشىشى خۇدادىن خۇدالىق تالىشىش ياكى شېرىك كەلتۈرۈش بولۇپ، خۇدا دەل مۇشۇ گۇناھى ئۈچۈن ئادەم بىلەن ھەۋانى جەننەتتىن ھەيدەپ چىقارغان. ئىنسانلارنىڭ جىنسىيەتنى مەينەتچىلىك ھېس قىلىشىدىكى تۈپكى سەۋەب دەل ئاشۇ ئىپتىدائىي گۇناھ تۇيغۇسىدىن بولۇدۇ.

ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋا ئانىنى ئازدۇرغان نەرسە يەنى شەيتانغا ۋاكالىتەن ئوتتۇرىغا چىققان نەرسە يىلان بولۇپ، ئۇلار يىلاننىڭ ئېزىقتۇرۇشى بىلەن ئەقىل مېۋىسىنى يېگەن.

جاھىلىيەت دەۋرىدە بەزى مىللەتلەر يىلانغا ئېتىقاد قىلغان، «تارىختىن بىرى يىلان باشتىن ـ ئاخىر رەزىللىك بىلەن باغلىنىپ كەلگەن، يىلاندىن قورقۇش ئاساسەن ئومۇملاشقان، بەزى مىللەتلەر ئالۋاستىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇنىڭ ئاساسى شۇكى، ئۇلار ئالۋاستىغا سەجدە قىلىش ياخشى ئىلاھلارغا سەجدە قىلىشتىن پايدىلىق دەپ قارايدۇ.»[1]

---

① A.O.ۋال: «جىنسىي چوقۇنۇش» ئەدەبىيات ــ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى نەشرىياتى، 1988 ــ يىل خەنزۇچە نەشرى، 308 ــ بەت.

قەدىمكى مىسىردا كىشىلەر يىلانغا ئېتىقاد قىلاتتى، ئىبادەتخانىلار يىلاننىڭ سۈرىتى بىلەن تولغان بولۇپ، يىلان مەڭگۈلۈك ھاياتلىقنىڭ سىمۋولى ئىدى. بولۇپمۇ يۇمىلاق يۆگەلگەن يىلان ئۆلارغا مەڭگۈلۈك دەۋرى قىلىشتىن بېشارەت بېرەتتى.

ئازتېكلارمۇ يىلانغا ئېتىقاد قىلاتتى، ئازتېك مەدەنىيەت مىراسلىرىدىن بىرى بولغان بىر پارچە تام رەسىمىدە يىلان يالىڭاچ ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسى يېنىدا قىلىپ سىزىلغان بولۇپ، ئەرلىك جىنسىي كۆچكە سىمۋول قىلىنغان، ھىندىستان براخمان دىنىدىكى يېرىمى ئەر، يېرىمى ئايال ئىلاھنىڭ ھەيكىلىدە سول بېلىكىگە يىلان چىرماشقان بولۇپ، يىلان جىنسىي قوزغاتقۇچنىڭ سىمۋولى قىلىنغان.

جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئىنسانلارنىڭ يىلانغا چوقۇنۇشى بىرخىل جىنسىي چوقۇنۇش بولۇپ، يىلان بىر تەرەپتىن شەكىل جەھەتتە ئەرلەرنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا ئوخشايدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ كۆپىيىش كۈچى كىشىلەرنىڭ قايىللىقىغا ئېرىشكەن. مەسىلەن، كىشىلەردە يىلانلار تۇپى ۋە يىلانلار ئوردىسى ھەققىدە ئاجايىپ ھېكايىلار كۆپ.

پسىخىك ئانالىز تەلىماتىدا يىلان جىنسىي ئەزانىڭ سىمۋولى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ كۆرگەن چۈشلىرى تەھلىل قىلىنغاندا، چۈشىمىزدىكى يىلان دايىم جىنسىي ئەزانىڭ سىمۋولى دەپ قارىلىدۇ، يىلاندىن قورقۇش بولسا «جىنسىي ئەزادىن قورقۇش» دەپ قارىلىدۇ. خەنزۇلار ئۆزىگە تۇتىم قىلغان ئەجدىھا يىلان ئوبرازىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى مۇبالىغە قىلىنىشى بولۇپ، بۇ خەنزۇلارنىڭ پسىخىكىسىدىكى كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئاڭدىكى جىنسىي ئەزانىڭ كىچىكلىكىدىن ئەنسىرەش ۋە چوڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلىش خام خىيالىنىڭ مەھسۇلىدۇ.

مىلادىيەنىڭ ئالدىنقى ئىككى ئەسىردە خرىستىئان دىنىدىن تەرەققىي قىلىپ شەكىللەنگەن نىستۇرىيان دىنىدا يىلان ئەقىل

ـ پاراسەتنىڭ سىمۋولى دەپ قارالغان، چۈنكى جەننەتتە يىلان ئادەم بىلەن ھەۋاغا بىلىم ئۆگەتكەن، بىراق خرىستىئان دىنى بىلەن ئىسلام دىنى يىلاننى يامان كۆرىدۇ. «قىسسەسۇل ئەنبىيا» دا رىۋايەت قىلىنىشىچە، يىلان ئادەم بىلەن ھەۋانى ئازدۇرغاندىن كېيىن قاغىشىغا ئۇچرىغان ھەم جەننەتتىن قوغلىنىپ، مەڭگۈ پۇتسىز ئۆمىلەشكە ۋە يەر تېگىدە تۇپا يەپ ياشاشقا، ھەمدە ئازدۇرۇلغان ئادەمنىڭ ئەۋلادلىرى تەرىپىدىن ئازدۇرغان گۇناھى ئۈچۈن بېشىنى تاش بىلەن ئېزىپ ئۆلتۈرۈلۈشكە ھۆكۈم قىلىنغان.

يىلانغا چوقۇنۇش جىنسىي چوقۇنۇش ئىچىدە سىمۋوللۇق تۈس ئالغان چوقۇنۇش بولۇپ، مەنىسى باشقا نەرسىلەردىن ئېنىقراق.

ئەرلىك جىنسىي ئەزاغا چوقۇنۇش ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى دىنىي ئېتىقادلىرىدىن بىرى بولغان ئەجدادلارغا چوقۇنۇشنى بارلىققا كەلتۈرگەن، تا ھازىرقى دەۋرلەرگىچە پۈتۈن ئىنسانىيەت دۇنياسىدا بۇ خىل چوقۇنۇشنىڭ شەكلى ئۆزگەرگەن ھالدىكى تەسىرى ساقلانماقتا. ئۇيغۇرلاردا بولسا بۇ ئەھۋال تېخىمۇ روشەن. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار قەبرىستانلىققا بېرىپ دۇئا قىلىپ، ئەجدادلارنىڭ روھىدىن مەدەت تىلەيدۇ، چۈشىدە ئۆلۈپ كەتكەن دادىسىنى ياكى بوۋىسىنى كۆرسە، ئۇنىڭ روھى قوللاپتۇ، ئىشىم ئوڭۇشلۇق بولىدىغان ئوخشايدۇ دەپ چۈشىنىدۇ. ئۆلگەن ئادەمنىڭ يامان گېپىنى قىلىشتىن قورقۇپ، ئۆلگەننىڭ غەيۋىتىنى قىلىش گۇناھ دېيىشىدۇ.

چوڭلارغا ھۆرمەت قىلىش دۇنياۋى خاراكتېرلىك ئادەت بولۇپ، بۇ ئادەتنىڭ ئەسلى يىلتىزىمۇ دەل ئاشۇ ئەجدادقا چوقۇنۇش بولۇپ، ئەجدادقا چوقۇنۇش ئادىتىنىڭ قالدۇرغان پسىخىك ئەندىزىسىدىن ئىبارەت.

ئەجدادقا چوقۇنۇش بىلەن كۆككە چوقۇنۇش ئىنسانلارنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىنى شەكىللەندۈرۈشتە ئوخشاش رولغا ئىگە

بولۇپ، بىز ئالدىنقى بۆلەكلەردە بۇنىڭ ئادەم پسىخىكىسىدىكى كۈچ ۋە ھوقۇققا چوقۇنۇشنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەندۇق.

ئادەمنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى ۋە پسىخىكىسىغا ئاساس سالىدىغىنى ئائىلە بولۇپ، ئادەم ھەممە نەرسىنى بالىلىق چاغلىرىدا دادىسىدىن ۋە ئاپىسىدىن ئۆگىنىدۇ، بىر ئائىلىدە مۇتلەق ھوقۇق ۋە كۈچ بولۇپ، ئەڭ دەسلەپتە بالىغا تەسىر بېرىدىغىنى دادا بولۇپ، دادىنىڭ كۈچىگە ۋە ھوقۇقىغا ھەۋەس قىلىش بالىلاردىكى ھوقۇق ئىرادىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇڭا، بالىلارنىڭ ئېڭىدا شەكىللەنگەن ئەڭ زور كۈچ دادا بولۇپ، دادا يەنە بىر تەرەپتىن بالىنى تاپقۇچى، بالىلار دادام تاپمىغان بولسا مەن يوق ئىدىم دەپ ئويلايدۇ. دادا بالىلارنىڭ ئېڭىدا ئۇنى ياراتقۇچى، دادا بالىلارنى يارىتىشتا ئۆزىنىڭ جىنسىي ئەزاسىغا تايانغان.

دېمەك، ئەجدادقا چوقۇنۇش ئېتىقادى جىنسىي ئەزاغا چوقۇنۇشقا تەرەققىي قىلغان، جاھىلىيەت دەۋرىدە ئىنسانلاردىكى جىنسىي ئەزاغا چوقۇنۇش بارا ـ بارا تەرەققىي قىلىپ، كىشىنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدىغان ۋە قۇسقۇسىنى كەلتۈرىدىغان ھازىرقى زامان كىشىلىرى نەزىرىدە ئەڭ مەينەت قىلىقلار ھېسابلىنىدىغان شەھۋەت ئەسەبىيلىكى بىلەن تولغان ئادەتلەر بارلىققا كەلگەن، كىشىلەر جىنسىي ئىقتىدارنى ئەسەبىيلەرچە كۆككە كۆتۈرگەن.

دۇنيانىڭ يارىلىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلارنى كىشىلەر ھەرخىل چۈشەندۈرۈپ كەلدى، بىز دۇنيادىكى نۇرغۇن مىللەتلەر ئارىسىدا تارقالغان دۇنيانىڭ يارىتىلىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلەردىكى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئوخشاشلىقلارنى بايقايمىز. بۇ ئوخشاشلىقلار ئەڭ ئالدى بىلەن يەنىلا جىنسىي كۈچنى بىرخىل يارىتىش كۈچىدىن ئىبارەت دەپ قاراشتا ئىپادىلىنىدۇ. ھەرخىل ئەپسانىلاردا گەرچە دۇنيانى ياراتقۇچىلار ئايرىم ـ ئايرىم بولسىمۇ، ئۇ ئەپسانىلار تارقالغان مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، دىلى ۋە ئىرقى بىر ـ بىرىگە

ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن ئاشۇ بىرخىل ئوخشاشلىق ھەممىسىدە دېگۈدەك ساقلانغان.

بەزىلەر ئىنسانلارنىڭ كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئېڭىنى شەكىللەندۈرگەن پروتوتىپلار ھەققىدە توختۇلۇپ، ئىنسانلارنىڭ دۇنيادا ياشاش ئۇسۇلىنىڭ ئاساسى بولغان تەبىئەت دۇنياسى بىلەن مۇناسىۋەتلىشىشى ئوخشاش بولغاچقا، ئىنسانلارغا ئورتاق بولغان نۇرغۇن پروتوتىپلار بار. دېمەك، مۇشۇ پروتوتىپلارنىڭ ئوخشاشلىقى سەۋەبىدىن ئوخشىمىغان ئىرق ۋە مىللەتلەردە پەيدا بولغان ئەپسانىلاردا ئوخشاشلىقلار بار بولغان دەپ قارايدۇ.

پىسخىك ئانالىزچىلار بولسا دۇنيانىڭ يارىتىلىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلارنى روھىي كېسەللەرنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى بىلەن تەققاسلاش ئارقىلىق، ئۇنى يېشىشنىڭ يولىنى ئىزدىگەن ۋە ئەپسانىلارنى روھىي ھالەتنىڭ سىمۋوللۇق ھالدا ئىپادىلىنىشى ياكى سىرتقى دۇنياغا يۈكلىنىشى دەپ قارىغان.

بەزىلەر بولسا ئەپسانىلەر رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى دەپ قاراپ، قەدىمكى ئەپسانىلەرنىڭ يىلتىزىنى رېئاللىقتىن ئىزدەشكە تىرىشىدۇ.

مېنىڭچە دۇنيانىڭ يارىتىلىشى ھەققىدىكى ئەپسانىلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى جىنسىيەت ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىدىن كەلگەن، يارىتىلىش ئەپسانىلىرىنى جىنسىي مۇناسىۋەتنىڭ تەمسىللەشتۈرۈلۈپ ئىپادىلىنىشى دەپ قارىساق بولۇدۇ. ئىنسانلارنىڭ جىنسىيەتنى سىرلىق ھېس قىلىشى جىنسىيەتنى ئەپسانىلاشتۇرغان، يەنى جىنسىيەتنى بىرخىل ياراتقۇچ كۈچ دەپ قارىغان. ئىنسانلار دۇنيانىڭ يارىتىلىشىنىمۇ بىرخىل جىنسىي ھەرىكەت سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلغان، شۇڭا قەدىمكى ئەپسانىلەردىكى ھېكايىلارنىڭ ۋەقەلىكى بىرخىل جىنسىي مۇناسىۋەت جەريانىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

قەدىمكى ئەپسانىلاردىكى ئەڭ مۇھىم بىر ئوبراز ــ سۇ، نۇرغۇنلىغان ئەپسانىلاردا دۇنيانىڭ سۇ ئاستىدىن يارىتىلغانلىقى

ھېكايە قىلىنىدۇ، سۇ ناھايىتى ئېنىقكى جىنسىي ھەۋەس يۇقىرى پەللىرىگە چىققاندا، ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسىدىن ئاجرىلىپ چىققان سۇيۇقلۇقى بىلەن ئوخشاش.
مىسىر ئەپسانىلىرىدە ئېيتىلىشىچە، نۇن (Nun) بارلىق نەرسىلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى بولۇپ، ئۇ ئىلاھلارنىڭ ئاتىسى دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ بەزىدە بېلىگىچە سۇغا كىرىپ تۇرغان، ئىككى قولى بىلەن ئۆزى ياراتقان ئىلاھنى كۆتۈرۈپ تۇرغان ھالەتتە تەسۋىرلىنىدۇ.
قەدىمكى سومېرلىقلار كائىناتتا پەقەتلا ئەڭ ئىپتىدائىي مەۋجۇدات دېڭىز ئاپسۇ (Apsu) ـ ئوكيان تىئامات (Tiamat) بار ئىدى. ئۇ ئىككىسى قوشۇلۇپ شاۋقۇنلۇق دولقۇن موممۇ (Mummu) نى ياراتتى، ئاندىن قورقۇنچلۇق ئىككى يىلان لامىنمۇ (Lakhmu) بىلەن لاخامۇ (Lakhamu) نى ياراتتى، ئۇلار ئاندىن ئاسمان بىلەن زېمىننى يارىتىدۇ.
بۇ ئەپسانىدىكى جىنسىي مەزمۇن ناھايىتى ئېنىق، دېڭىزنىڭ دولقۇنلىشى ئاياللاردىكى جىنسىي قوزغىلىش بولۇپ، بۇنىڭ بىلەن ئەرلىك جىنسىي ئەزانىڭ سىمۋولى بولغان يىلاننىڭ بىرىكىشىدىن پۈتكۈل كائىنات شەكىللەنگەن، قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە پۈتكۈل كائىنات بىرخىل جىنسىي كۆچتىن ۋە بىر قېتىملىق جىنسىي ئالاقىدىن يارىتىلغان.
بىز مەيلى جۇغراپىيىۋى جەھەتتىن ياكى قانداشلىق جەھەتتىن بولسۇن، بىر ـ بىرى بىلەن ناھايىتى يىراق بولغان مىللەتلەرنىڭ ئەپسانىلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باقسىقمۇ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئوخشاش ئەھۋالنى بايقايمىز، يەنى ئۇلاردا دۇنيانىڭ يارىتىلىشى بىرخىل جىنسىي ھەرىكەت شەكلىدە بايان قىلىنغان.
بۇ ئەپسانىلار ئىچىدە سىمۋوللۇق مەنىسى ئەڭ ئېنىق بولغىنى ياپونلارنىڭ دۇنيانىڭ يارىتىلىشى ھەققىدىكى ئەپسانىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، ئەڭ دەسلەپتە كۆك

ساما ئۈچ ئىلاھنى شەكىللەندۈرگەن، ئۇلار ئۆزىدىن ئۆزى تۇغۇلغان، ئاندىن غايىپ بولغان. ئەڭ ئاخىرىدا ئىزاناگى (Izanagi) ۋە ئىزانامى پەيدا بولغان. ئۇلار تېنىمسىز ھەرىكەتلىنىپ تۇرغان زېمىننى (سۇ بىلەن قاپلانغان يەر، يەنى ئاسماننىڭ ئاستى، ئاسمان بىلەن سېلىشتۇرما قىلىپ زېمىن دەپ ئاتالغان بىلەن بىز ھازىر كۆرۈۋاتقاندەك تۇپراق ئەمەس.) توختىتىشىپ ئاۋاتلاشتۇرماقچى بولغان. ئۇلار ئاسماندىكى مۇئەللەق كۆۋرۈك (Ama no Hashidate) تە تۇرۇپ ئاسمان ئىلاھى ئاما (Ama) نىڭ ئۇزۇن نەيزىسى بىلەن دېڭىز سۈيىنى قوچىغان، ئۇلار نەيزىسىنى كۆتۈرگەندە، نەيزىنىڭ ئۇچىدىن تامغان تامچە ئۇيۇشۇپ، ئونوكورو (Ono koro) ئارىلىنى شەكىللەندۈرگەن، ئاندىن ئۇلار بىرلىشىپ، يەنە بىرمۇنچە ئاراللار ۋە دۆلەتلەرنى ياراتقان.

بۇ بايانلاردىكى تەسۋىر بىر قاراشتىلا جىنسىي ئالاقىنىڭ مەسەللەشتۈرۈلۈشىگە ئوخشايدۇ، دېڭىز ئاياللىق جىنسىي ھەۋەسنىڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىشى، نەيزە بولسا ئەرلىك جىنسىي ئەزا، ئۇنىڭدىن تامغان تامچە مەنىي بولۇپ، مەنىي سۇغا چۈشكەندىن كېيىن ئۇيۇپ زېمىنغا ئايلانغان.

بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان جىنسىي ئالاقە كائىناتنىڭ بىرخىل پەيدا بولۇش ھالىتى بولۇپ، بەزى جىنس دېسىلا ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت يادىغا يېتىپ كېسەللىك ھالىتىدىكى لەززەت ھېس قىلىدىغان بىرەر شەھۋەتپەرەس مەخلۇقنىڭ بۇنى خاتا چۈشىنىۋالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن.

شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئىندىئان قەبىلىلىرىدىن ئالگونكۇئىنلار (The Algonquins) يەر ئاندىن ئابىھايات ئايرىلىپ چىققىدۇ، ئابىھايات بولسا بارلىق جانلىقلارنىڭ مەنبەسى دەپ قارايدۇ. خۇددى ئىسلام دىنى ۋە خىرىستىئان دىنلىرىدىكىگە ئوخشاش ئۇلاردىمۇ يەرنىڭ توپان بالاسىدا غايىپ بولغانلىقى ۋە يەرنىڭ قايتىدىن سۇ ئاستىدىن يارىتىلغانلىقى ھەققىدە ئەپسانە بار.

ئۇنىڭدىن باشقا قەدىمكى ھىندىستاننىڭ مۇقەددەس كىتابى «ۋېدا» (Veda) دا دۇنيانىڭ يارىتىلىشى مۇنداق ھالەتتە تەسۋىرلەنگەن: ھاياتلىق ۋە غەيرى ھاياتلىقتىن ئاۋۋال كائىنات بىر زۇلمەتلىك ۋە غۇۋا بولغان سۇ دۇنياسى بولۇپ، ھاياتلىقنىڭ بىرلىككە كەلگەن بىر بېغى ئۆزلۈكىدىن ئېنېرگىيە تارقىتىپ، ئاندىن ھاياتلىققا ئايلانغان. بۇ يەردىكى ئېنېرگىيە (The tapas) بىرخىل ئىسسىقلىقتىن ئىبارەت بولۇپ، راھىبلارنىڭ ئىسسىققا چىداش ئارقىلىق ئۆز روھىنى تاۋلىشى دەل مانا شۇنىڭدىن كەلگەن.

قەدىمكى ھىندىستانلىقلارنىڭ كائىناتنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدىكى پىكىر قىلىش ئۇسۇلى مۇنداق: ئەڭ دەسلەپ جىنسىي ئىرادە جىنسىي ھالەتنى، جىنسىي ھالەت جىنسىي ئېنېرگىيىنى، جىنسىي ئېنېرگىيە بولسا روھنى، روھ ماددىنى شەكىللەندۈرگەن. ھىندىستاننىڭ بىر يۈرۈش سىستېمىلاشقان، بىراق ئادەمنى ئېزىتقۇ قەسىرىدەك گاڭگىرىتىدىغان ئەپسانىلار سىستېمىسىدا بىز ئۇلارنىڭ بۇ خىل پىكىر قىلىش ئۇسۇلىدىكى ئىزچىللىقنى بايقايمىز، دۇنيانىڭ يارىتىلىشى ھەممىسى ئالتۇن رەڭلىك تۇخۇم (hiranyagarbha) نىڭ ھەرخىل ئەپسانىلاردا مەنىسى ھەرخىل بولۇپ، ئۇ ئەڭ دەسلەپكى ئېپتىدائىي سۇدىن پەيدا بولغان. بۇ يەردە بىز ئارتۇقچە سۆزلەپ ئولتۇرمىساقمۇ، كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى تۇخۇم بىلەن سۇنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىلەلەيمىز.

ئەمدى بىز شىمالىي ياۋروپادىكى فىنو ــ ئوگرىلارنىڭ ئەپسانىلىرىغا قاراپ باقايلى:

فىنلاندىيىلىكلەرنىڭ ئېپوسى «كالېۋالا» (Kalevala) دا خاتىرىلىنىشىچە ياراتقۇچى ئىلاھە لوئونوتار (Luonnotar) تەنھالىق ۋە تۇغماسلىقتىن قاتتىق بىزار بولۇپ، ئاخىرىدا ئۆزىنى دېڭىز قوينىغا تاشلىغان. ئۇ ئايئاق دېڭىز دولقۇنلىرى ئۈستىدە سويلاپ، مەستخۇشلۇق ئىلكىدە لەيلەپ، يەتتە يۈز يىلنى

ئۆتكۈزگەن، لېكىن قۇرۇقلۇقنى تاپالمىغان. بىراق دېڭىز ئۇنى ئەۋلاد قالدۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە قىلغان. ئاخىرى بىر ئەركەك قۇش دېڭىز يۈزىدە ئۇۋىلايدىغان جاي ئىزدەپ ئۇچۇپ يۈرگەندە، لۇنونوتارنىڭ سۇدا لەيلەپ تۇرغان تىزلىرىنى كۆرۈپ، ئۈستىگە ئۇۋىلىغان، لوئونونوتارنىڭ پۇتلىرى كۆيگەندەك بولۇپ تارتىشى بىلەنلا ئۇۋىدىكى تۇخۇم چەكسىز ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەن، تۇخۇمنىڭ ئۈستى تەرىپى ئاسماننى، ئاستى تەرىپى زېمىننى شەكىللەندۈرگەن.

ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ ئەپسانىدىكى تەسۋىرلەر بەزى ئاياللاردا بولىدىغان جىنسىي ھەۋەسنىڭ يۇقىرى باسقۇچىدا كۆرۈلىدىغان خىيالىي تۇيغۇغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئاياللارنىڭ كۆپۈنچىسى جىنسىي ھەۋىسى يۇقىرى پەللىگە يەتكەندە ئۆزىنى لەيلەۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ، بەزى ئاياللاردا ئۆزى خۇددى ئېرىپ سۇغا ئايلىنىپ ئېقىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. ئەپسانىدىكى لوئونونوتارنىڭ تۇغماسلىقتىن بىزار بولۇشى ۋە ئەۋلاد قالدۇرۇش ئىقتىدارىنى ئارزۇ قىلىشى بىلەن باغلانغان دېڭىزنىڭ ئۇنى بۇ ئىقتىدارغا ئىگە قىلىشى بىزگە ناھايىتى ئېنىق ھالدا ئۇقتۇرىدۇكى: قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ ئېڭىدا ئاياللارنىڭ تۇغۇشى جىنسىي يۇقۇرى پەللە بىلەن مۇناسىۋەتلىك، دېڭىز دولقۇنى يەنى يۇقۇرى پەللە ئەۋلاد قالدۇرۇش ئىقتىدارىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇڭا، ئىلاھ يەتتە يۈز يىل ئىزدەش ئارقىلىق ئاخىرى كائىناتنى ياراتقان، بۇ ئىنتايىن تىپىك ھالدىكى ئەۋلاد قالدۇرۇش ھاياجىنى ئىلاھىي كۈچ قىلىپ كۆرسۈتۈلگەن ئەپسانىدۇر.

دېڭىز دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان مىللەتلەرنىڭ كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئېڭىدا ساقلانغان ئىنتايىن مۇھىم پروتوتىپ بولۇپ، ھەممىسىدە ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىنىدۇ، بەزى ئانتروپولوگىيە ئالىملىرى ھازىرقى ئىلىم - پەن نەتىجىلىرىگە ئاساسەن دۇنيادىكى ئەڭ دەسلەپكى جانلىق - تاق ھۈجەيرىلىك جانلىقنىڭ دېڭىزدا پەيدا بولۇشى بىلەن

جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي شەكىللەنگەنلىكىدىن ئىبارەت نەزەرىيىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ تۇرۇپ، ئىنسانلارنىڭ كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى سۇدىن ئىبارەت بۇ پروتوتىپنى جانلىقلاردىكى ئاشۇ ئەڭ دەسلەپكى تەجرىبىنىڭ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد خاتىرە ساقلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراشماقتا. ئىنسان ئېڭىنىڭ سۇدىن ئىبارەت ئوبرازغا بولغان سەزگۈرلۈكى مەيلى راستتىنلا جانلىقنىڭ دېڭىزدىن تۆرۈلۈپ تەرەققىي قىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسۇن، مەيلى ئۇ جىنسىي يۇقۇرى پەللىنى كۆرسەتسۇن، بىر نەرسە ناھايىتى ئېنىقكى، يارىلىش بىلەن سۇنى بىر ـ بىرىگە مەھكەم باغلىۋالغان. ئىلىم ـ پەننىڭ يېڭى ـ يېڭى نەتىجىلىرى ئۇلاردىكى بۇنداق تەسەۋۋۇرلارنىڭ ھەرگىزمۇ ئىنسانىيەتنىڭ گۇدەكلىك دەۋرىدىكى ساددا تەبىئەت چۈشەنچىسى ئەمەسلىكىنى بىزگە ھىس قىلدۇرماي قالمايدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەپسانىلىرىدىكى ياراتقۇچى ئىلاھ قاراخان تەڭرىمۇ دۇنيانى سۇ ئاستىدىن ياراتقان، بىراق ئوخشىمايدىغان بىر يېرى شۇكى، ئۇ ئاۋۋال ئادەمنى يارىتىپ، ئاندىن يەرنى ياراتقان. ئۇ ئادەمگە سۇ ئاستىدىن توپراق ئېلىپ چىقىشنى بۇيرىغان ۋە ئۇ ئېلىپ چىققان لايدىن زېمىننى ياراتماقچى بولغان، بىراق ئىنسان ئۆزىگە ئايرىم قۇرۇقلۇق ياسىۋېلىش ئۈچۈن ئازراق لاينى ئاغزىغا يوشۇرۇۋالغان، كېيىن ئاغزىغا سېلىۋالغان لاي كۆپۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ نەپسى قىيىنلاشقان، تەڭرى قاراخان ئۇنى قۇسۇشقا بۇيرىغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇسقان لاي تۆت تەرەپكە چېچىلىپ زېمىننى شەكىللەندۇرگەن. شۇڭا، زېمىن ئېگىز ـ پەس بولۇپ قالغان، قاراخان تەڭرى قاتتىق غەزەبلىنىپ، ئىنساننى نۇرلۇق دۇنيا (بەلكىم جەننەت)دىن ھەيدەپ چىقارغان.

بۇ ئەپسانە بىزنىڭ ئېسىمىزگە دەرھاللا «ئوغۇزنامە» ئېپوسىنى سالىدۇ، بىز ئالدىنقى بابتا «ئوغۇزنامە» ئېپوسىدىكى يارىتىش ۋە ھوقۇق ئىرادىسى ھەققىدە سۆزلىگەنىدۇق. بۇ ئەپسانىدىكى تەڭرى

بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتى «ئوغۇزنامە»دىكى كۆك بىلەن ئوغۇزخاننىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ، ئەپسانىدە ئىنساننىڭ بىرخىل يارىتىش كۈچىنى يەنى جىنسىي كۈچىنى تەڭرى بىلەن تالاشقانلىقى بايان قىلىنغان، بۇ ئوغۇزخاننىڭ ئەرلىك ئىرادىسىنىڭ ئىپادىلىنىشى بىلەن ئوخشاش.

تەڭرى قاراخان ئەرلىك جىنسىتىكى كۆك ئاسمان بولۇپ، ئەپسانىدىكى ئادەم ئۇنىڭ ۋەكىلى. بىراق، بۇ ئادەم تەڭرىدىن يارىتىش كۈچىنى - يەنى ئەرلىكنى تالىشىدۇ، بۇ ئەرلىك ھەم جىنسىي ئىقتىدار ھەم ئىگىلىۋېلىشتىن ئىبارەت زورلۇق كۈچ بولۇپ، ئىپتىدائىي گۇناھ تۇيغۇسى سەۋەبىدىن ئادەم ئۆزىدىكى بۇ خىل يارىتىش ھەۋىسىنى يوشۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. دەسلەپكى ياراتقۇچى بولغان تەڭرى يەنى دادا بالىدىكى يارىتىش ھەۋىسىدىن خاپا بولۇپ، بالىنى جازالايدۇ. يەنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بالا خۇددى ئۇيغۇرلاردەك مەڭگۈلۈك روھىي سەرگەردانلارغا ئايلىنىدۇ.

بۇ ئەپسانە ھەرقانداق بىر ئادەمگە قۇسۇش ئالدىدىكى سىقىلىش تۇيغۇسىنى بېرىدۇ، بۇ كۆپۈش ئەرلىك جىنسىي ئەزانىڭ كۆپۈشى بىلەن ئوخشاش، ئادەمنىڭ جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىلىشى بولسا جىنسىي ئالاقىدىن كېيىن زەكەرنىڭ ئايالىق جىنسىي يولدىن يېنىپ چىقىشى بولۇپ، بۇ يەردىكى قۋاسقاندىن كېيىنكى تۇيغۇ كىشىگە جىنسىي ھاياجاندىن مەھرۇم بولغان ھالەتنى ئەسلىتىدۇ. بۇ ئەپسانىدىكى ئادەم ھەم ئىنسانغا ئوخشايدۇ، ھەم جىنسىي ئەزاغا ئوخشايدۇ. ئەمەلىيەتتە قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ نەزىرىدە ياراتقۇچىغا ئايلىنىش ئىستىكى دەل جىنسىي ئەزاغا ئايلىنىش ئىستىكىدىن ئىبارەت، ئۇيغۇرلارنىڭ بەزى تىل ئادەتلىرىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى بۇ خاھىشىنى ھېس قىلالايمىز. مەسىلەن، كىشىلەر كىچىك بالىنى ئەركىلەتسە، «كاكا» دەپ ئەركىلىتىلىدۇ، يەنى بالىنى جىنسىي ئەزانىڭ نامى بىلەن ئاتايدۇ.

بۇ باللارنى ئەركىلىتىشنىڭ بىرخىل ئۇسۇلى بولۇپ، كىشىلەردىكى باللار ئۆزلىرىنى جىنسىي ئەزاسىدەك ھېس قىلىسا شادلىنىدۇ دەپ قاراشنىڭ مەھسۇلى.

بۇ ئەپسانىدە ھەممىدىن ئادەمنى گاڭگىرىتىدىغان نەرسە شۇكى، كېيىن قاراخان تەڭرى يەنە ئادەم يارىتىدۇ، بۇ بايان بىزگە ئۇ دەسلەپ سۇ ئاستىدىن لاي ئېلىپ چىقمىشقا بۇيرىغان، ئىنسان زادى ئىنسانمۇ ئەمەسمۇ؟ ئەگەر ئۇ ئىنسان بولسا قاراخاننىڭ بۇ يەردە ئادەمنى ياراتقانلىقى نېمە ئۈچۈن قايتىدىن بايان قىلىنىدۇ؟ مانا بۇ سوئال بىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئادەمنىڭ ئەرلىك جىنسىي ئەزا بولۇشى مۇمكىنلىكى ھەققىدىكى پەرىزىمىزنى مەلۇم ئاساسلار بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئۇنداقتا، ئۇ كېيىن قانداق بولۇپ ئىنسان بىلەن ئالماشتۇرۇپ قويۇلدى؟ چۈنكى ئاشۇ ئەپسانە كىشىلەر ئارىسىدا تارقىلىش جەريانىدا كىشىلەرنىڭ ياراتقۇچىغا ئايلىنىش ئارزۇسى سەۋەبىدىن ھەربىر ئادەمنىڭ ئاغزىدا ئۇنىڭ ئارزۇسىغا بويسۇنغان ھالدا ئۆزگەرتىلىپ، شۇنداق بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق ئۆزگەرتىش ئەپسانىنىڭ ئىگىسى بولغان كىشىلەر ئارىسىدا ئوخشاش تەسىر پەيدا قىلغاچقا، ئەپسانە پەيدا قىلغان روھىي ھاياجان ئوخشاش بىر سەزگۈرلۈك سەۋەبىدىن قوزغالغان بولغاچقا، دەرھال كىشىلەرگە ئۆزلۈشۈپ تارقالغان بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئاشۇ كىشىلەردىكى ئورتاق خاھىشنى ئىپادىلىگەن بولمىسا، كىشىلەر ئارىسىدا ئۇنداق بايان خاتالىقىغا يول قويغان ھالدا تارقالمىغان بولاتتى. دېمەك، بۇ خاتالىقنى ھەممە ئادەم توغرا دەپ قوبۇل قىلغان، تەڭرىنىڭ ئادەمنى يارىتىشىدىن بۇرۇن ئادەمنىڭ يار بولۇشى كىشىنى گاڭگىرىتىدۇ. قەدىمكى كىشىلەر بولسا بۇ يەردىكى خاتالىققا پىسەنت قىلمىغان، چۈنكى بۇ خاتالىق دەل ئۇلارنىڭ ئارزۇسى ئىدى.

كارل ياڭ: «بىرخىل پروتوتىپ مۇھىتى ھازىرلانغاندا، بىز تۇيۇقسىز غەلىتە بىر خىل ئازاتلىق ھېس قىلىمىز، توسۇۋالغىلى بولمايدىغان بىر كۈچ بىزنى ئەسىر قىلىدۇ، بۇ ۋاقىتتا بىز بىر

شەخس ئەمەس، بەلكى بىر ئىرق، بىر مىللەت ياكى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئايلىنىمىز.»»، «كىمىكى ئىپتىدائىي ئوبرازلار ئارقىلىق سۆزلىسە، مىڭلىغان ئاۋاز بىلەن سۆزلىگەن بولۇدۇ» دېگەنىدى. شۇڭا قەدىمكى ئەپسانىلاردىكى خاھىش ۋە كىشىلەردە ئالاھىدە سەزگۈ پەيدا قىلىدىغان بەزى ئوبرازلاردا ئىپادىلەنگىنى ھەرگىزمۇ شەخسنىڭ خاھىشى ئەمەس، بەلكى پۈتۈن مىللەتنىڭ خاھىشى. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن بىز مەيلى قەدىمكى يارىلىش ئەپسانىسى بولسۇن، مەيلى «ئوغۇزنامە» ئېپوسى بولسۇن ياكى كېيىنكى دەۋرلەردىكى كىشىلىرىمىزدىكى مىللىي خاراكتېر ۋە پسىخىكا بولسۇن ياكى مىللىتىمىزنىڭ تارىخىي كەچۈرمىشلىرى بولغان ھەممە جايدا كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئاڭدىكى ئىپتىدائىي پروتوتىپلارنىڭ ئوينىغان رولىنى بايقايمىز. خۇددى نېچچى (Fkedrich Nietzsche) ئېيتقاندەك، بىز تارىخنىڭ مەڭگۈلۈك سانساراسى ئىچىدە ئايلىنىپ، تارىختىكى سانسىزلىغان تەكرارلىنىشلار ئىلكىدىن قۇتۇلۇپ چىقالمايمىز. بۇ دەل بىزنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىمىز ۋە مىللىي پسىخىكىمىزنى شەكىللەندۈرگەن ئىپتىدائىي ئىماگلار ۋە تەجرىبىلەر تۈرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

بىز قەدىمكى ئەپسانىلار بىلەن بەزى تارىخىي ۋەقەلەرنى سېلىشتۇرۇپ باقىدىغان بولساق، ئاجايىپ ئوخشاشلىقنى بايقايمىز: ئالدىنقى بابتا بىز «ئوغۇزنامە» نى تەھلىل قىلغاندا ئوغۇزخاننىڭ كۆك تەڭرى، دادا ۋە ھوقۇق قاتارلىقلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختۇلۇپ ئوغۇزخاندىكى ئىگىلىۋېلىش ئىستىكى بىلەن دادىغا ئايلىنىش ئىستىكى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ھەققىدە توختالغانىدۇق. دەل شۇنىڭغا ئوخشاش قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيانىڭ يارىتىلىشى قىسسىسى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى تارىخىي سەھنىسىدە ئوينىغان روللىرى «ئوغۇزنامە»دىكى تۈپكى خاھىش بىلەن ئاجايىپ ئوخشايدۇ.

ئەگەر بىز جەمىيەتتە قويۇپ تۇرۇپ ئېيتساق، ئۇ ھالدا قەدىمكى

ئەپسانىلاردىكى تېما ھوقۇق ئىرادىسى بولۇدۇ، ئەگەر بىز ئادەمنى ئائىلىدە قويۇپ تۇرۇپ ئېيتساق، ئۇ ھالدا ئەپسانىلاردىكى تېما دادىللىق ئىمتىيازى بولۇدۇ، ئەگەر بىز ئادەمنى مىللەت ئورنىدا قويۇپ تۇرۇپ كۆزەتسەك، ئۇ ھالدا ئەپسانىلاردىكى تېما مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇق مەسىلىسى بولۇدۇ. ئەگەر بىز ئادەمنى دىن ئورنىدا تۇرۇپ كۆزەتسەك، ئۇ چاغدا ئەپسانىلەرنىڭ تېمىسى ياراتقۇچىنىڭ يارىتىش كۈچى ھەققىدە بولۇدۇ. ئەگەر بىز ئادەمنىڭ تېنىگە قويۇپ تۇرۇپ كۆزەتسەك، ئۇ ھالدا ئەپسانىلاردىكىسى جىنسىيەت تېمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ چىقىدۇ. دېمەك، ئەپسانىلاردىكى ياراتقۇچى ئائىلىدە دادىنى، جەمىيەتتە ھوقۇقنى ئىنسان تېنىدە جىنسىي ئەزانى ئىپادىلەيدۇ.

‹‹ئوغۇزنامە›› دە ئوغۇزخان كۆككە چوقۇنىدۇ، ئاندىن يەنە كۆككە ئوق ئاتىدۇ ۋە ئاخىردا كۆككە (تەڭرىگە) ئايلىنىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. قەدىمكى يارىلىش ئەپسانىسىدىمۇ ئىنسان تەڭرى قاراخانىنىڭ سۆزىگە بويسۇنىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭدىن ھوقۇق تالىشىدۇ (سۇ ئاستىدىن ئالغان لاينى تىقىۋېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن تەڭرىدەك دۇنيانى ياراتماقچى بولۇدۇ) ئاخىردا دۇنيانى قۇسۇپ چىقىرىپ (يارىتىپ) تەڭرىگە ئايلىنىدۇ، دەل شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇيغۇر تارىخىدا ئۇيغۇرلار قاراخان تەڭرىگە چوقۇنىدۇ، كېيىن ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ. يەنى بۇددا دىنىنى قوبۇل قىلىپ، قاراخان تەڭرىنىڭ ئىمتىيازىنى يوق قىلىدۇ. ئاخىردا قاراخانىلار سۇلالىسىغا كەلگەندە بولسا، ئۆزلىرىگە ‹‹قاراخان›› دەپ ئات قويۇپ، قاراخانىنىڭ ئۆزىگە ئايلىنىدۇ. كېيىنكى دەۋرلەردە ياشىغان جاھالەتپەرەس ئىشانلارمۇ دەسلەپ ئاللاغا قاتتىق ئېتىقاد قىلىدىغانلىقلىرىنى ئىپادىلەشكەن، كېيىن ئۆزلىرىنىڭ سۆزلىرىنى ئاللاھنىڭ سۆزلىرى ئورنىغا دەسسىتىشكە تىرىشقان، ئاخىردا سىياسىي سەھنىلەردە ھوقۇق ئىگىلەپ، ئۆزلىرىنى خۇدا قىلىۋالغان. مەسىلەن، خوجا ئىسھاق ۋەلىگە قول بەرگەنلەر بىلەن خوجا ئىمام كالانغا قول بەرگەنلەر بىر - بىرىنى دىنسىز، كاپىر دەپ

ئەيىبلەشتى. دېمەك، ئۆلارنىڭ نەزىرىدە بىر ئادەمنىڭ ئىمانى بار ـ يوقلۇقى ئۇنىڭ ئاللاھقا ۋە روسۇلىللاھغا بولغان ئېتىقادى بىلەن ئۆلچەنمەستىن، بەلكى قايسى پىرغا قول بەرگەنلىكى بىلەن ئۆلچەندى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ سوپىلار ئۆزلىرىنى ئاللاھ دەپ ئاتاشتى، موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ھەمىدى» ناملىق كىتابىدا ئېيتىلىشىچە، ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى ئىشان مۇرىتلىرى ئۆز پىرلىرىنى «ئاللاھ غوجام» دەپ ئاتايدىغان بولغان.

دېمەك، قەدىمكى ئەپسانىلار تا ھازىرغىچە كىشىلەرنى كونترول قىلىپ كەلمەكتە.

## پايدىلانغان مەنبەلەر


1. «جىنسىيەت ۋە جىنسىي چوقۇنۇش» A.O. ۋال (ئامېرىكا)

جۇڭگو ئەدەبىيات ــ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى نەشرىياتى، 8891ـ يىل خەنزۇچە نەشرى

2. «جىنسىي ئەركىنلىككە تەنقىد» ليۇدالىن

جياڭشى خەلق نەشرىياتى، 8891ـ يىل خەنزۇچە نەشرى

3. «دىنىي تۇرمۇش ھەققىدە» فرېدىرىخ.ج. ستايلۇن (ئامېرىكا)

بۇگۇنكى جۇڭگو نەشرىياتىنىڭ 2991ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.

4. «دىن ئانتروپولوگىيىسى» ب. مورىس (ئەنگلىيە)

بۇگۇنكى جۇڭگو نەشرىياتىنىڭ 2991ـ يىل خەنزۇچە نەشرى

5. «جىنسىيەت ئېتىكىسى» ۋاڭ دوڭفېڭ، لىن شياۋجاڭلار تەرجىمە قىلىپ تۈزگەن يېزىلار ئوقۇشلۇقى نەشرىياتىنىڭ 9891ـ يىل خەنزۇچە نەشرى

6. «خىلمۇ خىل پېرىخۇنلۇق» تېرىگورىيانىك (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى) شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 2991ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.

7. «ئەپسانە» K.K. روسۋىن (ئامېرىكا)

بېييۆ ئەدەبىيات ــ سەنئەت نەشرىياتى 9891ـ يىل خەنزۇچە نەشرى

8. «سىرلىقچىلىق، پېرىخونلۇق ۋە مەدەنىيەت پوسۇنى» مرسىيا ئېلىئادې (ئامېرىكا) نۇر گېزىتى نەشرىياتى 0991ـ يىل خەنزۇچە نەشرى

9. «جىسنىي چوقۇنۇش» خاري كاتېنرى (ئەنگلىيە)

خۇنەن ئەدەبىيات سەنئەت نەشرىياتى 8891ـ يىل خەنزۇچە نەشرى

01. «جىنسىي بىنورماللىق ۋە جىنايەت» پاڭ شىنخۇا
ساقچى ئوفىتسىلار مائارىپ نەشرىياتى 3991- يىل خەنزۇچە نەشرى
11. «مۇھەببەت پسىخولوگىيىسى» سىگموند فرېئود (ئاۋستىرىيە)
يازغۇچىلار نەشرىياتى 8891- يىل خەنزۇچە نەشرى
21. «جىنسىيەت ۋە نىكاھتىكى توقۇنۇش» داجىنجىڭ (ياپونىيەت)
جىلىن خەلق نەشرىياتى 8891- يىلى خەنزۇچە نەشرى
31. «مۇھەببەت پسىخولوگىيىسى» بەيشى خاۋيى (ياپونىيە)
جۇڭگو ئاياللار نەشرىياتى 6891- يىلى نەشرى، خەنزۇچە
41. «ياڭ پەلسەپەسىگە مۇقەددىمە» C.S. خال، JV نوردباي (ئامېرىكا)
ئۈچ بىرلەشمە كىتابخانىسىنىڭ 7891- يىل خەنزۇچە نەشرى
51. «فرانسىيىدىكى كېيىنكى فرېئۇدىزم» N.G بوپۇۋا (رۇسىيە)
شەرق نەشرىياتى 8891- يىل خەنزۇچە نەشرى
61. «بىنورمال پسىخىكا ۋە قانۇنسىز قىلمىش» جىاڭ جېنپېي، لىن جىنشىياڭ
لار تۈزگەن.
فۇجىنە ئىلىم - پەن نەشرىياتى 8891- يىل خەنزۇچە نەشرى
71. «بىنورمال پسىخىكا» شاۋلېي
جۇڭگو نوپۇس نەشرىياتى 7991- يىلى خەنزۇچە نەشرى
81. «ئىنسانىيەت جىنسىيەت تارىخى» تامناخىل (ئامېرىكا)
يۈننەن خەلق نەشرىياتى 8991- يىل خەنزۇچە نەشرى.
91. «پسىخىك بىنورماللىق ۋە روھىي گۇمرانلىق» مۇسۇن جۇن (ياپونىيە)
شاڭخەي خەلق نەشرىياتى 1991- يىل خەنزۇچە نەشرى
02. «پسىخىك ساغلاملىقنىڭ يەتتە خىل يولى» ف. برونو (ئامېرىكا)
شاڭخەي مەدەنىيەت نەشرىياتى 8891- يىل خەنزۇچە نەشرى
12. «ئادەم ۋە سىمۋول»، كارىل ياڭ (شۋېتسارىيە)
خۇبېي خەلق نەشرىياتى، 9891- يىل خەزنۇ نەشرى
22. «جىنسىيەت ئىلمى 99» ليۇ جىجوڭ، شىبىن جيەنخۇا
جۇڭگو رادىيو ــ تېلېۋىزىيە نەشرىياتى 8891- يىل خەنزۇچە نەشرى
32. «قىياتاش رەسىملىرى ۋە جىنسىي پېرىخونلۇق» خۇشاۋخۇي
شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو سۈرەت نەشرىياتى 3991- يىل خەنزۇچە نەشرى

42. پىرىخونىلوۋق ۋە دىن» كىرىستىنا رانا (سكوتلاند)
بۇگۇنكى جۇڭگو نەشرىياتى . 1991 ـ يىل خەنزۇچە نەشرى
52. «ئىنسانىنىڭ ئىرا يارىتىشى» جاك مىڭگۇ
سىچۇەنە خەلق نەشرىياتى 7891ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى
62. «ئىككى جىنسنىڭ توقۇۇشى» يوسىپ، مايبوك (ئەنگلىيە)
شاڭخەي مەدەنىيەت نەشرىياتى 8891ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى
72. جۇڭگو روھىي كېسەللىكەر مىساللىرى» ياڭ دېس، ۋاڭ شىياۋپىڭ قاتارلىقلار تۈزگەن.
خۇنەن پەن ــ تېخنىكا نەشرىياتى، 9991ـ يىل خەنزۇچە نەشرى
82. مەڭگۈلۈك هايات ئېتىقادى ۋە ئۆلگۈچىگەچوقۇنۇش» فىرازېر (ئەنگلىيە)
جۇڭگو ئەدەبىيات ــ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى نەشرىيات شىركىتى 2991ـ يىل خەنزۇچە نەشرى
92. «ئۆزىنى كەمسىتىش ۋە هالقىش» ئا ئادلېر (ئاۋىستىرىيە)
يازغۇچىلار نەشرىياتى 8891ـ يىل خەنزۇچە نەشرى
03. «روھنى ئىزدەۋاتقان راماشوي ئادەم» كارىل باڭ (شىۋىتسىيە)
گۈيجۇ خەلق نەشريىا، 7891ـ يىل خەنزۇچە نەشرى
13. «جىنسىيەت پسىخولوگىيىسى» خاۋبلوك، ئېلىلىس (ئەنگلىيە)
ئۈچ بىرلەشمە كىتابخانىسى 7891ـ يىل خەنزۇچە نەشرى
23. «ياۋرۇپا روھىي كېسەللىكلەر ئىلمىدىكى كىلاسسىك ئەسەرلەردىن تاللانما»
ستېۋىن ھىرسچ، مىچېل شېپېرد تۈزگەن.
خۇنەن تىببىي ئىنىستىتۇي، 3891ـ يىل نەشرى.
33. فرېئۇد ئىددىيىسىنىڭ تۆھپىلىرى ۋە چەكلىمىلىرى» فىروم (ئامېرىكا)
خۇنەن خەلق نەشرىياتى، 6891ـ يىل خەنزۇچە نەشرى
43. ئۆز ئىكزىنىڭ جان تالىشىشى» خۇرنې (ئامېرىكا)
جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات ــ سەنئىتى نەشرىياتى . 6891ـ يىلى خەنزۇچە نەشرى
53. «پسىخك ئانالىزغا مۇقەددىمە» فرېئود (ئاۋىستىرىيە)
سودا كىتا باسمىخانىسى 6891ـ يىل خەنزۇچە نەشرى
63. «روھىي ئانالىزغا مۇقەددىمە (يېڭى)» فرېئۇد (ئاۋىستىرىيە)
سودا كىتاب باسمىخانىسى 7891ـ يىل خەنزۇچەنەشرى

73. «كىنىسى دوكلادى» كىنبى (ئامېرىكا)
نۇر گېزىتى نەشرىياتى، 9891ـ يىل خەنزۇچە نەشرى
83. «ياۋايىلارنىڭ جىنسىي تۇرمۇشى» مالىنوۋسكي (ئەنگلىيە) ئىتتىپاق
نەشرىياتى. 9891ـ يىل خەنزۇچە نەشرى.